# ئۇيغۇر

# رومانچىلىقى توغرىسىدا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر رومانچىلىقى توغرىسىدا

مەسئۇل مۇھەررىرى: ماخمۇتجان ئىسلام

•

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا، №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
غۇلجا ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 1092×787مم 32 كەسلەم باسما تاۋىقى: 11
1987-يىل 1-ئاي 1-نەشرى
1987-يىل 8-ئاي 1-بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى M10098·1162
تىرازى: 1 — 2.300
باھاسى: 0.85 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ئەسىرلەردىن بۇيان شېئىرىيەت ساھەسىدىكى مول نەتى-
جىلىرى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
يېقىنقى يىللار ئىچىدە رومانچىلىققا قەدەم قويۇپ، دەسلەپكى
نەتىجىلىرى بىلەن كۆڭۈللەرگە زوق بېغىشلاپ، ئۆزىنىڭ ياش
ۋە بىخ ھالىتىدە ئىكەنلىكىگە قارىماي ناھايىتى زور ھاياتىي
كۈچكە، پارلاق ۋە گۈزەل ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايا-
يەن قىلدى. ھازىر بىز كۆرۈپ تۇرغان رومانلار خەلقىمىزنىڭ
ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تۇرمۇش، كۈرەشلىرىنى
بىر قەدەر چىن يورۇتۇپ بېرەلىدى. بۇ رومانلار باش تېما،
خاھىش ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە، ئاساسەن، مۇۋەپپەقىيەت-
لىك چىققان. لېكىن بىزنىڭ رومانچىلىقىمىز بىر يېڭى شەيئى،
يۇمران كۆچەت، سەبى بالا. شۇڭا ئۇنىڭ بەزى نۇقسانلىرىمۇ
خېلى گەۋدىلىك. رومانچىلىقىمىز رومان ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە سىر
بولۇپ كەلگەن بىر مۇنچە بەدىئىي ھەقىقەتلىرى بىلەن تولۇق
ئۇچراشقىنى يوق. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش، ئىچ
كى دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىش، 80- يىللاردىكى كىشىلەرنىڭ
ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى يورۇتۇش، مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدى-
لەندۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەردە تېخى خاملىق بار. يوقىرىقىدەك
يېتەرسىزلىكلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، رومانچىلىقىمىزنىڭ تەجرى-
بە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش، رومانچىلىقىمىزنى تېزدىن گۈللە-
نىشىنىڭ توغرا يولىغا سېلىش مەقسىتىدە، شىنجاڭ خەلق نەشرى-

ياتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، شىن-
جاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى بىرلىكتە 1986- يىلى 5-
ئايدا رومان ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى.
يىغىن قاتناشچىلىرى ئۇيغۇر رومانچىلىقى ھەققىدىكى پىكىر-
لىرىنى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى، رومان-
لىرىمىزنى بىر قۇر باھالاپ چىقتى. بىز شۇ يىغىن ماقالىلىرى-
دىن بىر قىسمىنى تاللاپ بۇ توپلامنى تۈزدۇق. ماقالىلاردا
ئىپادىلەنگەن كۆز قاراش، رومانلارغا بېرىلگەن باھا ئوخشاش
ئەمەس، ماقالىلارنىڭ سەۋىيەسىمۇ ھەر خىل، بۇ نورمال ھادىسە.
بىز ماقالىلارنى تەھرىرلەشتە ئاپتورنىڭ كۆز قارىشىغا تەگمى-
دۇق. بۇنداق قىلىش ئوبزور ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش-
قا، كەڭ كىتابخانلارنىڭ رومانلار ئۈستىدە ئەركىن مۇلاھىزە
يۈرگۈزۈشى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا رومانلارغا ئادىل باھا بېرىلىشىگە
پايدىلىق. بىز بارلىق كىتابخانلىرىمىزنىڭ، ئوبزورچىلىرىمىز-
نىڭ ئوبزورچىلىقنى ھەقىقىي تۈردە جانلاندۇرۇپ، ئەدەبىيا-
تىمىزنى بولۇپمۇ يېقىندىن بارلىققا كەلگەن رومانچىلىقىمىزنى
گۈللەندۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## مۇندەرىجە


دەۋرىمىزنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى.........م. زۇنۇن 1

يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىش — رومانچىلىقىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى..........م. پولات 10

تارىخ، تارىخىي رومان ۋە رېئاللىق.....ئا. ئىسمائىل 41

«ئىزدىنىش» رومانى ئۈستىدە ئىزلىنىش...س. روزى 89

رومان ئىجادىيىتىدە ئىلمىيلىققا دىققەت قىلىش توغرىسىدا ........غ. يۇنۇس 108

تىپىك خاراكتېر يارىتىش — رومان ئىجادىيىتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە ........ئە. ئابدۇرېھىم 123

رومانچىلىقىمىزنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم ........م. ئىسلام 156

روماندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىدىن توغرا پايدىلىنىش ھەققىدە ........ت. زېيدىن 183

«ئىزدىنىش» تىكى گۈزەلئاي ئوبرازى ھەققىدە ........ن. زامان 203

يېڭى زامان ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە........ئا. كېرىم 215

رومان ئىجادىيىتىدە سەلبىي ئوبراز يارىتىش مەسى-

لىمىدە ھېس قىلغانلىرىم..........م. تۇرسۇن 238
«ئىز» رومانىدىكى تۆمۈر خەلپە ئوبرازى توغرىسىدا
..........................................خ. ئابدۇللا 253
«ئىزدىنىش» ۋە «ئىز» رومانلىرىدىكى ئۈچ مۇھىم
تەركىب توغرىسىدا.................................ئە. نىزامى 262
«ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ھەققىدە......ق. تاھىجان 289
«ئىز» ھەققىدە .........................ئى. تۆمۈرى 303
ياخشى يېزىلغان رومان «ئىزدىنىش» توغرىسىدا
.......................................... ۋۇيې 330

# دەۋر روھىنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى

مەھەممەت زۇنۇن

ئەدەبىي ئەسەردە دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش — رېئالىزمنىڭ ئەدەبىي ئىپادىسىگە بولغان تۈپ تەلىپىنىڭ بىرى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. ئەدەبىي ئەسەردە دەۋر روھىنىڭ قانداق ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىش — ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مېنىڭچە «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ دەۋر روھىنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى سۈپىتىدە، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىسىدا يېڭى بىر بۆسۈش پەيدا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت.

«ئىزدىنىش» رومانىنىڭ دەۋر روھىنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى بولالىغانلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا كەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، «ئىزدىنىش» رومانىدا ئاپتور دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيىمىز تارىخىدا سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇميۈزلۈك باشلانغان ئون يىل، دەپ ئاتالغان تارىخىي باسقۇچتىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدە قىياپىتى، ئالاھىدە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر، ئالاھىدە ئىدىيەۋى ھېسسىياتلارنى تۇرمۇش گۈزەللىكى بويىچە ئەينەن تەسۋىرلەش

ئارقىلىق، ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئەگرى-توقايلىقلاردا دۈچ كەلگەن قايغۇ-ئەلەملىك كۈنلەردىمۇ ئىپادىلىگەن داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىش روھىنى، قەيسەر ئىرادىسىنى مەدھىيىلەپ، شۇ ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچتىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى، دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى توغرا كۆرسىتىپ بەردى.

دەۋر روھى دېگەن بۇ ئۇقۇم كونكرېت، باي مەزمۇنغا ئىگە. دەۋر روھى دېگەندىكى «دەۋر» پەقەت ھازىرقى زامانغىلا قارىتىلغان ئەمەس، ئۇ ھەر قانداق دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەۋر روھى دېگىنىمىزمۇ مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرنىڭ بىرلا تەرىپىگە قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرنىڭ تاشقى قىياپىتى (شارائىت، كەيپىيات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن ئىچكى خۇسۇسىيىتى (ئىدىيىۋى ئاڭ، روھىي كەيپىيات، ئىستېتىك زوق ۋە ئىستېتىك غايە قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ ئەدەبىي ئەسەردىكى مەركەزلىك ئىپادىسى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يېڭى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەردىلا ئەمەس، تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەردىمۇ دەۋر روھى ئەكس ئېتىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى لازىم.

ئەدەبىيات-دەۋر تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلى، ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەردە دەۋر روھى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە تۇرمۇشنى چوڭقۇر تونۇش ۋە كۆزىتىش ئاساسىدا بىر پۈتۈن دەۋرنى شەكىللەندۈرگەن ھەر بىر تارىخىي باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت.

«ئىزدىنىش» رومانىدا ئىلىمىزدە سوتسىيالىزىم

قوزغۇش ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان تارىخىي باسقۇچنىڭ ئالاھىـ دىلىكى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ تارىخىي باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇددى يولداش دىڭ شاۋپىڭ ئېيتقاندەك: «ئىشلىرىمىز ئومۇمەن ياخشى بولغان، ئاساسىي جەھەتتىن ساغلام راۋاجلانغان، لېكىن ئەگرى-توقايلىقلار بولغان، خاتالىق سادىر بولغان» يىللار ئىدى. بۇ تارىخىي باسقۇچتا ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ تۇرمۇشىغا، ئۆگىنىشىگە، شەخسىي مۇھەببىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسـ ىتىۋاتقان زىددىيەت پارتىيىمىزنىڭ 8-قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇش فاڭجېنىنى بىلەن «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» تىن ئىبارەت سولچىل پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. بۇ خىل زىددىيەت بارغانسىرى كەسكىنلىشىپ، سولچىل پىكىر ئېقىمى داۋاملىق ئەۋج ئېلىۋاتقانىدى. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى پېرسوناژلار ئەنە شۇنداق خۇشاللىق بىلەن قايغۇ-ئەلەم ئىرىلىشىپ كەتكەن ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا خىلمۇ خىل، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە بىرخىل تەقدىرگە يولۇقىدۇ.

يازغۇچى زوردۇن سابىر «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسىدە كەنجىنىڭ كىچىككىنە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق، تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ ياشلارنى مەنىۋى جەھەتتىن زەھەرلەپ، ئۇلارنى ئىنتايىن نادان، ھەتتا ئۆزىنىڭ دىلىدىكى ئەنەنىسىنىمۇ ئۇنۇتقان تىرىك بۇتقا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى پاش قىلىپ، ياشلارنى قۇتقۇـ

زۆشتىن ئىبارەت موھىم ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، «ئىزدىنىش» رومانىدا سوتسىيالىزىم قۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان تارىخىي باسقۇچتىكى ئالاھىدە زىددىيەتنى ۋە بۇ زىددىيەت ئىچىدىكى ياشلارنىڭ ھايات تەقدىرىنى، ئوخشىمىغان خاراكتېرىنى يېزىپ، شۇ تارىخىي باسقۇچتىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى نەسلەپ ۋە تەھلىل قىلىپ، سولچىل ئىدىيەۋى ئېقىمىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر پاش قىلىپ ۋە ئۇنىڭ كاساپىتىدىن پەيدا بولغان ئەگرى-توقايلىقلارغا خاتىمە بېرىپ، ئىلىم-پەننى ئىگىلەپ جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش يولىدا داۋاملىق ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە مۇقەررەرلىكىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا «ئىزدىنىش» رومانى دەۋر روھىنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى بولۇپ، ھەرمىللەت ياشلىرى قەلبىدە ئاجايىپ ھالەت قوزغىدى.

ئىككىنچى، ئاپتور «ئىزدىنىش» رومانىدا روشەن خاراكتېرگە ئىگە بىر قانچە پېرسوناژ ئوبرازىنى ئۇتۇقلۇق يارىتىش ئارقىلىق دەۋر روھىنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن.

گوركىي: «تىپ — بىر خىل دەۋر خاراكتېرلىك ھادىسە» دېگەنىدى. گوگولنىڭ «رېۋىزور» دراممىسىدىكى فىرستاكوۋ چاروسىيە ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئالدامچىنىڭ تىپىك ئوبرازى، لېرمونتوۋ قەلىمى ئاستىدىكى پېچورىن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر زىيالىيلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى، تۇرگېنېۋ قەلىمى ئاستىدىكى بازاروۋ 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا روسىيەدىكى كرېپوستنويلۇق تۈزۈم يېمىرىلىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتىكى ئادەتتىكى زىيالىيلارنىڭ تىپىك ئوبرازى، گوركىي قەلىمى ئاستىدىكى پاۋېل ۋىلاسوۋ ۋە ئانا ئوبرازى ئاڭسىزلىقتىن ئاڭلىق ئىنقىلاپچىغا ئايلانغان پرولېتارىياتنىڭ تىپىك ئوبرازى، ساۋشۈچىن قەلىمى

ئاستىدىكى جىناۋىي ئوبرازى جۇڭگودىكى فېئوداللىق تۈزۈم زاۋاللىققا يۈز تۇتقان 18- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىسيانكارنىڭ تىپىك ئوبرازى، لۇشۈن قەلىمى ئاستىدىكى سەۋدايى 20- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى جۇڭگو بۇرژۇئازىيە دېموكراتلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى. مۇشۇنداق تىپىك ئوبرازلار يارىتىلغان ئەسەرلەر ئۆز دەۋرىنىڭ روشەن ئەينىكى سۈپىتىدە دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ تىپىكلىك دەرىجىسىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى بىلەن پۈتۈنلەي تەڭ ئورۇندا قويغىلى بولمايدۇ (يازغۇچى مۇشۇ جەھەتتە ئىزدىنىۋاتىدۇ)، لېكىن «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ھەر خىل پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى، جانلىق خاراكتېرى ۋە ئۆزگىچە باي ئىجتىمائىي مەزمۇن ئارقىلىق بىز سوتسىيالىزىم قۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان تارىخىي باسقۇچنىڭ ئۆزگىچە قىياپىتىنى، بۇ باسقۇچتىكى پەۋقۇلئاددە زىددىيەتنى، شۇ تارىخىي باسقۇچنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا، ھاشىر، رەقىپ ئوبرازىدىن ئەنە شۇ پەۋقۇلئاددە تارىخىي باسقۇچنىڭ دەۋر روھى تولىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن.

كىچىكىدىنلا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ، غۇربەتچىلىك ئىچىدە جاپا-مۇشەققەتكە چىداملىق، جىگەرلىك، ئۆگىنىشكە ماھىر، ۋىجدانلىق بالا بولۇپ ئۆسكەن ئەلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ۋە غايىسى قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئەلا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ئەمدىلا تۇتۇش قىلغان چاغدا ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىشتىن پەيدا بولغان قارا قۇيۇننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ «سىياسىي نىشاندىن ئاداشقان»

دېگەن بەدنامغا قالىدۇ، ئۇستازلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىلىم كويىدا جاپالىق ئىزدىنىپ بەلگىلىك نەتىجە قازانغان چاغلار-دىمۇ يېقىن دوستى ھاشىرنىڭ «سىياسىي ئىنتىلىشى تۆۋەن» دېگەندەك خاتا باھاسىغا ئىگە بولىدۇ. زىيالىلارغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە سولچىل ئېقىمنىڭ بارغانسىرى ئەدەپ كې-تىشى نەتىجىسىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىپ ئېغىر كۈنلەرگە قالىدۇ. پاك مۇھەببەتلىك، بەختلىك تۇرمۇشىمۇ قارا تۇمانغا يولۇقىدۇ. لېكىن ئەلانىڭ خاراكتېرىدىكى جاسارەت، قەتئىي ئىرادە ۋە ئۇستازلارنىڭ ياردىمى ئۇنى ئىلىم- پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ مېڭىشقا يېتەكلەيدۇ، ئەلانىڭ ئوبرازى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئۈمىدى ۋە ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى نامايەن قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوبرازىدا دەۋر روھى چاقناپ تۇرىدۇ.

ھاشىر ئوبرازى ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ئوبراز. ئۇ مەكتەپ-نى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە ئاتلانغاندا ئەلاغا ئوخشاشلا ئىرادىلىك ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان يىگىت ئىدى. لېكىن ئەنە شۇ پەۋ-قۇلئاددە تارىخىي شارائىتتا «سىنىپىي كۆرەش چىڭ تۇتۇلسا ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ» دېگەن سولچىل پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە گېزىت ۋە سىياسىي كىتابلاردىن باشقىنى ئوقۇمايدىغان، گېزىت- ژورناللاردا نېمە دېسە شۇنى ھەقىقەت دەپ بىلىدىغان، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، تۇرمۇشتىكى يېڭىلىققا، ئىلىم — پەنگە قىزىقمايدىغان ئىشقىۋازغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئوبراز كەنجى ئوبرازىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتور ئەلا ئوبرازى ئارقىلىق ئەنە شۇنداق ياشلارنى توغرا يولغا باشلاشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

رەقىب ئوبرازى يىركىنىشلىك خاراكتېر سۈپىتىدە مەيدان-

غا چىقىدۇ. ئۇ كىچىكىدىن فېئودال باي ئائىلىدە ئۆسكەن، كېيىن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ كادىر بولغان. ئۇ تۇرمۇشتا «پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دېگەن پەلسەپە بويىچە ياشايدۇ. ئۇنىڭ تىلى تاتلىق. ئىچى زەھەر. ئۇ سولچىل ئىدىيىۋى پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان ھەرىكەتلەردىن پايدىلىنىپ ئەلاغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. سول ئىدىيىۋى ئېقىممۇ دەل ئەنە شۇنداق سۇيىقەستچىلەرنى قوغدايدۇ. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئالتۇن بىلەن چالمىنى پەرق قىلالمايدىغان غەلىتە ئەھۋاللار سادىر بولۇپ، چالما ئالتۇن ئورنىدا ئەتىۋارلىنىدۇ. يازغۇچى رەقىپنىڭ يىركىنىشلىك خاراكتېرى ئارقىلىق ئەنە شۇنداق ئادەملەردىن ئالاھىدە پەخەس بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يازغۇچى ئەنە شۇنداق خىلمۇ-خىل پېرسوناژلارنىڭ جانلىق خاراكتېرى، ئوخشىمىغان تەقدىرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئارقىلىق سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان پەۋقۇلئاددە دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى دەل توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن.

«ئىزدىنىش» رومانىدىكى شارائىت، پېرسوناژ، ۋەقە ھەقىقەتەن ئەنە شۇ پەۋقۇلئاددە تارىخىي باسقۇچنىڭ روشەن بەلگىسى. ئەسەردىكى زىددىيەتلەر ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان پېرسوناژلار ئەنە شۇ تارىخىي باسقۇچقا مەنسۇپ. ئەگەر رومان ئىچىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، سەرگۈزەشتىلىرى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن ئورۇنلانغان يەتتە يىل بىلەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىل بىلەن ئوخشاش قىلىپ يېزىلسا، ئۇنىڭدا قانداقمۇ دەۋر روھى ئىپادىلەنگەن بولسۇن؟

ئۈچىنچى، دەۋر روھى مەسىلىسى يالغۇزلا ئەسەرنىڭ مەز-

مۇن مەسىلىسىلا ئەمەس، بەدىئىي ئىپادىلەش شەكلى جەھەت-
تىمۇ دەۋر روھى ئىپادىلىنىشى لازىم. «ئىزدىنىش» رومانىدا
ئەكىس ئەتتۈرۈلگىنى «ئىستىقبال پارلاق، لېكىن يول ئەگرى-
توقاي بولغان» ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخىي باسقۇچ.
ئەسەردىكى پېرسوناژلارمۇ ئوخشىمىغان خاراكتېرگە ئىگە. ئۇلار-
نىڭ ھايات تەقدىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. بىر خىل ئىپادىلەش ئۇ-
سۇلى بىلەن دەۋر روھىنى تولۇق ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا
يازغۇچى روماندا ھەر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن تولۇق
پايدىلىنىشقا تىرىشقان. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە
ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى شۇكى، تراديتسىيىلىك ۋەقەلەرنى
بايان قىلغاندىن باشقا، سالام خەت، شېئىر قاتارلىق ھەرخىل
شەكىللەردىن پايدىلىنىپ پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چوڭ-
قۇر ئېچىپ بەرگەن. شۇڭا روماندىكى ھەر بىر شەخسنىڭ خا-
راكتېرىدە ۋە بۇ خاراكتېر ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي مەز-
مۇندا دەۋر روھى چوڭقۇر ئەكىس ئېتىدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ بە-
دىئىي جەھەتتىكى ئىزدىنىش روھىنىڭ روشەن ئىپادىسى.

يۇقىرىدىكى ئۈچ نۇقتىدا «ئىزدىنىش» رومانى دەۋر روھى-
نىڭ جاراڭلىق ناخشىسى بولۇشقا مۇناسىپ. لېكىن بۇ «ئىز-
دىنىش» رومانىنىڭ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇكەممەل
بولۇپ كەتتى، دېگەنلىك ئەمەس.

«ئىزدىنىش» روماندا تىپىك شارائىت بىلەن تىپىك پېر-
سوناژنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا بەزى يېتەرسىز-
لىكلەر مەۋجۇت.

ئەسەر ئىچىدىكى مۇئەييەن شارائىت مۇئەييەن پېرسوناژغا
قارىتىلغان. شارائىت پېرسوناژنىڭ ھەرىكەت زېمىنى، پېرسوناژ-
نىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدىغان بارلىق تاشقى ئوبيېك-

ئىپ ئادەملارنىڭ يىغىندىسى. بۇنداق شارائىت — پېرسوناژ يا-
شاۋاتقان مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ
ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن پېرسوناژ بىۋاسىتە
ئارىلاشقان كونكرېت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن كونكرېت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت رېئال
تۇرمۇشتا بىر گەۋدىگە ئايلانغان، جۈملىدىن كونكرېت ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەت مۇقەررەر ھالدا مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى ئىج-
تىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى
ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مۇئەييەن تىپىك شارائىت ئىچىدىكى كونكرېت
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىل-
لىنىشىگە ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. جۈم-
لىدىن تىپىك شارائىت ئىچىدىكى مۇئەييەن تارىخىي شارائىت-
نىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىمۇ پېرسوناژنىڭ
خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە، ئۇنىڭ تەقدىرىگە ئاجايىپ چوڭ-
قۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەتتا بەزىدە ھەل قىلغۇچ رول ئويناي-
دۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەردە دەۋر روھىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تې-
خىمۇ يارقىن ئىپادىلەش ئۈچۈن، پېرسوناژ ئارىلىشىۋاتقان كون-
كرېت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ پېرسوناژغا بولغان تەسىرى-
نى جانلىق تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە، مۇئەييەن تارىخىي باس-
قۇچتىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات يۈزلىنىشىنىڭ
پېرسوناژنىڭ، خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە تەقدىرىگە بول-
غان تەسىرىنىمۇ جانلىق، تەسىرلىك گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. ئې-
نگېلس تەلەپ قىلغان «تىپىك شارائىت ئىچىدە تىپىك خاراك-
تېر يارىتىش» دېگەن ئەنە شۇ. «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ كېيىنكى
قىسىملىرىدا يازغۇچىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىن تىرىشچانلىق كۆرسە-
تىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىش — رومانچىلىقىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى

## مەھەممەت پولات

يېڭى تەرەققىيات دەۋرى پروزىمىزغا يېڭى ھاياتىي كۈچ
بېغىشلىدى. مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى سىياسىتىنىڭ ئۇزۇن
مۇددەت خورلىشى ۋە دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىغان بىزنىڭ
سوتسىيالىستىك مىللىي پروزىمىز قايتىدىن جانلىنىپ ھەقىقىي
گۈللەپ-ياشناش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئۇ قىسقىغىنە بىر
نەچچە يىل ئىچىدىلا ھېكايە ئىجادىيىتىنى ئۇنۇملۇك ئومۇملاش-
تۇرۇپ، پوۋېست ئىجادىيىتى ئۈستىدە كەڭ تۈردە بەدىئىي ئىزدى-
نىش ئېلىپ بېرىپ، رومان ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا
قەدەم قويدى. تۆت-بەش يىل ئىچىدىلا ئون بەش رومان پروزى-
مىزنىڭ بۇ يېڭى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى بەدىئىي مېۋىلىرى
سۈپىتىدە كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ئەسەرلەر
ئۆزلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ يېڭىلىقى، تەسۋىرلىگەن تۇر-
مۇش مەنزىرىلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى بىلەن مىللىي تۇرمۇش-
مىزنىڭ تېخى قەلەمگە ئېلىنمىغان بىر مۇنچە تەرەپلىرىنى بەدى-
ئىي ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىپ، كىتابخانلارنىڭ تۇرمۇش بىلىمى-
نىڭ ئۆسۈشى ۋە رېئاللىقنى تونۇش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆ-
تۈرۈلۈشىگە تېگىشلىك ياردەم بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئە-
سەرلەر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدا بۇرۇلۇش ياساپ،

ئۆزۈندىن بۆيان بوش ۋە ئاجىز ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان بەدىئىي پروزىنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرۈپ، ئۇنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېتەكچى ژانىرى دەرىجىسىگە كۆتەردى. بۇ بىزنىڭ رومان ئىجادىيىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆسۈشى ۋە راۋاجلىنىشىدا قوشقان غايەت زور تۆھپىسى.

مەن بۇ ماقالەمدە مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك تەرەپلەردە ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان، كىتابخانلار ئىچىدە مۇئەييەن تەسىر قوزغىغان بىر قىسىم رومانلار ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، رومانچىلىق ئىجادىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

«ئىز» - پېشقەدەم شائىر ۋە يازغۇچى ئۆتكۈرنىڭ تارىخىي تېمىدا ئىجاد قىلغان تۇنجى رومانى. ئۇنىڭدا شانلىق كۈرەش تارىخىغا ئىگە قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك يولىدا ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنىڭ تارىخىي، بەدىئىي كارتىنىسىنى سىزىپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ فېئودال ۋاڭلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادى، ئەكسىيەتچى فېئودال شامەخسۇت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمىگە قارشى كۈرىشىنى ئۇقتىلىق تەسۋىرلەش يولىنى تاللىۋالغان. بۇنىڭدا، ئاپتور 20 - ئەسىرنىڭ ئونىنچى يىللىرىدا قۇمۇل دېھقانلىرىنى تەشكىللەپ شامەخسۇت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۆمۈر خەلپىگە ئىجادىي جان بېرىپ، ئۇنى يېڭىدىن بەدىئىي سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان جانلىق بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتقان.

تۆمۈر خەلپە شامەخسۇت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ۋەيرانە يېزىلارنىڭ بىرىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان نامرات دېھقاننىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا شامەخسۇتنىڭ قەسىر-ئايۋان قۇرۇلۇشلىرىدا ئون يىلدىن ئوشۇق ئىشلەپ ۋاڭلىق تۈزۈمنىڭ ئازابىنى يەتكىچە تارتىدۇ. بۇنداق ئېغىر ئازاب، تەڭدىشى يوق خورلۇق ۋە ئەلەم ئۇنىڭدا فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمگە نىسبەتەن چەكسىز غەزەپ ۋە نەپرەت ئويغىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ 1907-يىلى باشلانغان «تۇرپاقلار يېغىلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاممىۋى قوزغىلىڭىغا قاتنىشىدۇ. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قېچىپ بېرىپ، ئېغىر ئەمگەك ۋە جاپالىق تۇرمۇش بىلەن ئىككى يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ بۇ يەردە چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەلقنى شەپقەتسىز ئېزىشى ۋە قانلىق باستۇرۇشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا بولغان تونۇش ۋە چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب غايە ۋە ئىستەك بىلەن ئۆزىنىڭ قۇمۇلدىكى جاپاكەش قېرىنداشلىرى ئىچىگە قايتىدۇ. يۇقىرىقىلار تۆمۈر خەلپىنىڭ قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن بېشىدىن كەچۈرگەن ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئالاھىدە تۇرمۇش يولى بولۇپ، بۇ قەھرىماننى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي-تارىخىي شارائىت يەنى ئۇنى يېتىشتۈرگەن ئاممىۋى ئىجتىمائىي زېمىندۇر. بۇ نەرسە روماندا ناھايىتى ئىخچام ۋە جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ گويا كىشىدە ھاياتتا ياشاۋاتقان تىرىك ئادەمنىڭ مەنىلىك ئەسلىمىسى-ئەھمىيەتلىك ھايات قىستۇرمىسى

دەك تەبىئىي تەسىرات پەيدا قىلىپ، تۆمۈر خەلپە ئوبرازىغا بول-
غان چىنلىق تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

تۆمۈر خەلپىنى ئۆز يۇرتىدا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ھايات
رېئاللىقى كۈتىۋالىدۇ: شامەخسۇتنىڭ «تۆمۈر چارۋا سانىقى»
بىلەن خانلىقنىڭ ئەسكەر ئېلىشى بىرلا ۋاقىتتا باشلىنىپ،
دېھقانلار مىسلى كۆرۈلمىگەن خانىۋەيرانچىلىق ئىچىدە قالىدۇ.
بۇ ھال ئۇلاردا قوزغىلىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىستىكىنى
پەيدا قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر چاغدا تۆمۈر خەلپە ئوتتۇ-
رىغا چىقىپ، دېھقانلارنى يالغاندىن ئەسكەرلىككە ئويۇشتۇرۇپ،
ئۇلارنى شامەخسۇتنىڭ قولى بىلەن قوراللاندۇرۇش مەقسىدىنى
ئىشقا ئاشۇرۇپ، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تۇنجى سىگنالىنى ياڭرى-
تىدۇ. شۇنداق قىلىپ قوراللىق كۈرەشنىڭ ۋەيرانە بىر يېزىدا
يانغان بۇ كىچىككىنە ئۇچقۇنى بارغانچە ئۇلغىيىپ ۋاڭ ئوردىسى
بىلەن جاڭجۈن يامۇلىنى ئۆرتىگۈچى قۇدرەتلىك يالقۇنغا ئاي-
لىنىدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ كەينى-كەينىدىن ئويۇشتۇرغان قورشاپ
يوقىتىشلىرىمۇ بۇ يالقۇننى ئۆچۈرەلمەيدۇ. تۆمۈر خەلپە قو-
راللىق كۈرەشنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ۋە يېتەكچىسى سۈپىتىدە باش-
تىن-ئاخىر بۇ كۈرەشنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ غايە ۋە ئىرادىسىنى
تاۋلايدۇ. فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ ئېزىشى ۋە خورلىشى ئى-
چىدە ئالەمگە كۆز ئاچقان بۇ ئاددىي دېھقان ئاخىرى خەلقنىڭ
ئۈمىد ۋە ئارزۇسى، ئۇنىڭ غايە ۋە ئىرادىسىنىڭ سىمۋولى بو-
لۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ۋە قورقۇمسىزلىقى ئۇ باشلىغان
جەڭگىۋار قوشۇننىڭ كۈرەش پائالىيەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ
خەلقنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى ئاممىۋى كۈرە-
شىنىڭ ئۆسۈشى ۋە تەييارلىنىشىغا غايەت زور تەسىر كۆر-
سىتىدۇ. تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى شامەخسۇت ئوردىسىنىڭلا ئە-

مەس، بەلكى خانلىق يامۇلىنىڭ يەنى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ بېشىنى قاتۇرغان چوڭ بىر سىياسىي ۋەقەگە ئايلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانلىقىدىن ئىبارەت ئامەتلىك مەنەپكە ئەمدىلا ئولتۇرغان پاراسەتلىك جاڭ-لات، قۇۋ ۋە ھىيلىگەر سىياسىئون ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلپە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى قورال كۈچىگە تايىنىپ يوقىتىشنىڭ مۇم-كىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ھىيلە-مىكىر، سۇيىقەست ئىش-لىتىپ، دەللال لى شۇفۇنى ئىشقا سېلىپ، تۇرغان تۇتۇپ قە-سەم قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق تۆمۈر خەلپىنى نەس-پەتكە كۆندۈرۈپ، ئۇنى سەپداشلىرى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپ يالغاندىن ئۆستۈرۈپ، راست نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ قوراللىق قوزغىلاڭ ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، دېھقانلار تېخىمۇ ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالىدۇ.

ئاپتور يوقىرىقىدەك بىر قاتار تىپىك ۋەقەلەر تەسۋىرى ئارقىلىق تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي جەريانىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنىڭ بەدىئىي سۈرى-تىنى سىزىپ، فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسىنى تىترەتكەن بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابقا چىن قەلبىدىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنىڭ پەقەت كۆرەش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدىغان-لىقىنى، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ پەندى-نەسىھەتلىرىگە ئىشىنىپ، قورال تاشلاشنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا پاجىئە ۋە مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ھالدا ئېچىپ بېرىدۇ.

ئاپتور روماندىكى بۇ توپ ئىدىيەنى ئۆز قەھرىمانى تۆمۈر خەلپە ئوبرازى ئۈستىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، قوزغىلاڭنىڭ جەريانى

ۋە ئاقىۋىتىنى ئۇنىڭ شەخسىي ھايات تەقدىرىگە تەبىئىي ھالدا باغلاپ، ئۇنى پۈتۈن قوزغىلاڭنىڭ بەدىئىي سۈرىتىگە، ئۇنىڭ غەلىبە ۋە مەغلۇبىيىتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ بۇنىڭغا تۆمۈر خەلپە ئوبرازىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئېرىشىدۇ. بىز روماننى ئوقۇش بىلەنلا تۆمۈر خەلپە ئوبرازىدىكى ئىككى ياقىلىمىلىقتا — ئۇنىڭ ئاڭ ۋە چۈشەنچىسىدىكى زىددىيەتلىك ھالەت بىلەن بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان قارىمۇقارشىلىقتا دۇچ كېلىمىز. دەل مۇشۇ نەرسە روماندا فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمى شارائىتى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەقىقىي دېھقان ئىنقىلابچىسىنىڭ — ھايات ھەقىقەتلىرىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن سادda بىر ئەمگەكچىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى جانلىق ئېچىپ بېرىدۇ.

تۆمۈر خەلپە جاپاكەش خەلقنى بارلىقى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان، فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمىدىن يەتكۈچە نەپرەتلىنىدىغان، ساتقۇنلۇق ۋە مۇناپىقلىقتىن يىرگىنىدىغان ئالىيجاناب بىر ئادەم. ئۇ پەقەت دۈشمەننى يوقىتىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈنلا قولىغا قورال ئالغان. بۇ ئۇنىڭ باتۇر ۋە قورقۇمسىزلىقى بىلەن پاك ۋە سەممىيلىكىنىڭ، ھەرقانداق ۋاقىتتا خەلقنى ۋە ئۇنىڭ دەرد-ئەلەمنى ئويلايدىغان ئالىيجاناپلىقىنىڭ مەنىۋى ئاساسى. لېكىن ئۇنىڭ خاراكتېرىدا يوقىرقى سۈپەتلەرگە زادىلا مۇناسىپ بولمىغان ئىككىنچى بىر تەرەپمۇ بار: ئۇ رېئاللىق ۋە كەلگۈسىگە كۆپىنچە دىنىي ئەقىدە ۋە تەقدىرچىلىك كۆز قارىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. ھايات ھەقىقەتلىرى ئۇنىڭ ئېڭىدا پەقەت دىنىي تەرىقەتلەر بىلەن بىرلىككەن ھالدىلا ياشايدۇ. شۇڭا ئۇ رەھىمدىللىك ۋە ئەپۇچانلىقنى مۇسۇلمانچىلىق ئەخلاقىنىڭ بىر زىننىتى دەپ قارايدۇ. باش-

قىلاردى چۈشىنىش ۋە ئۇلارغا ئىشىنىشنى بولسا ئەلا ياخشى ئىنسانىي پەزىلەت دەپ ھېسابلايدۇ، ۋەھالەنكى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بىلەن تىنىمسىز ئېلىشىۋاتقان ئىرادىلىك ئادەمدە بولىدىغان قەتئىيلىك ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. تۆمۈر خەلپە خاراكتېرىدىكى بۇ ئاجىزلىق، مەنىۋى تەرەپتىكى بۇ ئەجەللىك يېتەرسىزلىك ئۇنىڭ شەخسىي ھايات تراگېدىيەسىنى پەيدا قىلغان تۈپ ئىجتىمائىي سەۋەب بولۇپ، ماھىيەتتە پۈتۈن قوزغىلاڭنىڭ، ئۇنىڭدىن ئۈمىدۋار بولغان مىڭلىغان ساددا دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھايات تراگېدىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇھىم ئىجتىمائىي سەۋەب.

ئاپتور ئۆزىنىڭ رومانىدا ئۆز قەھرىمانىنىڭ بۇ خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە باشتىن -- ئاخىر سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتى بىلەن پىكىر ۋەچۈشەنچىسىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ئىندىۋىدۇئال كۆرۈنۈشلىرىنى يارىتىپ، خاراكتېرنىڭ چىن ۋەيارقىنلىقىغا ئېرىشىدۇ. بۇ نەرسە ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ ئۆز قەھرىمانىغا خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىگە يات بولغان غەيرى سۈپەتلەرنى زورلاپ تېڭىشتىن، ئۇنى ئاددىي بىر دېھقان ئىنقىلابچىغا مۇناسىپ بولمىغان غايىۋى پەزىلەتلەر بىلەن پەردازلاشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئۇنى خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى يول قويغان دائىرىدە، يەنى چىنلىق ۋە رېئاللىقنىڭ كەڭ بەدىئىي زېمىندە ھەرىكەت قىلدۇرغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ ھەر قانداق ساتقۇنلۇق ۋە مۇناپىقلىقتىن يەتكۈچە نەپرەتلەنگىنى ھالدا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى دۈشمەنلەرگە يەتكۈزۈپ تۇرغان دىنىي جاسۇس قىماق ئىشانغا ئەركىنلىك بېرىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە باي بولۇپ دەۋر سۈ-

رۇش نىيىتىگە كېلىپ، ئۇرۇش فەلسەپەلىرىنى ئىگىلىۋالغان ۋە ئۆزىنى ئېتىپ يارىدار قىلغان توختى سەيپۇللىنى ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەپۇ قىلىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، قوراللانغان خەلقنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى بىلەن ئازادلىققا پەقەت قورال ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ھايات ئەمەلىيىتى ۋە قوراللىق كۆرەش ئارقىلىق چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن مۇشۇنداق بىر تىز پۈكمەس ئىيانچى ئاخىرى بېرىپ ئۆز دۈشمىنى بولغان ياڭ زېڭشىننىڭ يالغان ۋەدىسىگە ئىشىنىپ قوراللىق كۆرەشتىن قول ئۈزۈپ، سۈيقەستىنىڭ ئېچىنىشلىق قۇربانى بولىدۇ. دېمەك، تۆمۈر خەلپە ئوبرازى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا خاراكتېر چىنلىقى ھالىتىدە، ئوبرازنىڭ خاسلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى ھالىتىدە ئايان بولىدۇ. فېئودال ۋاكىللىق تۈزۈمى شارائىتى ئاستىدا قوراللىق كۆرەش سەھنىسىگە قەدەم قويغان، قالاق ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ تەبىئىي چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ھايات ھەقىقەتلىرىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن ئاددىي بىر دېھقان ئىنقىلابچىنىڭ ھەممە زۆرۈر ھاياتىي سۈپەتلىرى ئۇنىڭ ساددا ۋۇجۇدىدا تەبىئىي بىرىكىپ كېتىدۇ. كىشىلەر تۆمۈر خەلپە ئوبرازىدىن ئەكسىيەتچىلەر بىلەن بولىدىغان ھايات - مامات كۆرىشىنىڭ كەسكىن ۋە مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى، خەلق ئازادلىقىنىڭ پەقەت قوراللىق كۆرەش ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى، ئەكسىيەتچىلەرگە ئىشىنىش ۋە ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتۈشنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېچىنىشلىق ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلالايدۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشنى بىلىش ۋە ھاياتنى چۈشىنىش ئاڭلىقلىقى تېخىمۇ ئۆسۈپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ، ئەقىل- پاراسىتىگە يېڭى مەنا،

يېڭى روشەنلىك قوشۇلىدۇ.

ئاپتور ئۆز رومانىغا يازغان كىرىش سۆزىدە تارىخىي رو-
مان ئىجادىيىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق
دەيدۇ: «تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومان چىن مەنىسىدىن ئېيت-
قاندا، ھەم ھەقىقىي تارىخ، ھەم بەدىئىي ئەسەر بولۇشى، يەنى
تارىخشۇناسلىق بىلەن رومانچىلىق سەنئىتىنىڭ جانلىق بىرىكمە-
سى بولالىشى، ھەممىدىن ئاۋۋال تارىخىي چىنلىقنى ئاساس ۋە
ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم. مۇنداق ئەسەر مۇئەللىپتىن تا-
رىخ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ۋە تارىخ ئىچىدىن قايتىپ
چىقىش ماھارىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ». بىزنىڭچە ئاپتور
تارىخىي رومان ئىجادىيىتىنىڭ بۇ ئىلمىي تەلەپلىرىنى ئۆز رو-
مانىدا تولۇق ئىشقا ئاشۇرغان. تۆمۈر خەلپىنىڭ خاسلىق ۋە
ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان ئىدىيىۋى خاراكتېرىنى چىنلىق بى-
لەن تىپىكلىكنىڭ تەبىئىي بىرىكمىسى زېمىنىدە گەۋدىلەندۈرۈپ
مىللىي تارىخىمىزنىڭ شانلىق لېكىن ئېچىنىشلىق بولغان بىر
سەھىپىسىنىڭ مۇكەممەل بەدىئىي خاتىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.
ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەينى يىللاردا ئۆز قەھرىمانى ھەرىكەت
قىلغان تارىخىي، ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي
ھايات سەرگۈزەشتىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان زور يەتەكچى ۋە-
قەلىكلەرنىڭ چىن ۋە ھەققانىي بولۇشىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ
كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن ئادەت ۋە پەزىلەتلىرىگە تەۋە بول-
غان بىر مۇنچە ۋەقە- ھادىسىلەرنى دادىل تىپىكلەشتۈرگەن. ئۇ
ئۆز قەھرىمانىنىڭ ھايات پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تا-
رىخىي ۋەقەلەر بىلەن تارىخىي دالىلىلەرنى، زىددىيەت ۋە قارىمۇ-
قارشىلىقلارنىڭ خاراكتېرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئۇنى بەدىئىي
ئىلمىي ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز قەھرىمانىنىڭ تىپىك

ۋە رەڭدار ھايات كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن. نەتىجىدە ئۇنىڭ قەھرىمانى تارىخىي مەشھۇر شەخس بىلەن ئاددىي ھاياتىي ئا-دەمنىڭ ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنىڭ ئورگانىك قوشۇلمىسى يۈك-سەكلىكىدە گەۋدىلىنىپ، روماننى تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي تېپىكلىكنىڭ ئىجادىي بەدىئىي بىرىكمىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

روماندا مۇنداق بىر يېڭى ئىزلىك بولۇپ، ئۇ تۆمۈر خەل-پە ئوبرازىدىكى ئىندىۋىدۇئال مۇكەممەللىكنىڭ كەملىكىدىن ئى-بارەت. بۇ نەرسە ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ تۆمۈر خەلپىنىڭ تورالمىق قوزغىلاڭنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە رەھبىرى سۈپىتىدە ئېلىپ بارغان ئومۇمىي پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەشكە كۆپرەك كۈچ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئاددىي ئادەم سۈپىتىدە باشتىن كەچۈر-گەن شەخسىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ئوي-خىيال، ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئېتىباردىن سىرتتا قالدۇرغانلىقىدا كۆرۈ-لىدۇ. ئاپتور بىر مۇنچە جايلاردا، ھەتتا زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىلىقلار يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، پېرسوناژنىڭ ھېس-تۇيغۇسى مەنىۋى تۇقۇنۇش ۋە ھېسسىي دراماتىزم باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەن چاغلاردىمۇ ئۆز پېرسوناژىنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرگە تېگىشلىك نەزەر ئاغدۇرماي-دۇ. قوزغىلاڭنى تەشكىللەش باسقۇچىدىن باشلاپلا ئۆزىگە يېقىن دوست ۋە مەسلەكداش بولۇپ كەلگەن توختى سەيپۇڭ ئاخىرى بېرىپ يىركىنىشلىك خائىنغا ئايلىنىپ، تۆمۈر خەلپىنى يو-شۇرۇن ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا جىنايى ئوق ئۈزىدۇ. ئە-لىدە بۇ ۋەقە توختى سەيپۇڭغا نىسبەتەن ئەزەلدىن دوستانە ئىشەنچ تۇيغۇسىدا بولۇپ كېلىۋاتقان تۆمۈر خەلپە ئۈچۈن ئېيتقاندا زادى كۈتۈلمىگەن بىر روھىي پاجىئە بولۇشى كېرەك ئىدى.

بۇ كۈتۈلمىگەن زەربىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىشى، قەلبى ئەلەمدىن قاقشاپ، ئەقىدە ئازابىدىن دىلى مۇجۇلۇشى لازىم ئىدى. ئەپسۇسكى ئاپتور روماننىڭ مۇشۇ ۋەقەگە بېغىشلانغان سەھىپىسىدە بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جەريانىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۆز قەھرىمانىنىڭ روھىي كەچۈرمىشىدە جەزمەن يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان نازۇك ئۆزگىرىش ئۈستىدە ھېچنەرسە دېمەيلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىدىن باشقا، روماننىڭ ئاخىرىدا تۆمۈر خەلپە ئۆز دۈشمەنىنىڭ قۇرۇق ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، قورالىنى كۆرەشتىن قول ئۈزۈپ، ئۈرۈمچىگە چىققىنىدىن كېيىن تۇيۇقسىز قولغا ئېلىنىپ، ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن جىنايى سوراققا تارتىلىدۇ. بۇ ئۆز دۈشمىنىنىڭ ھىيلىگەرلىك تەبىئىتىنى تېخى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن ئاق كۆڭۈل دېھقان ئۈچۈن ئىسلىي كۆزلىمىگەن بىر ئېغىر زەربە بولىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئۆز خاتالىقىنىڭ قانچىلىك زور ھاياتىي بەدەلگە توختاۋاتقانلىقىنى، دىنىي ئەقىدىچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان دېھقانچە ساددىلىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ ئاخىرى بېرىپ ئۆزىنى شۇنچە يىللار بىرگە جەڭ قىلغان سۆيۈملۈك سەپداشلىرىنىڭ ئەگسىز قاتىلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ئەسلىدە تۆمۈر خەلپە خاراكتېرىدىكى زىددىيەتلىك تەرەققىياتنىڭ كولمىناتسىيون نۇقتىسى، ئۇنىڭ ئىچكى دراماتىزمى بىلەن روھىي توقۇنۇشىنىڭ ئەڭ ئېغىر، ئەڭ ئازابلىق پەللىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان ئەڭ ئوبدان بەدىئىي سەھنە ئىدى. مۇبادا ئاپتور مۇشۇ چاغدا ئۆز قەھرىمانىنىڭ روھىي دۇنياسىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولسا، ئۇنىڭدا ئازاب ۋە ئۆكۈنۈش بىلەن ئەپسۇس ۋە نادامەت تۇيغۇ-

لىرى ئىچىدە پەيدا بولغان بىر مۇنچە يېڭى ھاياتىي پىكىر-
لەرنى سۈزۈپ چىققان بولاتتى. پەقەت مۇشۇ نەرسىلا ئۆلۈم ۋە
ھەممىگە دۇچ كەلگەن ئادامەتلىك ئادەمنىڭ ھەسرەتلىك رو-
ھىي ھالىتىنىڭ ھەقىقىي بەدىئىي سۈرىتى، ئۇنىڭ ھايات دەھ-
شەتلىرى ئىچىدىن تاپقان ئەڭ قىممەتلىك ئەقلىي ھېكمىتى
بولالايتتى. ۋاھالەنكى ئاپتور ئۆز رومانىدا مەسىلىنىڭ بۇ تە-
رەپلىرىنى تولۇق ھېسابقا ئالمىغان. ئۆز قەھرىمانىنىڭ ئۆلۈم
ئالدىدىكى روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەشتە ياڭغۇز ئۇنىڭ تاشقىي
ئۇتقىغىلا تايىنىش بىلەن چەكلىنىپ، ئۇنىڭ ئىنچىكە روھىي
كەچۈرمىشلىرى بىلەن نازۇك ئوي- خىياللىرىغا تازا ئىچكىرىد-
لەپ كىرمىگەن. نەتىجىدە تۆمۈر خەلپە ئوبرازىنىڭ ئىندىۋى-
دۇئال مۇكەممەللىكىنىڭ تولۇق گەۋدىلىنىشىگە بەلگىلىك تەسىر
يەتكەن.

× × ×

سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭ جەمئىيىتىدە بارلىققا كەل-
تۈرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنىڭ بىرى دەۋر تەلىپىگە لا-
يىق يېڭىچە بىر ئەۋلاد مىللىي زىيالىلارقوشۇنىنىڭ ئۆسۈپ يې-
تىلگەنلىكى بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەم-
گىكى ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ
ئۆسۈشى ۋە گۈللىنىشى، مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ئەقىلىنىڭ
يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە
قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشىغا مۇناسىپ تۆھپە
قوشتى. ھازىر ئۇلار ئۆز خەلقىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى-
نىڭ زەربىدار ئەترىتى سۈپىتىدە ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنى-
يەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇشەققەتلىك مۇساپىسىدە غەلىبىلىك ئىلگىرىلى-

ـمەكتە. تالانتلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىنى مانا مۇشۇ جەڭگىۋار قوشۇنىنىڭ تۇرمۇش ۋە كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلىدى. روماندا ئۇن يىللىق ئىلمىي تەربىيە جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، زورۇر ئىلمىي-كەسپىي سەۋىيىگە ئېرىشكەن بىر توپ ياشلارنىڭ ئىلىم-پەن يولىدىكى جاپالىق ئىزدىنىشلىرى تەسۋىرلەنگەن. روماننىڭ مەركىزىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىي بۇرچىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ئىرادىلىك يىگىت ئەلا تۇرىدۇ. ئۇ رەھبەرلىكنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەدەبىيات ۋە تارىخ پەنلىرى بويىچە مەخسۇس تەربىيەلىنىش مەقسىتىدە غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنىگە ئوقۇشقا بارىدۇ. بۇ يەردە ئۇ قېرىنداش مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەربىيىلىشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن كەسپىي بىلىملەرنى قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆمىدلىك ياش ئىلمىي خادىملارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم-پەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى، ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقى، ھاياتىنىڭ ھەر قانداق قىزىقى ۋە لەززىتىدىن ئوقۇش ۋە ئىزدىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بىلەن سەپداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە پاراسەتلىكى بىلەن ھەممىنى جەلپ قىلىپ كەلگەن مەغرۇر ۋە تەلەپچان قىز گۈزەلئاي بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئىلىم-پەنگە بېرىلگەن ئاسايىشتە قەلبىدە يېڭىچە بىر ئىنتىلىش ۋە ھەۋەس پەيدا بولىدۇ. لېكىن ئەلا ئۆزىدە پەيدا بولغان بۇ تۇيغۇغا زادىلا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ مۇھەببەت ۋە ياخشى كۆرۈش دېگەن بۇ سۆزلەرگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر ھاياتىي مەنانى ۋە ئۇنىڭ كىشى قەلبىنى ئەسىر قىلغۇچى غايەۋى

كۈچىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇنىڭچە مۇھەببەت ئىلىم-
پەننىڭ دۈشمىنى، ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشنىڭ زور توسالغۇسى
ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ساددا چۈشەنچىسى بىلەن كىشىلىك
تۇرمۇشى ھەققىدىكى مۇنداق ئۆتكۈنچى تەسىراتىنى ھايات رېئال-
لىقىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى ئاسانلا يۇيۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن گۈزەللىكنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈر-
گەن ئەلا بىردىن ئۇنى بارلىقى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزى-
نىڭ ھاياتىنى ئىستىقبالىنى ئۇنىڭسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان
دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق بىر ئەھۋالدا گۈزەل-
ناي بىلەن توي قىلىپ، بەختلىك ئائىلە ئىگىسى بولۇپ، ئۆ-
زىنىڭ ياشلىق ھاياتىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى بېسىپ ئۆتىدۇ.
ئەسلىدە ئەلا مۇھەببەتلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشتىن ناھايىتى زور
ئارام ۋە خاتىرجەملىك، تۈگىمەس - پۈتمەس رىغبەت ۋە ئىل-
ھام كۈتكەنىدى. لېكىن ئائىلىۋى تۇرمۇش ئۇنىڭغا بۇ نەرسى-
لەرنى بەرمەيدۇ. ئەكسىنچە ئۇنىڭ گۈزەلناي بىلەن بولغان
غايە ۋە مەقسەت ئورتاقلىقى ئاستا - ئاستا يوقىلىپ، كۈتمىگەن
يېڭى پەرقلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. گۈزەلناينىڭ ئائىلىۋى
تۇرمۇش تەلەپىنىڭ يۇقىرىلىقى، مۇھەببەت ۋە بەخت قارىشىنىڭ
تار ۋە بىر تەرەپلىمىلىكى، ئەلانىڭ غايە ۋە ئىنتىلىشىنى چۈشە-
نىشتىكى ئاجىزلىقى، مۇناسىۋەتتىكى مەغرۇر ۋە پەرۋاسىزلىقى
تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە مۇناسىۋىتىدىكى ھەممە گۈزەل
نەرسىلەر ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىشكە باشلايدۇ. تەرتىپ ئورنىنى
ئاغرىنىش ۋە ئازارلىنىش، چۈشىنىش ۋە ئۆز ئارا يول قويۇش
ئورنىنى جاھىللىق ۋە مەنمەنلىك ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە
غايە ۋە مەقسەتتىكى پەرق ۋە ئوخشىماسلىقنىڭ ئائىلىۋى تۇر-
مۇش مۇھىتىدىكى ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، ماھىيەتتە ئەلانىڭ ھا-

يات پاجىئەسىنىڭ باشلىنىشى، ئىلىم - پەن يولىدىكى جاپالىق
ئىزدىنىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ۋە ئوڭۇشسىزلىققا قاراپ يۈز-
لىنىشى ئىدى. بۇ ئۆزىنىڭ ھەممە مەقسەت - ئارزۇسىنى ئائىلە-
ۋى مۇھەببەتكە باغلاپ، ئۇنى كىتابلاردىكىدەك تىنچ ۋە نازا-
كەتلىك، گۈزەل ۋە غايىۋى ھالدا چۈشىنىپ كەلگەن ئەلا ئۇ-
چۇن بەكمۇ ئېغىر زەربە بولىدۇ. ئەنە شۇنداق بىر چاغدا ئۇ-
نى تېخىمۇ زور يېڭى بىر ھايات پاجىئەسى كېلىپ باسىدۇ:
ئۇنىڭغا ئۇزۇندىن بۇيان ھەسەت قىلىپ كەلگەن قارا نىيەت
رەقىپ، ئۇنىڭ پىشقەدەم زىيالى ساۋۇت ئەپەندى بىلەن بولغان
ئىلمىي مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى گۇمانلىق سىياسىي
ائالىيەتتە بولۇپ كەلگەن «ئاق مۇتەخەسسىس» قىلىپ ياساپ
قىپ، يىراق گەنجا يايلىقىغا ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىۋې-
دۇ. بۇ يېڭى زەربە ئەلانىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى تېخىمۇ
يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى پۈتۈنلەي يېتىم ۋە بىچارە
ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. لېكىن تەقدىرنىڭ ئەلاغا بولغان شەپ-
قەتسىزلىكى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. رەقىبىنىڭ ئائىلىسى ۋە
دەپسەندە قىلىشى بىلەن ھايات ئىستىقبالىنى يوقاتقان ئائىلە
ئەلادىن ئۆزىنىڭ گۇناسىز نارسىدىسىگە ئىگىدارلىق قىلىشىنى
تەلەپ قىلىدۇ. ئائىلەنىڭ پاك ۋە گۇناھسىزلىقىنى ياخشى
بىلىدىغان ئاق كۆڭۈل ئەلا ۋىجدان ۋە نومۇسقا بېرىپ تاقىل-
دىغان بۇ ئېغىر مەجبۇرىيەتنىمۇ ئاكلىق قوبۇل قىلىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن ئۇ مۇھەببەت، سىياسەت ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت ئۈچ
خىل ئازاب ئاستىدا قىيىنىلىش تەقدىرىگە دۇچ كېلىدۇ. بىر-
بىرىدىن ئېغىر بولغان بۇ ئۈچ ھاياتىي پاجىئە گويا چۆيۈن
سەندەل ئۈستىدىكى بىر پارچە قىزىق پولاتقا تىنىمسىز چۈشۈ-
ۋاتقان ئۈچ تۆمۈر بازغاندەك ئۇنىڭ ئەلەملىك قەلبىگە ئۇرۇ-

ۇشقا باشلايدۇ. نېمە قىلمىش كېرەك؟ ياشاش كېرەكمۇ، يا بۇ ئازابلىق ھايات بىلەن خەيرلىشىش كېرەكمۇ؟ ئىلىم - پەن يولىدا ئاخىرغىچە ئىزدىنىش كېرەكمۇ ياكى رەھىمسىز تەقدىر ئالدىدا تىز پۈكۈپ ھەممە ھاياتىي غايىلاردىن بىر يوللا كېچىش كېرەكمۇ؟ ياق، يەنىلا ياشاش، غايە ۋە ئىستىقبال يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىش كېرەك.

ھايات گويا دولقۇنلۇق دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا بەختلىكلەرمۇ، بەختسىزلەرمۇ بولىدۇ. مۇبادا بەختسىزلەر ھاياتنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ، ئۆزىدە بارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىشنى بىلسە ئۇلارمۇ خۇددى بەختلىكلەرگە ئوخشاشلا ئۇنىڭدىن چەكسىز لەززەت ۋە خۇشاللىق تاپالايدۇ، ھاياتنى يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان شىجائەتلىك ئادەملەردىن، بەخت ۋە گۈزەللىكنىڭ ياراتقۇچىلىرىدىن بولالايدۇ. ئەلاغا ئەنە شۇنداق ئوي - پىكىرلەر تەسەللىي ۋە ئىلھام بولىدۇ. ئۇ يېڭىچە بىر ئىرادە بىلەن تۇرمۇشقا ياندىشىپ، پاجىئە ۋە بەختسىزلىك دەشتىنى چىدام بىلەن بېسىپ ئۆتۈپ، غايە ۋە ئىرادىنىڭ يېڭى، نۇرلۇق پەللىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇ پاجىئەلىك تەقدىر ئالدىدا تىز پۈكۈش يولىنى ئەمەس بەلكى ياشاش ۋە ئىزدىنىش يولىنى، ئىلىم ۋە غايە يولىنى تاللىۋالىدۇ. دېمەك ئەلانىڭ ئىلىم - پەنگە بېرىلگەن ئالىيجاناپ قەلبى ھاياتنىڭ ھەممە ئازاب ۋە بەختسىزلىكلىرىدىن كۈچلۈك بولۇپ چىقىدۇ.

ئاپتور روماندا ئەلانى ھەر خىل زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. قاتمۇ قات ئازاب ۋە بەختسىزلىكلەر مۇھەممىتىغا باشلايدۇ. ھاياتنىڭ سىرلىق ۋە مۇرەككەپ تېپىشماقلىرى بىلەن ئۇنى قىينايدۇ. ئۇنى كىشىلەر

مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، پاكلىق بىلەن رەزىللىك، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ئالىيجاناپلىق بىلەن ساتقۇنلۇق ۋە مۇناپىقلىق ئارىلىشىپ كەلگەن زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. ئۇ ئۆز قەھرىمانىنىڭ مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھالەتلەردىكى ئالاھىدە ھەرىكىتى بىلەن نازۇك ھېسسىي ئىپادىلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن ھاياتىي قىممەتكە ئىگە بولغان ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى بەدىئىي روشەنلىك بىلەن پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇقنىڭ تەبىئىي بىرلىكى زېمىنىدە يورۇتۇپ بېرىپ، ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن ئىلىم-پەن يولىنىڭ تەكشىسىزلىكىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەلانىڭ قەلب گۈزەللىكىنى ھەرتەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش مەقسىدىگە يېتىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ قەھرىمانى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا پىكىر ۋە نۇقتىئىنەزىرى كەڭ، ھايات ۋە كىشىلەرنى چۈشىنىشى چوڭقۇر، كەلگۈسىگە بولغان مۇھەببىتى قايناق، ئىلمىي ئىزدىنىش غايىسى بىلەن مەنىۋى مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش روھى تولۇپ-تاشقان ئالاھىدە تىپتىكى يېڭى ئادەم بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ.

كىتابخانلارغا ياخشى مەلۇم بولغىنىدەك، ئاپتور رومانىدا ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدەبىيات بىلەن مىللىي تارىخ تەتقىقاتى بويىچە كەسپىي تەربىيىلىنىشىنى مەقسەت قىلىدىغان ياش قەھرىمانىنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىش پائالىيىتىنى ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىدىن ۋاقىتىنچە ئايرىپ ئىچكىرىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ئىلمىي مۇھىتى ئىچىگە قويغان. بۇنىڭدا ئاپتور ئەينى يىللارنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن ئۆز قەھرىمانىنىڭ ئىدىيىۋى

خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ھېسابقا ئالغان. ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە باركى، ئەللىكىنچى يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدا مىللىي پەن خادىملىرىنىڭ مىللىي ئەدەبىيات، مىللىي تارىخ ئۈستىدە ئىزدىنىشىنىڭ ھەرقانداق يولى كېسىپ تاشلانغانىدى. سول مىللىي سىياسەتنىڭ بېسىمى بىلەن ئىلىم-پەن دېموكراتىيىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئۇلارنى ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. مۇنداق ئىمكانىيەت پەقەت ئىچكى ئۆلكىلەردىكى پەن-تەتقىقات خادىملىرىدىلا بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنىڭ كېيىنكى تەربىيىلىنىشىنى ئاڭلىق ھالدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ئىلمىي تەربىيە مۇھىتىغا يۆتكىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنى نىسبەتەن كەڭ ۋە مۇنتىزىم بولغان ئىلمىي تەربىيە مۇھىتىغا قويۇپ چېنىقتۇرۇشنى، ئۇنىڭ پىكىر ۋە چۈشەنچىسىنى نىسبەتەن كەڭ ۋە ئىلغار ئىجتىمائىي شارائىت ئاساسى بىلەن تەمىنلەشنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يېتەرلىك كەسپىي نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە ئىگە، ھايات ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىشى كەڭ ۋە ئەتراپلىق بولغان مۇكەممەل پەن خادىمى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى كېيىنكى ئىز-دىنىشلەردە ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغۇزۇشنى مەقسەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەلانىڭ ئىلغار ۋە مۇنتىزىم بىلىم يۇرتلىرىدا نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئۆز يۇرتىدا ئىلمىي ئىزدىنىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زامانىۋى مىللىي پەن تەتقىقات خادىمى ئىكەنلىكىدەك تۈپ ئالاھىدىلىكى تولۇق گەۋدىلەنگەن.

ئاپتور روماندا ئۆز قەھرىمانىنىڭ ھايات پاجىئەسىنى مۇھەببەت، سىياسەت ۋە ئەخلاق بويىچە ئۈچ ئىسىيىلىك زىددىيەتلەر، تەرەققىياتى ئىچىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئەلانىڭ ئىلىم-پەن يولىدىكى ئىزدىنىشى، ئۇنىڭ مەنىۋى مۇكەممەل-لىككە بولغان ئىنتىلىشى بولۇپ، بۇ نەرسە روماندىكى ھەممە ۋەقە-ھادىسىلەرگە تەبىئىي ھالدا سىڭىپ، ئەلانىڭ ئۆزىگە خاس ھايات يولىنى كەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ ئىلىم-پەنگە چوڭقۇر مۇھەببەت قويغانلىقى، ئۆزىنىڭ بۇ ھاياتىي غايىسىگە ئاخىرغىچە سادىق بولۇپ قالغىنى ئۈچۈنلا تۇرمۇش ۋە تەشكىلىي تەرەپلەردە زەربە ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچراپ، جەمئىيەتنىڭ ئارتۇقچە كىشىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەلا تۇرمۇشقا قەدەم قويۇشى بىلەن تەڭلا ئۆز سەب-داشلىرىغا زادىلا نېسىپ بولمايدىغان ناھايىتى ئوبدان تەشكىلىي ئىتتىبارغا، كەم تېپىلىدىغان گۈزەل ۋە نازاكەتلىك بىر قىزنىڭ پاك ۋە سەمىمىي مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق لەززەت ۋە قەدىر-قىممەتكە تويۇنغان ياشلىقى ھەتتا بەختلىك ئائىلىۋى تۇرمۇش بىلەنمۇ كاپالەتلەندۈ-رۈلىدۇ. لېكىن ئەلانىڭ ھاياتىي مەقسىتى يالغۇز بەختلىك ئائىلىگە ئېرىشىشلا ئەمەس ئىدى. ئۇ غايە ۋە ئەقىدە ئىگىسى بولۇپ، ئۆز خەلقى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىشنى، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ھاياتنى يېڭىلاش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇشنى خالايتتى. دەل مۇشۇ نەرسە يەنى غايە ۋە مەق-سەتكە ئېرىشىش يولىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىش ئۇنى تەشكىلىي ئىتتىبارىدىنمۇ، كەسپىي شۆھرىتىدىنمۇ، ئائىلىۋى بەختىدىنمۇ

مەھرۇم قىلدى. دېمەك، ئەلانىڭ ھايات پاجىئەسىگە ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلە ھەۋەسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىلىم-پەن يولىدىكى غايىۋى ئىزدىنىشى سەۋەب بولدى. بۇ نەرسە روماندا ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئەلا خاراكتېرىنىڭ مەزمۇنىنى، ئۇنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنىڭ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا روماندا يەنە ئەلانىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلە قارىشىغا ئائىت بىر مۇنچە كۆرۈنۈشلەرمۇ تەسۋىر-لەنگەن بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ ئىلىم-پەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن يېڭىچە مەنىۋى پەزىلەتلىرىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەلانىڭ مەنىۋى دۈشمىنى بولغان رەقىب ئۇنى تەشكىلىي تەرەپتىن يېڭىپ، ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتكىنىدىن كېيىن، گۈزەلئايىنىڭ مەنىۋى زەئىپلىكلىرى بارغانچە چوڭقۇرلىشىشقا باشلايدۇ. ئۇ يالغۇزلۇق ۋە ھاجەتمەنلىك ئازابىدا ئۆزىنى يېتىم ۋە بىچارە ھېس قىلىدۇ. بۇ چاغدا رەقىب ئارىغا كىرىپ، ساختا شەپقەت ۋە يالغان ھېسداشلىق بىلەن ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولۇۋالىدۇ. ئېزىقتۇرغۇچى ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەن ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭدا ئەلاغا نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىك ۋە ئىشەنچسىزلىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ نەرسە ئاخىرى ئەلانىڭ بەختلىك ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەسلىدە بۇ مۇ-ھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاقىي قاراشلارغا يات بولغان، ئەرلىك نومۇسى بىلەن ئائىلىنىڭ ئىززەت-نەپسىگە ئېغىر تاقىلىدىغان بىر خىل نەپرەتلىك قىلىق ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلا رەقىبتىن

كېلىشتۈرۈپ ئۈچ ئېلىشنى، ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك تەقى-بەشە-
رىسىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىۋى،
مۇھەببىتىنىڭ پاكلىقىنى قوغدىشى لازىم ئىدى. لېكىن ئەلا
مۇنداق قىلمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنىڭ
بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا سۈكۈت قىلىش
پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، بۇ زىددىيەتتىن مەقسەتلىك ھالدا
ئۆزىنى تارتىدۇ. مۇنداق بولۇشىغا ئەلانىڭ خاراكتېر
ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلىلىرى
توغرىسىدىكى يېڭىچە قاراشلىرى سەۋەب بولىدۇ. ئەلا پۈتۈن
ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم-پەنگە بېرىلگەن، ئۆگىنىش ۋە
ئىزدىنىشكە بارلىقىنى بېغىشلىغان ئىلىم خادىمى، بۇ ئۇنىڭ
خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ يادروسى. مۇبادا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ
خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە سادىق بولماي، رەقىبىتىن ئۆچ
ئېلىش يولىغا كىرىپ، تەشكىلىي دەۋالار بىلەن جېدەل-ماجى-
رالار مۇھىتىدا لەيلەپ يۈرسە، ئۇ چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ
غايىۋى مەقسىتىدىن يىراقلىشىپ، ئىلىم-پەن خادىمىدىن
سىياسىي، تەشكىلىي كۈرەش ئادىمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ،
ئېنىقكى بۇ نەرسە ئەلا ئوبرازىنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنىڭ
بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەلا بۇ
ئىشتا گۈزەلنايىنىڭ پىكىر ۋە چۈشەنچىسى بىلەن رايى ۋە
ئىختىيارلىقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۆز ئىرادىسىنى ئۇنىڭغا
زورلاپ تېڭىشنى، ئۆزىنى مەجبۇرىي ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ
قىلىشنى، ئۇنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئەرلىك ھۆكمى
ئاستىدا تۇتۇشنى خالىمايدۇ. مۇنداق قىلىشنى ئۇ ئۆزىنىڭ
ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە قىلىنغان ھاقارەت ۋە ھۆرمەتسىزلىك
دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئايال كىشى ئەرۇر

بويىچە، ئەرلەرنىڭ ئىرادە-ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشايدىغان مەنىۋى قۇل ئەمەس، ئۇمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئىرىك ئادەم، غايە ۋە ئىستەك ئىگىسى. ئۇ ياخشى كۆرۈش ھوقۇقىغىمۇ، نەپرەتلىنىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە. ئۇنىڭمۇ خالاش، ئىنتىلىش، چېكىنىش ۋە رەت قىلىش ئەركىنلىكى بار. شۇڭا ھازىرقى، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتى بىلەن رېئال ئائىلىۋى تەلەپلەرنى ئاياللارنىڭ ئىرادە كۈچىدىن ئۈستۈن بولغان مۇقەددەس نەرسە دەپ ھېسابلىغىلى، ئۇنى غايىۋى مەنىلىي ئەخلاقىمىزنىڭ تەۋرەنمەس ئۆلچىمى قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەرلەر ئىرادىسى پەقەت ئايال-تەرەپ ئاجىز ۋە تەڭسىز ئورۇندا تۇرغان چاغدىلا تەسىرى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ۋاھالەنكى مۇنداق ئەھۋالدا ھەقىقىي ئازاد مۇھەببەتمۇ، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان پاك ۋە ساغلام ئائىلىۋى مۇناسىۋەتمۇ بولمايدۇ. ئەلا كۆزلىتايىنىڭ رەقىپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئۆزگىچە مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلە-لىرى توغرىسىدىكى مۇشۇنداق يېڭىچە قاراشلىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ. قارىماققا بۇ ئەلانىڭ بوشاڭلىقى ۋە ئىرا-دىسىزلىكىدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھايات قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، تۇرمۇش مۇرەككەپلىكلىرىنى ئەمەلىي ھېس قىلىپ يەتكەن، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ بېسىمىدىن خالىي، ئازاد ۋە ئەركىن پىكىر ئىگىسى بولغان يېڭىچە بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكى بىلەن ھاياتىي ئەتنىيەتلىكىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ. ئومۇمەن قايسى تەرەپتىن قارىمايلى، ئەلا ئوبرازىدىن چىنلىق پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولمىغان، ھاياتنىڭ مەنتىقىلىق تەرەققىياتىغا خىلاپ كېلىدىغان، پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدىن ھالقىپ

كەتكەن بىرەر نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەكسىنچە ئۇ ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنىڭ ئىجادىي تېپىكلەشتۈرۈلۈشىدىن بارلىققا كەلگەن يېڭى ئىجادىي بەدىئىي ئوبراز بولغانلىقى بىلەن بىزنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

«ئىزدىنىش» رومانىنىڭ يېتەرسىزلىكى ئۈستىدە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۇنىڭدا ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇقىغا پايدىسىز تەسىر كۆرسەتكىدەك بەزى نەرسىلەر ئۇچرايدۇ. بۇ نەرسىلەر ئالدى بىلەن، ئەلانىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكىنىڭ دېگەندەك كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېچىلمىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پىكىر مۇلاھىزىلىرىدە كۆپرەك ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن كىتابىي ھەقىقەتلەر ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن كىتابتىن تەشنا بولۇپ تۇرغان ئەمەلىي مەسىلىلەرگە ئانچە كۆپ تەگمەيدۇ. بەزى چاغلاردا ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن كىتابتىن قەلبىدىكى مەنىۋى يۈكسەكلىكنى ئۇنتۇپ، جاپا-مۇشەققەتنى ئەسلەپ راھەت-پاراغەتنىڭ قەدرىگە يېتىشكە ئوخشاش ئادەتتىكى ئىدىيىۋى تەسىراتلارغا بېرىلىپ كېتىدۇ. تەبىئىيكى بۇ نەرسىلەر ئاپتورنىڭ بەدىئىي غايىۋى مەقسىتىنىڭ سىمۋولى ۋە گەۋدىلىنىشى بولغان باش قەھرىمان ئوبرازىنىڭ مەنىۋى پەزىلەتلىرىگە تازا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

X X X

«ئىز» ۋە «ئىزدىنىش» رومانلىرى تېماتىك مەزمۇن يېقىدىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. «ئىز» مىللىي

تارىخىمىزنىڭ پارلاق، لېكىن ئېچىنىشلىق بىر كۆرۈنۈشىنىڭ رەڭدار بەدىئىي كارتىنىسى سىزىپ بېرىلگەن تارىخىي رومان. «ئىزدىنىش» بولسا رېئال تۇرمۇش قاينامىلىرى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن يېڭى بىر ئادەمنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى ئېچىپ بېرىلگەن ئىجتىمائىي رومان. لېكىن بۇ رومانلار ئىدىيە ۋە بەدىئىي چوڭقۇرلۇقى يېقىدىن بەزى ئورتاقلىقلارغا ئىگە.

ئالدى بىلەن بۇ ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي ھايات يېڭى، ئىجادىي نۇقتىدىن يورۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلاردا مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ يېڭى، ماھىيەتلىك تەرىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تېماتىك مەزمۇن يېقىمدىن ئالساق «ئىز» رومانىدا فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمى شارائىتى ئاستىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ، ئاڭلىق ئىدىيەۋى يېتەكچىلىكتىن خالى بولغان ئاممىۋى ئىستىخىيىلىك كۈرەشنىڭ مەغلۇبى-يەتلىك تەقدىرى بىلەن ئۇنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرىنىڭ بە-دىئىي يەكۈنى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا، «ئىزدىنىش» رومانىدا ھەر قانداق ئەنئەنىۋى كۆز قاراشتىن خالى، ئىزدىنىش ۋە يول ئېچىش غەيرىتىگە ئىگە، ئۆزىگە خاس غەيرەت ۋە شىجائىتى بار غايىلىك يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقى يورۇتۇلغان. لېكىن بۇ ئىككىلا رومان يەنە يۇقىرىقى تېماتىك مەزمۇنلىرىدىن باشقا بىر مۇنچە يېڭى ئىچكى مەنالارغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ بىرەر يېڭى ھېكمىتىنى، ھاياتنىڭ تېخى ھېس قىلىنمىغان بىرەر ئالاھىدە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، كىتابخان ئەقلىگە مۇئەييەن يېڭى بىر نەرسە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىتابخانىڭ ھاياتىي ئاڭلىقلىقى ئۆسۈپ، كىشىلەر مۇناس-

ۋەتىنىنىڭ سىرى ۋە ماھىيىتىنى چۈشىنىشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشىدۇ. مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ئەقىلگە يېڭى بىر نەرسە قوشۇلۇپ، خەلقىنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

ئۇندىن باشقا بۇ ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنىڭ چىن ۋە رېئاللىقىمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. ئاپتورلار ئۆز رومانلىرىدا ھېچقانداق بىر پېرسوناژنى پەردازلىمايدۇ. ئۇلارغا ئارتۇقچە سۈپەت ۋە پەزىلەتلەرنى زورلاپ تاڭمايدۇ. ئۇلار جامائەتچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرمۇشتىكى رېئال ئادەمنىڭ ھاياتىي سۈپەتلىرىنىڭ تېپىكلەشتۈرۈلۈشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدىن بارلىققا كەلگەن جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار سۈپىتىدە ئايان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجابىي پېرسوناژلىرىمۇ، سەلبىي پېرسوناژلىرىمۇ ئوخشاشلا روھىي دۇنياسى مۇرەككەپ، تۇرمۇش يولى ئەگرى - توقاي، خاراكتېر يېقىدىن جانلىق ۋە ھەرىكەتچان، ھەر قانداق ۋاقىتتا ھايات ئەقىدىسىدىن قايتمايدىغان تىرىك ئادەملەر. ئۇلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى بىلەن ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى، سىياسىي - ئىدىيىۋى چۈشەنچىلىرى بىلەن ئوي - پىكىر ۋە ھېس - تۇيغۇلىرى تەبىئىي بىرلىككە ئىگە. ئۇلار غەلىبە قىلىدۇ، مەغلۇب بولىدۇ، ئىلگىرىلەيدۇ، چېكىنىدۇ، خۇشال بولىدۇ، ھەسرەتلىنىدۇ، ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشىش يولىدا ھېچنىمىدىن قايتمايدۇ. ئۇلار بەزى چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ ئەقىل - پاراسەتلىرىنى كۆرسەتسە، بەزى چاغلاردا باللارچە ساددىلىق ۋە كەم ئەقىللىق بىلەن تۈگىمەس دەرد - ھەسرەتكە قالىدۇ. ئۇلاردا ئوخشاشلا رېئال ھاياتنىڭ روشەن ئىزلىرى، دەۋر شارائىتىنىڭ چوڭقۇر

تاشقىلىرى بولۇپ، ئۇلارنى ئادەتتىكى ئادەمنى سۆزپەتلەر بىلەن سىياسىي ئۇقۇم ئالامەتلىرى ئەمەس، بەلكى ئىددىيە ۋە دۇنيا قاراشتىكى تۈپ ماھىيەتلىك پەرق ئايرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا پېرسوناژلار خاراكتېر چىنلىقى بىلەن تۇرمۇش رېئاللىقى ھالىتىدە گەۋدىلىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىرەر ھېكمىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئەسەرلەرنى ئوخشاشلا يېڭى ئىجادىي سەنئەتنىڭ بەدىئىي مېۋىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئۇلاردا قوللىنىلغان بەدىئىي ئىپادە قىلىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باي، خىلمۇ خىل، جانلىق ۋە رەڭدارلىقىدا، شۇنداقلا ھەرقانداق پىكىر ۋە خاھىشنىڭ سەنئەت ۋە ئوبراز ئۈستىدە يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بەدىئىي تەسۋىرنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن تولۇق ۋە ئىجادىي پايدىلانغان بولۇپ، ئۇلاردا ئوبرازلىق ۋە ھېسسىياتلىق بەدىئىي تىل ئارقىلىق ۋەقە - ھادىسىلار بىلەن ئوبراز ۋە شەيئىلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇلار تەپسىلات، مۇھىت، پېرسوناژ، پورترېت، ھەرىكەت ۋە پسىخىك تەسۋىرلەردە [illegible] يۇقىرى روشەنلىك ۋە جانلىقلىققا ئېرىشكەن. بايانىدا ۋەقە - ھادىسىلارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىنى مۇقىم بەدىئىي تەرتىپ بىلەن ئېنىق بەدىئىي يۈزلىنىشتە كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا، قۇرۇلمىدا پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن تېماتىك مەزمۇننىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، ۋەقە - ھادىسىلارنى جانلىق ۋە مەنتىقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، قاتلاملىرى ئېنىق، بەدىئىي ماسلىشچانلىقى كۈچلۈك، مۇقىملىق بىلەن ھەرىكەتچانلىق ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىي بەدىئىي قۇرۇلما تۈزگەن.

سيۇژېتىنىڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنغا باي بولغان تىپىك ۋە-
قەلەردىن تۈزۈلۈشىگە، پېرسوناژلار مۇناسىۋىتى بىلەن زىددى-
يەتلەر، تەرەققىياتىنىڭ دولقۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق بولۇشىغا،
ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان مۇرەككەپلىك ۋە-
ئەگرى - توقايلىقتا ئېرىشىشكە، كۈتۈلمىگەن نەتىجە بىلەن
ئاخىرلىشىشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. دېئالوگلارنىڭ
جانلىق ۋە ئىندىۋىدۇئال بولۇشىغا، پېرسوناژلارنىڭ ئىدى-
يىۋى خاراكتېرىغا ماس، ئىچكى مەزمۇنغا باي بولۇشىغا
كۈچ چىقارغان. قىسقىسى ئۇلار ئىزدەنگەن، ئەمگەك قىل-
غان، يېڭىلاش ۋە ئىجاد قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان.
باشقىلار ئاچقان تەييار يولدىن مەنپەئەتدار بولۇشتىن،
ئەگىشىش ۋە تەكرارلاشتىن، ئەنئەنە ۋە ئادەت كۈچلىرىگە
بېرىلىشتىن قاتتىق ساقلانغان. نەتىجىدە ئىجادىي سەنئەت-
نىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئەمەلىي ھالدا جارى قىلىپ، مۇئەييەن
ئىدىيە ۋە بەدىئىي چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولغان ئىجادىي بەدى-
ئىي ئەسەرنى ياراتقان. بۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە زوردۇن
سابىرنىڭ ئۆز خەلقى ئالدىدىكى ۋىجدانىي بۇرچىنى تولۇق
چۈشىنىپ يەتكەن تەلەپچان يازغۇچى سۈپىتىدە سوتسىيالىستىك مىل-
لىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان ئەمەلىي تۆھپىسىدۇر.

«ئۆتكەنلىك كۈرۈۋە» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن بىزنىڭ
سوتسىيالىستىك مىللىي پروزىمىز غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈردى. ئۇ خەلققە ۋە رېئاللىققا يۈزلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ
ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇش ۋە كۈرىشىنى چوڭقۇر
ئۆزلەشتۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ غايە ۋە ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈ-
رۈلگەن بىر مۇنچە يىرىك ئەسەرلەرنى ياراتتى. ئۇلاردا ئىجتى-

مائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەھمىيەتلىك ۋەقە-ھادىسىلىرى تەسۋىر-
لەنگەن. شۇنداقلا بۇ ئەسەرلەرگە يەنە پىروزىمىزنى يىرىك
ئەسەرلەر ئىجادىيىتىگە يۈزلەندۈرۈپ ئۇنى تۇرمۇشنى ئەكس
ئەتتۈرۈشنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقىغا ئىرىشتۈرۈش يولىدىكى
ئالىيجاناب مەقسەت بىلەن جاپالىق ئىزدىنىش روھى سىڭدۈرۈل-
گەن. شۇڭا بۇ ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە
ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر،
بۇ ئەسەرلەر رومان ئىجادىيىتىمىزنىڭ دەسلەپكى بەدىئىي
مېۋىلىرى سۈپىتىدە مۇناسىپ دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈ-
لۈشى كېرەك.

لېكىن بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ
رومانچىلىقىمىز ئەمدىلا باشلاندى. ئۇ رومان ئىجادىيىتىنىڭ
ئۆزىگە سىڭ بولۇپ كەلگەن بىر مۇنچە بەدىئىي ھەقىقەتلىرى
بىلەن تېخى تولۇق ئۇچراشقىنى يوق. شۇڭا رومانلارنىڭ
كۆپىنچىسىدە بىر مۇنچە يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت. بۇ رومانلار-
نىڭ بەزىلىرى جەمئىيەتتىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن
ھەر قايسى قاتلام ۋە تەبىقىلەرنىڭ ئىجتىمائىي سىيا-
سىي ئورنى توغرىسىدىكى قاتمال چۈشەنچىلەرنىڭ ئەندىزى-
لىك بايانىغا، چىنلىق ئاساسى بولمىغان ۋەقە-ھادىسىلارنىڭ
زېرىكىشلىك تىزمىسىغا ئايلىنىپ قالغان بولسا بەزىلىرىدە،
پېرسوناژلار خاراكتېرى بىلەن زىددىيەتلەر توقۇنۇشى بەكمۇ
ئاددىي، بەكمۇ ئادەتتىكىچە لايىھىلەنگەن بولۇپ، ئۇلاردا
ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ باي ۋە
مۇرەككەپلىكى ئەكس ئەتمىگەن. بەزىلىرى ئەسەر تېمىسى
بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىغا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان ئەھمى-
يەتسىز ۋەقە-ھادىسىلەر بىلەن تۇرمۇش خام ماتېرىياللىرىغا

بېرىلىپ كەتكەن بولسا، بەزىلىرى ھەتتا رومان ئىجادىيەتچىلىك
مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك تەرەپلەردىكى ئەقەللىي تەلەپلەرنىمۇ
يەتمىگەن. بۇ ئەسەرلەردىكى ئىجادىي قەھرىمانلارنىڭ ھايات
يولى شۇنچىلىك تۈز، شۇنچىلىك راۋان بولۇپ، ئۇلارغا
ھەرقاچان ئۇتۇقلۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەت ھەمرا، ئىجتىمائىي ھايات
گويا ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ
قويۇلغاندەك، ئۇلار تۇرمۇش يولىدا ھېچقانداق توقۇنۇشسىزلىق-
لارغا ئۇچرىمايلا توپتوغرا مېڭىپ غەلىبە قىلىدۇ. سەلبىي پېر-
سوناژلار بولسا ھەر قاچان دۆت ۋە بىچارە كېلىدۇ. ئۇلار
گويا تەقدىر يېتىلىش ۋە كېلىشمەسلىكتىن باشقا ھېچنەرسە
يۈتمىگەندەك، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئوخشاشلا مەغلۇپ بولىدۇ.
ئۇلار تۇرمۇشنىڭ بىر تەرىپىنى تەشكىل قىلغۇچى رېئال
ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىجابىي قەھرىماننىڭ
دائىملىق غەلىبىسىنى مەيدان ۋە شارائىت بىلەن تەمىن
قىلغۇچى بىر ۋاستە سۈپىتىدىلا تەسۋىرلىنىدۇ. قىسقىسى، بۇ
ئەسەرلەردە كىشىلەر مۇناسىۋىتى بىلەن ئىجادىيەت ھادىسىلىرى
بەكمۇ ئاددىي، بەكمۇ ئەندىزىلىك تەسۋىر قىلىنغان بولۇپ،
ئۇلاردا سەنئەت ئورنىنى سىياسەت، تۇرمۇش ئورنىنى ئۇقۇم
ۋە چۈشەنچە، ئىجادىي پىكىر ۋە ھاياتىي ھېكمەت ئورنىنى
ھەممە كىشى بىلىدىغان ئاددىي تۇرمۇش ھەقىقەتلىرى ئىگىلى-
گەن. كىتابخاننى ئوبراز ۋە ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىرلەندۈر-
دىغان ئىجادىي بەدىئىي پروزىنىڭ تۈپ شەرتلىرى تەييارلانمىغان.
شۇڭا ئۇلارنى ھەقىقىي ئوبرازلىق سەنئەت دەپ ئاتاش تەس.

تۇرمۇش باي ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. بۇ مۇرەككەپلىك
ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئالدى بىلەن پېرسوناژ مۇرەككەپلىكى
بىلەن بەدىئىي مۇرەككەپلىكتە ئەكس ئېتىدۇ. ئەسەرلەردىكى

پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكى، ئۇلارنىڭ
تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ كەسكىن ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي
توقۇنۇشلار ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە ھېس-
تۇيغۇلىرىنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇكلۇقى، تۇرمۇش ۋە ئادەملەرنى
چۈشىنىشىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق
ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئىرادە ۋە ئەقلىي كۈچى بىلەن ھەرىكەت
قىلىدىغان مۇستەقىل ۋە تىرىك ئادەملەردىن بولىدىغانلىقى
پېرسوناژلار مۇرەككەپلىكىنى تەمىن قىلىدىغان ئامىللاردۇر.
بەدىئىي مۇرەككەپلىك بولسا نازۇك ۋە مۇرەككەپ ئىجادىي
تەسەۋۋۇرلاردىن تۇغۇلغان مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلما، ۋەتە ۋە
پېرسوناژلارنىڭ تۈپ خاراكتېرى بىلەن ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ماھىيەت-
لىك بەلگۈلىرىنى، ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان جانلىق
بەدىئىي تەسۋىر، ئاپتورنىڭ ئىجادىي خاسلىقى بىلەن پېرسوناژنىڭ
ھاياتىي ئۆزگىچىلىكىدىن تۇغۇلغان ئوبرازلىق بەدىئىي تىل،
بەدىئىي ۋاستىلەردىكى رەڭدارلىق ۋە خىلمۇ خىللىق بىلەن
پورما ۋە شەكىل ئۈستىدىكى يېڭىچە بەدىئىي ئىزدىنىشلەرنىڭ
يېڭى بىر بەدىئىي غايىۋى مەقسەت ئاساسىدا ئىجادىي بىرلەش-
تۈرۈلۈشىدىن بارلىققا كېلىدىغان بەدىئىي چوڭقۇرلۇقتىن ئىبا-
رەتتۇر. بۇ ئىككى نەرسە بەدىئىي ئەسەرنىڭ جېنى بولۇپ،
ئۇ ئاپتورنىڭ ئىجادىيەتتە يېڭى يول ئېچىۋاتقانلىقىنىڭ،
يارىتىش ۋە ئىختىرا قىلىشىنىڭ يېڭى بەدىئىي پەللىگە
قاراپ تىنىمسىز ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنىڭ، ھايات ۋە كىشىلەر
قەلبىنىڭ باي ۋە گۈزەللىكىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش
يولىدا تىرىشىپ ئىزدىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

ھەقىقىي ئىجادىي يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش ئۇق-
تىسى يۈكسەك، بەدىئىي ئىستىتىك تەلىپى يۇقىرى بولۇپ،

ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە كىتابخانىلارنىڭ ئادەتتىكى سەۋىيە ۋە چۈشەنچىسىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دەۋر تەرەققىياتى بىلەن بىللە ئۆسۈپ بېرىۋاتقان يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىسىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ ئىجادىيەتتىكى ھەر قانداق ئاددىيلاشتۇرۇ- ۋېتىش خاھىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ خاھىش تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىغا خىلاپ بولۇپ، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى مۇرەككەپلىكى بىلەن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىش پرىنسىپىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇنى قاتماللىق ۋە چەكلىنىش يولىغا باشلايدۇ. شېئىرىيەتتىكى ئاددىيلىق ۋە مۇرەككەپ بولماسلىق تەلىپى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى ئادەتتىكى قوشاق- چىلىق ۋە نەزمىكەشلىك ئېقىمىغا باشلىمىغىنىدەك، پروزىدىكى ئاددىيلىق ۋە مۇرەككەپ بولماسلىق تەلىپىمۇ رومانچىلىق ئىجادىيىتىنى پروزىنىڭ ئىپتىدائىي پورمىسى بولغان بايانچى- لىق دەۋرىگە باشلايدۇ.

ئىجادىيەتتە دەۋرنىڭ يېڭى سەۋىيە ۋە يېڭى تەلىپىنى ئاساس قىلىپ، تۇرمۇش مۇرەككەپلىكىنى بەدىئىي مۇرەككەپلىك ھالىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش يولىدا تىنىمسىز ئىزدىنىش، ئەسەر ئارقىلىق كىشىلەرگە ھاياتنىڭ يېڭى بىر ھېكمىتىنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي چۈشەنچىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش بولسا پروزىمىزغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ، ئۇنى يۈكسىلىش ۋە راۋاجلىنىشنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنى پەقەت كەڭ ۋە چوڭقۇر تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولغان، يېتەرلىك ئىجتىمائىي بىلىم ۋە بەدىئىي تەربىيىلىنىش سەۋىيىسىگە ئېرىشكەن، ئىجاد قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىرادىسى تولۇپ — تاشقان ھەقىقىي ئىجادكار ئاپتورلا ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

## تارىخ، تارىخىي رومان ۋە رېئاللىق

### — تارىخىي رومان «ئىز» توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئابلىمىت ئىسمايىل

11-نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومان ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى خېلىلا تېز بولدى. بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن رومانلار ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ گۈزەل ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋىلىك ھەم بەدىئىيلىك جەھەتلەردە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىشقا ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنىمۇ نامايەن قىلدى.

مەن بۇ ماقالەمدە يولداش ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق رومانىنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

1

تارىخىي رومان — تارىخ ئىلمى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، ئۇ تارىخ چىنلىقى بىلەن بەدىئىي

چىنلىقىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى. تارىخىي چىنلىق - تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتى، بەدىئىي چىنلىق بولسا تارىخ چىنلىقىنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئوبرازلىق ئىنكاسى. تارىخىي تۇرمۇش رەڭگا رەڭ ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ، ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى نەتىجىسىدە ماھىيەتلىك تەرەپ بىلەن ماھىيەتسىز تەرەپ ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەگەر يازغۇچى تارىخىي تۇرمۇشنى پىششىق ئۆگەنمەي، ئايرىم تارىخىي خاتىرىلەر ياكى ئۇيەر-بۇيەردىن ئاڭلىۋالغان رىۋايەت خاراكتېرلىك ۋەقەلەرنى ئاساس قىلىپ ئەسەر يازىدىغان بولسا، ماھىيەت بىلەن ھادىسىنى ۋە راست بىلەن يالغاننى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ تويۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ-دە، تارىخىي تۇرمۇشنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. پەقەت تارىخ چىنلىقىنى بەدىئىي جەھەتتىن ئەتايىدىل پىششىقلاپ ئىشلەپ، كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ، ماھىيەتلىك بولمىغان نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى پۇختا مەركەزلەشتۈرۈپ تىپىكلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن تارىخنىڭ قانۇنىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەر قەلبىنى مەپتۇن قىلغۇدەك كۈچلۈك بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. يولداش ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانى ئەنە شۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا چىققان تارىخىي رومانلار ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

يازغۇچى بۇ روماندا، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن 1912-يىلى قۇمۇلدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۆتۈشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بىر قانلىق سەھىپىنى ئوبرازلىق يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مول، ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى

كەڭ، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنى شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ مۇرەككەپ سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتى ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەدىئىي كارتىنا دېيىشكە بولىدۇ.

يازغۇچى بۇ تارىخىي روماندا، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولغان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ مەنبەسىنى چوڭقۇر ئېچىپ، شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە سىگنالى چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالدى. ئۇ شىنجاڭدىمۇ كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، ئۈرۈمچى، ئىلى، قۇمۇل، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە ۋە يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ پارتلىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ قوزغىلاڭلار ئىچىدە تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ھەممىدىن كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. خۇددى «ئىز» ناملىق روماننىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېيتىلغىنىدەك، بۇ قوزغىلاڭ «شۇنداق كۈچەيگەنىدىكى، ئۇچيۈز نەچچە يىللىق قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ كۆيمىقاپقا ئوخشاپ كېتىدىغان سۇرلۇك ئوردىسى بىلەن ئۈرۈمچى جاڭجۈنلىرىنىڭ قارا دەرۋازىلىق يامۇللىرى زىلزىلىگە كېلىپ، گۇم بولۇشقا ئاز قالغانىدى». ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ سەلتەنەتلىك دېھقانلار قوزغىلىڭىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى شىنخەي ئىنقىلابى بىلەن باغلاپ تەسۋىرلەپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولغان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ مەنبەسىنى ئېچىپ بېرىشكە ئالاھـ

دە كۈچ سەرپ قىلغان. بۇنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى: شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تولۇق قوزغىلىشىغا بولغان تەسىرىنى ئىپادىلەش. بۇ، يازغۇچى، مۇشۇ رومانىنى يېزىشقا نىيەت باغلاپ ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشكەندىن تارتىپ، تا ئۇنى يېزىپ پۈتتۈرگىچە بولغان پۈتكۈل ئىجادىيەت داۋامىدا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلە. يازغۇچى بۇ مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، يالغۇز تولۇق دېھقانلار قوزغىلىشىنىڭ تارىخىنى پىششىق ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب دولقۇنلىرى توغرىسىدىمۇ ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئىچىدىن ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىغا ئوخشاش تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقەلەرنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا تولۇق دېھقانلار قوزغىلىشى بىلەن چېتىشتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە خەۋىرى شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، چىڭ خاندانلىقىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ۋە يەرلىك فېئودال خانلارنىڭ قاتتىق زۇلۇم-خورلۇقلىرىدىن بىزار بولۇپ، ئۇچقۇن تەگسىلا ئوت ئالغۇدەك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ھەرمىللەت خەلقى شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلھاملىنىپ، تەرەپ-تەرەپتىن قوزغىلىشقا باشلىدى. 1911-يىلى 12-ئاينىڭ 28-كۈنى ئۈرۈمچىدە ليۇجەنشۆك باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيە كىشىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1912-يىلى 1-ئاينىڭ 7-كۈنى ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى. بۇ ئىنقىلاب ئارقىلىق چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىلىدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، 1-ئاينىڭ 10-كۈنى

ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىن-
جاڭدىكى باش ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارى يۈەن داخۇا ئۈرۈمچى
قوزغىلىڭىنى خائىنلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا تايىنىپ قوراللىق
باستۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىنى قوزغال-
غان ھامان باستۇرۇۋېتىشكە ئامالسىز قالدى. ئىلى خەلق ئىن-
قىلابىي قوشۇنى ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلغاندا، ئۇ قاتتىق
ئالاقزادە بولۇپ ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قې-
لىش ئۈچۈن، جەنۇب ۋە شەرقىي شىنجاڭدىن ئەسكەر يۆتكەش-
كە جىددىي كىرىشتى. يۈەن داخۇا قومۇلدا تۇرۇشلۇق ھەربىي
باشلىق جۇدىپىڭغا ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن دەرھال ئۈرۈمچىگە
يېتىپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە
قومۇل ۋاڭى شامەخسۇتقا خەت يېزىپ، «ئىلىدىكى توپىلاڭچى
ئوغرىلارغا جازا يۈرۈشى ئېلىپ بېرىش» ئۈچۈن «بىر نەچچە
يۈز ئاتلىق مەرگەن ئەۋەتىپ بېرىش»نى تەلەپ قىلدى ھەمدە
«دەرھال چارە-تەدبىرلەرگە كىرىشىپ،... يامان ئادەملەرنىڭ
قومۇل زېمىنىدا توپىلاڭ قىلىشىغا زىنھار يول قويماسلىق»نى
بۇيرۇدى. شامەخسۇت ۋاڭ بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كې-
يىن، بېيجىڭدا جان تالىشىۋاتقان «چىڭ خاندانلىقىغا بولغان
ساداقىتىنى بىلدۈرۈش» كە ئالدىراپ، شۇ كۈنىلا ئوردا كې-
ڭىشىنى چاقىردى ۋە مۇنۇلارنى جاكالىدى: «ئۇرۇش خىراجىتى
ئۈچۈن ھەر تۈتۈن (ئائىلە) دىن مال-نەقلىغا قاراپ، ئون
سەردىن قىرىق سەرگىچە كۈمۈش پۇل توپلانسۇن؛ ئىككى-ئۈچ
ئوغۇللۇق پۇقرالاردىن بىر ئوغۇل ئەسكەرلىككە ئېلىنسۇن؛ يال-
غۇز ئوغۇللۇق ياكى ئوغلى يوق تۈتۈنلەرنىڭ ھەر بىرى يۈز
سەر كۈمۈش، ئەللىك سەر قەغەز پۇل چىقىرىپ، باشقا بىر
كىشىنى ئەسكەرلىككە ياللاپ بەرسۇن، ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلار-

نىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئىگەر-جابدۇقلۇق ئېتى ۋە كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن كەلسۇن...». شامەخسۇت ۋاڭ بۇ ئادالەتسىز قارارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، مەجبۇرىي ھالدا ئىككى يۈز ئاتلىق مەرگەن تەييارلاپ، ئۇلارنى «ئۈرۈمچى جاڭجۈنىنىڭ ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش» كە ئەۋەتىدۇ. ئەمما بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇلاردىن ئەللىك بەش مەرگەن ئۆلۈپ، ئوتتۇز سەككىز كىشى يارىدار بولىدۇ. قالغانلىرى جېنىنى ئاران قۇتۇلدۇرۇپ قۇمۇلغا قېچىپ كېلىۋالىدۇ. بۇ ۋەقە خەلق ئىچىدە كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلىدۇ. ئۇرۇشتا ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ قان-قېرىنداشلىرى ھەم ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلاردىن بىر نەچچە يۈز كىشى ئۆزلىكىدىنلا ئوردا ئەتراپىغا توپلىنىپ، شامەخسۇت ۋاڭدىن خۇن تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سېپىل ئۈستىدىكى نەۋكەرلەر قولىدا تۆمۈر سۇنەقىمۇ بولمىغان «ئاپپاق ساقاللىق بوۋايلار، مۈكچىيىپ قالغان مومايلار، بالا كۆتۈرگەن ئاياللار ۋە ئۇششاق ئوغۇل-قىزلار» نى دەھشەتلىك ئوققا تۇتۇپ، قۇمۇل زېمىنىنى يەنە بىر قېتىم قانغا بويايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەۋرى-تاقىتى ئاللىقاچان تۈگىگەن ئەمگەكچى خەلق بۇ قانلىق قىرغىنچىلىقتىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، شامەخسۇت ۋاڭغا قارشى قوزغىلىشقا باشلايدۇ......

روماندا بۇ ۋەقەلەرنىڭ بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن ھالدا تەسۋىرلىنىشى، شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى ۋە ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب كىرەلىشىشكە باشلىغان تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا ئوبيېكتىپ جەھەتتە تۈرتكە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى: قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىدىكى
ئىجتىمائىي مەنبەنى قېزىش.

يازغۇچى بۇ رومانىدا، گەرچە قۇمۇل دېھقانلار قوزغى-
لىڭىنى شىنخەي ئىنقىلابى بىلەن تارىخىي يوسۇندا باغلاپ تە-
ۋىرلىگەن بولمىسىمۇ، لېكىن ئاساسىي كۈچىنى يەنىلا قۇمۇل
دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولغان ئىجتىمائىي
مەنبەنى قېزىشقا قاراتقان. بىز روماننى ئوقۇساق كۆز ئالدى-
مىزدا مۇنداق ئىككى چوڭ زىددىيەت نامايەن بولىدۇ: بىرى،
تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار بىلەن شا-
مەخسۇت ۋاڭ ۋەكىللىكىدىكى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار ئوت-
تۇرىسىدىكى زىددىيەت؛ يەنە بىرى، تۆمۈر خەلپە باشچىلىقى-
دىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلار بىلەن ياڭ زېڭشىن ۋەكىللىكىدىكى
چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت.
يازغۇچى بۇ ئىككى خىل زىددىيەتنى بىر-بىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ
تەسۋىرلىگەن بولمىسىمۇ، لېكىن ئالدىنقى زىددىيەتنى ئاساسىي
لىنىيە قىلىپ، باشقا زىددىيەت ۋەكىللىرىنى مۇشۇ ئاساسىي
زىددىيەتنى دەۋر قىلغان ھالدا قانات يايدۇرغان. يازغۇچى
روماننىڭ بېشىدىلا، كەڭ دېھقانلار بىلەن شامەخسۇت ۋاڭ ۋە-
كىللىكىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىن-
تايىن كەسكىنلەشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى «پىچاق
گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەككە، سۆڭەكتىنمۇ ئۆتۈپ يىلىككە يەتكەن»
ئالەمدە تارىخىي مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. بۇ تارىخىي
مۇھىتنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، شامەخسۇت ۋاڭ ھۆكۈمران-
لىق قىلغان دەۋردە جەمئىيەت مىسلىسىز قاراڭغۇلاشقان، سى-
ياسىي ئىنتايىن چىرىكلەشكەن، ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن
چوڭ-كىچىك پومېشچىكلار دېھقانلارنى خالىغانچە بۇلاپ-تالاپ،

كۆرەڭلىك بىلەن ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن.
دېھقانلار بولسا ئەڭ تۆۋەن ئىنسانىي ھوقۇقىنىمۇ ئېرىشەلمەي،
ئاچ-زارلىق ئىچىدە چىدىغۇسىز ئازاب چەككەن. بۇنىڭ بىلەن
بايلار ئىنتايىن باي بولغان، نامراتلار تېخىمۇ نامراتلاشقان
ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. بۇنىڭ مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان كەسكىن
سىنىپىي كۆرەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇقەررەر ئىدى. قىزبەگ
غوجا بىلەن نىياز دورغا قاتارلىقلار بىرلىشىپ نېرىنكىردا ئېلىپ
بارغان «تۆمۈر چارۋا» سانىقى شامەخسۇت ۋاڭ ھۆكۈمرانلىق
قىلغان دەۋردىكى رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ كىچىككىنە بىر كۆرۈ-
نۈشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئەنە شۇ مۇقەررەرلىكنى ئېنىق
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شامەخسۇت ۋاڭنىڭ «تۆمۈر چارۋا»
سانىقى «خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ساناق ئەمەس، جاننى
ئېلىپ يالىدا قويىدىغان ‹قىيناق› ئىدى. ساناقچى بەگلەرنىڭ
دەپتىرىدىن ۋاڭنىڭ ھەر بىر قوشقار ۋە ئەركىكىنىمۇ قوزىلايدى-
غان، ھەربىر ئاختا ۋە ئايغىرىنىمۇ قۇلۇنلايدىغان، ھەربىر بۇ-
قا ۋە ئۆكۈزىنىمۇ موزايلايدىغان بولۇپ چىقىۋېرەتتى. شۇنداق
بولغاچقا، ھەر يىلنىڭ كۈزلۈكى بولىدىغان ‹تۆمۈر چارۋا›
سانىقىدا شۇ ھېسابقا توشمىغان چارۋىنىڭ تۆلىمى ئۈچۈن
يۈزلىگەن مالچىلار خانىۋەيران بولۇپ، بەزىلىرى ۋاڭ ئوردىسىغا
قۇللۇققا تۇتۇلۇپ كېتەتتى». يىگىرمە بەش يىللىق ئۆمرى شامەخ-
سۇتنىڭ ئوردىسىدا قۇللۇقتا ئۆتكەن سەپەرقۇل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى
ئامانقۇلنىڭ تەقدىرىمۇ خۇددى شۇنداق بولىدۇ. قىزبەگ بىلەن
نىياز دورغا ئۆزلىرىنىڭ شۇم مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن
تەستەن يالغان ھۆججەت ياساپ، سەپەرقۇلنى «ئىككى يۈز
ئاتمىش تۇياق قوي تۆلەپ بېرىش» كە مەجبۇرلايدۇ، ھۆججەت-
كە قول قويغىلى ئۇنىمىسا ئېغىر غۇلادا بىلەن قاتتىق ئۇرۇ-

دۇ. ھالال جۈپتىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ داد-پەرياد كۆتۈرگەن مومايىنىمۇ تۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇۋېتىدۇ. «دەل شۇ چاغدا تالادىن يولۇۋاستەك ئېتىلىپ كىرگەن ئامانقۇل پاششاپنىڭ قولىدىن غولدىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ساۋاشقا باشلىدى. نەۋكەرلەر ئامانقۇلغا يوپۇرۇلدى. دەھشەتلىك ئېلىشىش باشلاندى، ھويلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىقاس-چۇقان بىلەن تۆرە-تۆپە بولۇشۇپ كەتتى». بىراق ئامانقۇل يالغۇز بولغاچقا زورلاۋان كۈچلەرگە تاق كېلەلمەيدۇ. پاساۋۇللار ئامانقۇلنى تۇتۇپ تىرەككە باغلىۋەتكەندىن كېيىن، قىزبەگ خوجا ئېرىنكىردىكى مالچىلارغا ئۇنۇلارنى جاكالايدۇ: «سەپەر قۇلىنىڭ بارلىق مال-مۈلكى، ئۆي-سەرەمجانلىرى ئۆلەڭ ھېسابىغا باشالىق قىلىنىدۇ. ئۆزى باشالىق مالىلارنى بېقىش ئۈچۈن نىياز دورغىنىڭ ئۆيىدە ئۆمۈر بويى چاكار بولۇشقا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئوغلى ئامانقۇل زىندانغا سېلىنىدۇ». قاراڭلار، بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك-ھە؟! ئۆمۈر بويى شامەخسۇت ۋاڭغا «قول» بولۇپ ئىشلەپ يۈرەك-باغرى خۇن بولغان دېھقانلار بۇنداق ئادالەتسىزلىكلەرگە قارشى مۇشت كۆتۈرمەي قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن!؟ زىددىيەتنىڭ تەرەققىياتى دەل شۇنداق بولىدۇ. ئېرىنكىردا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق «ئۆمۈر چارۋا» سانىقى كەڭ دېھقانلار بىلەن فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنىڭ تولۇق ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، يازغۇچى بۇ تېمىنىڭ ۋەقەنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چەكسىز ئاشقان سىنىپىي زۇلۇمى ۋە قات-مۇقات ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇ يازغۇچىنىڭ ماركسىزملىق تارىخىي

قاراشنى قوللىنىپ، سىنىپىي كۆرەشنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىنى توغرا كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يازغۇچى رومانىدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ قۇدرىتىنىڭ كۈچىنى ۋە ئىنقىلابىي كۆرەشتىكى غايەت زور رولىنى نامايەن قىلغان.

يازغۇچى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى تۆمۈر خەلپە ئوبرازىنى زورگۈچ بىلەن سۈرەتلەپلا قالماستىن، بەلكى قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ بىر جەڭگىۋار كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي ۋە بەختەرلىكى بىلەن ھېسابلاشماي پىداكارلىق بىلەن كۆرەش قىلغانلىقىدەك تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىگەن. تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا چىۋەرلىك بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەر قېتىملىق جەڭدە سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپ جەڭ قىلىدۇ. ئۇ ئاچچىق سېپىدىكى جەڭدە خوجىنىياز پالۋان بىلەن بىللە چېيەندارىنىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغلاپ، ئۇنىڭغا ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. قارا بوسۇق قاراملىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ قويۇپ، چېيەن دارىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن يەرلىك چېرىكلەرنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغاندا، تۆمۈر خەلپە ئۇنىڭ قىسمىغا ۋاقتىدا ياردەم ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى ئورۇنسىز زىيانغا ئۇچراشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئامانقول ئۈرۈمچى تەرەپتىن كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلاشقا بارغاندا، بىر نەچچە چېرىكنى جەبدەسلىك بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئاچچىق سېپىدىكى ئىككى قېتىملىق جەڭدە تولۇق غەلىبە قازىنىشىغا تۆھپە قوشىدۇ. ئاچچىق سېپىدىكى تۇنجى قېتىملىق جەڭدە شىيەتەي

بىلەن قىزىبەك غوجىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان راجى بالا دۈشمەننىڭ ھەممە قىيىن - قىستاقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ سانىنى ئېيتىپ بېرىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ دۈشمەننىڭ ئۆلۈم تەھدىتلىرىگە پىسەنت قىلماي، «شامەخسۇتنى ئۆلتۈرەلمىگىنىمگە ئارمىنىم بار» دەپ ۋارقىراپ، قوز-غىلاڭچى دېھقانلارنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارىتىنى ۋە زالىم شامەخسۇتقا بولغان چەكسىز غەزەپ- نەپرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. دۈشمەنلەر «خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئالغان» دىمۇ «ۋايجان» دېمەي، باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولىدۇ. سەپەرقۇل گەرچە ياشىنىپ قالغان بول-سىمۇ، ھايات- ماماتتا قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئۆمۈر خەلپىنىڭ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىسى بولىدۇ. ئاقچۇق سېپىدا بولىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق جەڭگە تەييارلىق قىلىنىۋاتقاندا، سەپەرقۇل «شېھىتلىك مۇقامىغا يېتىشنى خالايدىغان يىگىتلەر قېنى، كېلىڭلار!» دەپ ۋارقىراپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى باتۇر-لۇق بىلەن جەڭ قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئايقىز، ھۆسنەرىخان-لار ئۆزلىرىدىن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، كۆشۈتە ئېغىزىدىكى جەڭدە ئەرلەر بىلەن تەڭ جەڭ قىلىدۇ. ھەتتا ئۆي-ماكانى بولمىغانلىق-تىن مەسچىت ھوجرىسىدا يېتىپ - قوپقان شەدۇللا بوۋايمۇ قوز-غىلاڭچىلارغا يېقىنىدىن ياردەم بېرىدۇ. ئۇ نەۋرىسى بىلەن كې-چىلىك كۆزەتكە چىقىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرى-ۋالغان ئىشپىيون ئاخۇن قارىنىڭ ئالاقىچىسى ياقۇپ ياساۋۇل قاماپ قويۇلغان ئۆينى ساقلاشقا قاتنىشىدۇ. دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھايات- ماماتلىق ئېلىشىشلاردا بىر قوزغىلاڭچى دېھقان ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلىپ، مۇنتىزىم قوراللانغان دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش-

قا مۇناسىپ تۈزىپە قويىدۇ. كىشىلەر قەلبىدىكى ئىتىرەتلىدىغان
بۇ تەسىرلىك ۋەقەلەر بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ بىر ئۇلۇغ ئېقىن ھا-
سىل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە
ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان.

يازغۇچى بۇ روماندا چوڭ-كىچىك بىر نەچچە ئۇرۇشلار-
نى ئوقتىلىق تەسۋىرلەپ، تۆمۈر خەلپە قاتارلىق پېرسوناژلار-
نىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى يارىتىشقا زور كۈچ سەرپ قىلغان.
لېكىن بۇ ئۇرۇشلارنى تەسۋىرلىگەندە سەركەردىلەرنىڭ رولىنى
كۆرسىتىپلا قالماي، مۇھىمى قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ ئىنتايىن
خەتەرلىك شارائىتلاردىمۇ كۆرەش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي، جا-
سارەت ۋە غەيرەتكە تولۇپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى
جانلىق ئىپادىلەش ئارقىلىق، دېھقانلار ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ غا-
يەت زور رولى ۋە تەجرىبىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. قومۇل دېھقان-
لار قوزغىلىڭى پارتلىغان ھامان ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىزغىن
قوللىشىغا ئېرىشىپ، تېزلا قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلىنىدۇ.
ئەكسىيەتچىلەر بولسا قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كېتىپ، ۋاڭ
ئوردىسى بىلەن ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي مەھكىمىلەر خۇددى چۇ-
ۋۇلۇپ كەتكەن چۈمۈلە ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ. تۆمۈر خەل-
پە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەر بىر قەدىمى ۋشامەخ-
سۇت بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قۇلىقىغا خۇددى دەھ-
شەتلىك گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلىنىپ، ئۇلارنى ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە
چۈمۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەكسىيەتچىلەر تەرەپ-
تەرەپتىن كۈچ توپلاپ، «تاغقا دەرھال چېرىك چىقىرىپ، قوزغى-
لاڭچىلارنى ۋاقتىدا بېسىقتۇرۇش»قا ئالدىرايدۇ. لېكىن ھەر
قېتىملىق جەڭدە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە
ئۇچراپ، شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولىدۇ. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى

بولسا جەڭ قىلغانلىرى كۆپچىلىك، ھەممىنى بىسىمى چۈشىدىغان
شىجائەت بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. چەش-تەرتىپسىز-
خىچە قوراللانغان دۈشمەننىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇملىرىنى ئارقا-
ئارقىدىن تارمار قىلىپ، شامەنزۇتتىنىڭ چىرىپ كەتكەن ئوردى-
سى بىلەن ئۈزۈمچى جاڭجۇڭلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ياخۇللىرىنى
قاتتىق تەۋرىتىۋېتىدۇ. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ بۇ قۇدرەتلىك كۆ-
چى ئۇزاقلىرىنى قالتىس كۈچلۈك ھىسابلاپ تەلۋىلەرچە كۆرەشلىگەن
دۈشمەنلەرنىمۇ قايىل بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئاقچۇق سېپىت-
دىكى ئىككى قېتىملىق جەڭ ھارپىسىدا «مېنىڭ چېرىكلىرىم
مۇنتىزىم قوشۇن. قورال-ياراقلىرىم نەل. مەن بۇ قوشۇن بى-
لەن نۇرغۇن جەڭلەرگە كىرگەن. ئۇزۇن يىللىق تەجرىبەمدىن
ھاسىل قىلغان ئالاھىدە جەڭ ئۇسۇللىرىم بار... ئۇ ياۋايىلار
تاغ ئۆچكىلىرىنى قارىغا ئېلىپ ئېتىشقا ماھىر بولغان بىلەن،
مېنىڭ زەمبىرەكلىرىم گۈلدۈرلىگەندە، بېشىنى كۆتۈرەلمەي قا-
لىدۇ... مەن ئۆزەمنى ئۇلارغا شۇنداق تونۇتۇپ قويايكى، مۇن-
دىن كېيىن بىزگە كىرپىك كۆتۈرۈپ قارىيالمايدىغان بولسۇن،
شىيەتەي يامۇل بىلەن ئامبال يامۇل ئاتخانىلىرىدىكى بىدە
توغرايدىغان جادۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن بارىدىغان ئاقچۇق سې-
پىغا ئاپىرىپ بېرىڭلار، ئوقتا ئۆلمەي قالغانلىرىنى شۇ يەردە
توغراپ، سايىنىڭ تېشىغا قوشىۋېتەي!» دەپ پو ئاتقان جيەن
دارىن ئۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ
ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچراپ ئاقسۇ جۇۋۇلغان ھالدا شەھەرگە
قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، ئامبال بىلەن شىيەتەيگە مۇنداق دەي-
دۇ: «مەن شۇنچە يىللار ھەربىي سەپتە تۇرۇپ، مۇنداق ئادەم-
لەرگە دۇچ كېلىپ باقمىغانىدىم. ئۇلارنى ئادەمزات دېگەندىن
كۆرە، بىر توپ ئۈزتىرىدىغان يولۋاس دېگەن توغرا ئوخشايدۇ.

يولۋاسنى ئېلىشتىق ئاۋازىدىن قورقىدۇ، ئەمما بۇلارغا مېنىڭ
زەمبىرەكلىرىم پوچاقچىلىكمۇ بىلىنمەيدۇ. دۇنيادا ئۆلۈمدىن
قورقمايدىغان كىم بار؟ ئەمما بۇ ياۋايىلار ئۆلۈمدىن قورقۇش
تۇگۇل، ئۆلۈمنىڭ ئۆزىنى قوغلىشىدىكەن. ئۇلارغا ئوق ئۆتمەمدۇ
نېمە؟ ياق- ياق، ئوق ئۆتسە كېرەك. يولۋاسقىمۇ ئوق ئۆتىدۇ
ئەمەسمۇ! ئەمما ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە قانداقتۇ كۆزگە كۆرۈنمەي-
دىغان بىر كۈچ بارمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. مېنىڭ زەمبىرەك-
لىرىم قورام تاشلارنىمۇ كۆككە - تالقان قىلىۋەتتى-يۇ، ئۇلار-
نى باش ئەگدۈرەلمىدى. ئۇلارنىڭ سۆڭىكى تاشتىنمۇ قاتتىقمۇ،
ئىكەن مۇنداق خەلقنى نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟...» تۆمۈر خەلپە
باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئەنە شۇنداق تەڭداش-
سىز كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغاچقا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىن-
ىپلار قورال كۈچىگە تايىنىپ تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ،
ئۆزلىرىنىڭ چاك- چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىۋاتقان چىرىك ھا-
كىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ
سىياسىي ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە
قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ: «تۆمۈر چارۋا، تۈزۈمى بىكار قىلى-
نىپ... دېھقانلارنىڭ شاھمەخسۇت ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ بەگلىرىگە ھەر
ئايدا يەتتە كۈن ئالۋاڭ قىلىدىغان ياساق مەجبۇرىيىتى ئىككى
كۈنگە ئۆزگەرتىلىدۇ. يامۇللارنىڭ باشقا ئالۋاڭ-سېلىقلىرىمۇ ئا-
زايتىلىدۇ... شەھەر ۋە يېزىلاردا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئالاقە باغ-
لىغان دەپ شاھمەخسۇت ۋاڭ تەرىپىدىن قامالغان ئەللىك تۆت
كىشى دەرھال بوشىتىلىدۇ... » ۋە باشقىلار. گەرچە زالىم شا-
ھمەخسۇت ۋاڭ ھىيلىگەر تۈلكە ياڭزىڭشىنغا تايىنىپ قومۇل دېھ-
قانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن بۇ كېلىشىمنى يولسىز-
لىق بىلەن يىرتىپ تاشلاپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلاردىن دەھشەتلىك

ئۈچ ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا بۇ غەلىبىلەر ئەمـ
گەكچى خەلقنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىپ، ۋاڭ ئوردىلىرى بىلەن
جاڭجۇك يامۇللىرىنى گۇم قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىگە بولغان ئىـ
شەنچىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن، شامەخسۇت ۋاڭ ۋەكىللىكىدىكى
فېئودالىق تۈزۈمنىڭ زاۋاللىققا يۈزتۇتۇشىنى تېزلەتتىپ، جەمـ
ئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە زور دەرىجىدە تۈرتكە بولـ
غان. بۇ تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىـ
ڭىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى بولۇپ، بۇ تۆھپە مىللىتىمىزنىڭ تارـ
ىخى سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

يازغۇچى روماندا، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تارىخي
چەكلىمىسى بىلەن ئاجىزلىقىنىمۇ توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن.

تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى
گەرچە توسۇۋالغىلى بولمايدىغان شىددەتلىك ئېقىنغا ئايلىنىپ،
ۋاڭ ئوردىلىرى بىلەن جاڭجۇك يامۇللىرىنى قاتتىق تەۋرىتىۋەتـ
كەن بولسىمۇ، لېكىن تارىختا ئۆتكەن ھەر قېتىملىق دېھقانلار
قوزغىلىڭىغا ئوخشاش ئۇمۇ ئاخىرى مەغلۇب بولۇش تەقدىرىدىن
قۇتۇلالمايدۇ. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى نېمە؟

روماندا تەسۋىرلەنگەن زىددىيەتلەر، توقۇنۇشنىڭ
ماھىيىتى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تۆمۈر خەلپە باشچىلىقـ
دىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى ئەينى
ۋاقىتتىكى ئالاھىدە تارىخي شارائىت بەلگىلىگەن. بۇ قوزغىـ
لاڭ پارتلىغان چاغدا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،
مەدەنىي ۋە ھەربىي ھوقۇقلىرىنىڭ ھەممىسى ياڭ زېڭشىن
ۋە شامەخسۇت ۋاڭ ۋەكىللىكىدىكى بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەرـ
نىڭ چاڭگىلىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلار كۈچ نىسبىتى
جەھەتتە يەنىلا كۈچلۈك ئىدى. بىراق مۇنداق كۈچلۈك

دۈشمەنگە قارشى قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۇ چاغدا تېخى ئىستىخىيىلىك شەكىلنىڭ باسقۇچىدىن تەرەققىي قىلىپ ئاڭلىقلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن، ئۇلارنىڭ مۇئەييەن سىياسىي پروگراممىسى ۋە ھەرىكەت پىلانى بولمىغاچقا، بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئىنقىلاب بازىسىنى قۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئۇلار ئاساسەن ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا قاراپ ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ياكى جەڭ قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلغان تۆمۈر خەلپىنىڭ كۈرەش نىشانىمۇ تازا ئېنىق ئەمەس. ئۇ گەرچە شاھمەقسۇت ۋاڭنىڭ خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇستەبىت خانلىق ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن قانداق ھاكىمىيەت بەرپا بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئۇ پەقەت «ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە ئىگە بولىمىز» دېگەن تونۇشتىلا بولۇپ، قانداق قىلغاندا «ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە» بولغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ سىنىپىي ئورنى ۋە ئىدىيىسى بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ سىنىپىي تەركىبىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش توغرىسىدا ئويلىنىيالىشى قىيىن ئىدى، شۇنداقلا يېڭى بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئوتتۇرىغا قويالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ قوزغىلاڭ پارتلىغان چاغدا، يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئورنىتىش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان پرولېتارىيات سىنىپى شىنجاڭدا تېخى رەسمىي شەكىللەنمىگەن ھەم سىياسىي سەھنىگىمۇ چىقمىغانىدى. مانا بۇ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي چەكلىمىسى

ۋە مەغلۇپ بولۇشىنىڭ تارىخىي مەنبەسى. ئۇنىڭدىن باشقا، تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۆزلىرنىڭ ئورتاق سىنىپىي مەنپەئەتىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتەلمىگەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈك بولالمىغىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلار گەرچە فېئوداللىق ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلار بولغاچقا، فېئوداللىق ئىقتىساد ئاساسىدىكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلالمىغان، قوزغىلاڭ ئارقىلىق بەلگىلىك يەرسۇغا ۋە باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىشنىلا كۆزلىگەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى يەنىلا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەلەپلەر دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن شامەخسۇت ۋاڭ ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە ماددىلىق كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆرەشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشى دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. دانا بۇ قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سىنىپىي ئاجىزلىقىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى.

2

تارىخىي رومان — ئوبرازلاشتۇرۇلغان تارىخ بولۇپ، ئۇ تارىخىي تۇرمۇشنى ئايرىم پاكىتلار بىلەن دەلىللەش ئۇسۇلى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئىپىك شارائىتتا يارىتىلغان ئىپىك ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تارىخىي رومانغا باھا بەرگەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا

يارىتىلغان شەخسلەر ئوبرازى ھەققىدە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈپ، بۇ ئوبرازلاردا ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى قانداق ئېچىپ بېرىلگەنلىكىگە قاراش لازىم.

يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانىدا، مۇئەييەن تارىخىي ئاساسقا ھەم تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان زور بىر تۈركۈم شەخسلەر ئوبرازىنى يارىتىپ، تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ۋە ئۇنىڭ شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن كەڭ كۆلەمدە ئەكس ئەتتۈرگەن. رەڭمۇ رەڭ مەرۋايىتلاردەك كۆز چاقنىتىدىغان بۇ خىلمۇ خىل شەخسلەر ئىچىدە يازغۇچى ھەممىدىن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگىنى ۋە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغىنى تۆمۈر خەلپە ئوبرازى بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلاردا ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرىدۇ.

تۆمۈر خەلپە — قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاكتىپ باشلامچىسى ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلغان داڭلىق رەھبىرى. يازغۇچى بۇ قەھرىماننىڭ تىپىك ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىش ئۈچۈن، 1907-يىلى ئەتىيازدا قوزغالغان «تورپاقلار يېغىلىقى»نى ئۇنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، تۆمۈر خەلپە ياشىغان كونكرېت مۇھىت بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇش يولىنى ئىنچام سۈرەتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى يۈكسىلىش جەريانىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، تۆمۈر خەلپەنىڭ خاراكتېرى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلىگەن مۇرەككەپ سىنى-

چىسى مۇناسىۋەت بىلەن تارىخىي شەرت - شارائىتنى پۇختا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرگەن.

تۆمۈر خەلپە ئامرات دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. «شامەخسۇتنىڭ قەبىر - ئايۋان قۇرۇلۇشلىرىغا تۇتۇلۇپ نەق ئون ئىككى يىل ئۆمرى يېرىم قۇللۇقتا ئۆتكەن». شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ شامەخسۇت ۋاڭغا بولغان سىنىپىي ئۆچمەنلىكى ئىنتايىن چوڭقۇر. بولۇپمۇ شامەخسۇت ۋاڭ «تورپاقلار يىغىلىقى»نى قانلىق باستۇرغاندىن كېيىن، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك قەھرى - غەزەپكە ئايلىنىپ، شامەخسۇت ۋاڭ ۋەكىللىكىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئوتلىرى قەلبىدە لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلايدۇ. «تورپاقلار يىغىلىقى» دەرد - ئەلەمگە چىدىيالمىغان خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى باساللماي قوزغىلىپ چىققان ئىستىخىيىلىك ھەرىكىتى ئىدى. تۆمۈر خەلپىمۇ بۇ يىغىلىقتا ئىستىخىيىلىك ھالدا قاتنىشىدۇ. بىراق شامەخسۇت ۋاڭ تەرىپىدىن دەھشەتلىك باستۇرۇلغان بۇ يىغىلىق ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرىدۇ. «تورپاقلار يىغىلىقى»دىن ئىلگىرى تۆمۈر خەلپە شامەخسۇتنى زالىم ۋاڭ سۈپىتىدە چۈشىنىپ نەپرەتلەنگەن بولسا، يىغىلىق جەريانىدا شامەخسۇتنىڭ رەھىمسىز قانخورلۇقىنى بىۋاسىتە كۆرۈپ، ئۇنىڭ زالىملىق تەبىئىتىدىن ئۆزگىرىپ ئىنساپقا كېلىشى زادى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىۋالىدۇ. ئەمما تۆمۈر خەلپە بۇ چاغدا جەمئىيەتنى كەڭ دائىرىدە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى، شۇڭا شامەخسۇت ۋاڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئاساسىي زىددىيەت-

نىڭ ماھىيىتىنى تېخى بىلىپ كېتەلمىگەنىدى. ئۇ پەقەت
«بوز ئېتىزغا ياغاچچىلىق جابدۇقلىرى سېتىلىدىغان تېرە
خۇرجۇننى ئارتىپ، بىرەر يىل ئىچىدە قورايدىن باشقا تاغ
رايونلىرىنىمۇ ئارىلاپ چىقىپ، نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن
مۇڭداشقان» ۋە «ئۇلاردىن ئۆزى قىرىق ياشقا كىرگىچە
تېخى ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ گەپلەرنى ئاڭلىغان» دىن
كېيىنلا جەمئىيەت ھەققىدە بەلگىلىك تونۇشقا ئىگە بولۇپ،
كەڭ نامرات دېھقانلار بىلەن شامەخسۇت ۋاڭ ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلىشكەنلىكىنى، دېھقانلارنىڭ
سەۋرى — تاقىتى تۈگەپ، غەزەپ - نەپرىتى چېكىگە يەتكەن-
لىكىنى، بۇ ۋەزىيەت يېقىن ئارىدا چوقۇم بىر يېڭى كۆتۈ-
رۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىپ
يېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تۆمۈر خەلپە ئۆزۈمچىگە
چىقىپ كەتكەن چاغدا، كامازا تۇڭگان قاتارلىق ئىلغار
ئىدىيىدىكى كىشىلەرنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ كامازا
تۇڭگاننىڭ ئۆيىدە ئۇچراشقان «قوللۇقتىن ئىزىلىنىدىغان
ئۇزۇن كۆك چاپان ۋە قارا لاتا خەي كىيگەن ئۇزۇن بويلۇق
بىر ئادەم» تۆمۈر خەلپىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇ بۇ
ئادەم بىلەن سىردىشىش ئارقىلىق ئىچكىرىدە قوزغىلىۋاتقان
شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ زور بوران - چاپقۇنلىرىدىن خەۋەر تاپىدۇ
ھەمدە «بۇ ئىشلارغا سۇن جۇڭشەن دېگەن كىشى يولباشچىلىق
قىلىدىكەن. ئۇنىڭ مەقسىتى مانجۇ خانلىقىنى ئۆرۈپ تاشلاپ،
«مىنگو» قۇرۇش ۋە يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى
تەڭشەش ئىكەن...» دېگەنلەرنى ئاڭلاپ، گويا قاراڭغۇ ئاسماندا
چاقنىداپ يېنىشقا باشلىغان بىر يولچى يۇلتۇزنى كۆرگەندەك
ھاياجانلىنىپ، «بىزمۇ شامەخسۇتنى ئۆرۈۋەتسەك، ۋاڭلىق

تۈگەيدىكەن — دەپ» دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر خەلپە ئۆزى مېڭىۋاتقان يولىنىڭ توغرىلىقىغا تېخىمۇ ئىشەنچ باغلاپ، «قۇمۇل زېمىنىدا ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك يىلتىز تارتقان ۋاڭلىقنى، بۇ ۋاڭلىقنىڭ ھەممىدىن ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرگەن، ھەممىدىن قاتتىق قول ۋەكىلى شامەخسۇتنى تەختتىن ئۆرۈۋەتمەكچى» بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ.

تۆمۈر خەلپە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارەتكە ۋە پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىش روھىغا ئىگە. ئۇ شامەخسۇت ۋاڭنىڭ مۇستەبىت خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئىرادە باغلاپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ «قۇل» لۇقتىن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە بالا — چاقىلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن ھېسابلاشماي، پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى مۇشۇ مۇقەددەس ئىشقا بېغىشلايدۇ. لېكىن تۆمۈر خەلپە قارام تەۋەككۈلچىلەردىن ئەمەس. ئۇ سىنىپىي كۈرەشكە بىۋاستە قاتنىشىش ئارقىلىق مەلۇم سىنىپىي ئاڭغا ئىگە بولغان. «تورپاقلار يېغىلىقىدا قولىدا بىر تال تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق بىگۇناھ مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى شامەخسۇت تۆككەن» قانلىق ساۋاقنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، «قۇرۇق قول بىلەن ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدۇ» غانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئالدى بىلەن شامەخسۇت ۋاڭنىڭ زۇلمىغا ئەڭ ئېغىر ئۇچرىغان نامرات دېھقانلار ئارىسىغا بېرىپ، پۇقۇر تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەيدۇ، خېيىم - خەتەر ۋە جاپا - مۇشەققەتلەرگە پەرۋا قىلماي، «گايى سېتەتچى، پالچى، گايى تېۋىپ، تۆمۈرچى قىياپىتىدە، خۇددى چۆچەكلەردىكى «سۇلايمان قاپچىقى» بار ئەپسانىۋى قەھرىمانلاردەك، بۈگۈن بۇ تاغدا بولسا، ئەتىسى ئۇ تاغدا پەيدا

بولۇپ جىددىي ھەرىكەتكە كىرىشىپ،... ئىتىكى كۆز يېشى بىلەن، يۈرەك-باغرى قان-زەرداپ بىلەن تۇشۇپ كەتكەن ئامرات دېھقانلارنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۇ يەنە شامەخسۇتنىڭ ئەسكەر ئېلىشقا كىرىشكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، يېقىن سەپداشلىرىنى «ئەسكەر بولدۇق دەپ شامەخسۇتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاۋۋال قورالغا ئىگە بولۇش» قا ئۇرۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۆمۈر خەلپە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق قورال-ياراققا ئىگە بولغان بىر قوشۇننى بارلىققا كەلتۈرىدۇ-دە، تارانچى كۆمۈر كېنىنىڭ يېنىدا قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تۇنجى ئوقىنى ياڭرىتىدۇ. تۆمۈر خەلپە شۇ مەيداندا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شامەخسۇت بىلەن بەگ-غوجىلار شۇنچە يىللاردىن بېرى بىزنى قۇل قىلىپ، قېنىمىزنى شورىدى، خالىسا ئاتتى، خالىسا ساتتى. بىزمۇ ئادەم ئەمەسمۇ؟ قاچانغىچە ئېزىلىمىز؟ قاچانغىچە خورلىنىمىز؟ ھەممىگە ماقۇل دەپ بويىنىمىزنى ئېگىپ تۇرساق، قۇللۇق زەنجىرىدىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلالمايمىز. ئۇرۇق-ئەۋلادىمىز تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالىدۇ. پۇت-قولىمىزدىكى زەنجىر-كىشەننى چاقمىساق، ھېچقاچان ئۆزى چېقىلمايدۇ. تەڭلىك-ئەركىنلىك ئۆزى كەلمەيدۇ... تەڭلىك-ئەركىنلىك دېگەن سوراپ ئالىدىغان نەرسە ئەمەس، تارتىپ ئالىدىغان نەرسە. ئاڭلاۋاتامسىلەر، ئىچكىرىدىكى يۇقرالارمۇ مانجۇ خانىنى قورال بىلەن ئۆرۈپ تاشلاپ، ئەركىنلىك ئېلىۋاتىدۇ. ئەمدى شامەخسۇتتىن قۇتۇلۇشقىمۇ مانا مۇشۇ قورال كېرەك.» بۇنى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ خىتابنامىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىتابنامىدا يالغۇز قوزغىلاڭنىڭ خاراكتېرى بىلەن مەقسىتى شەرھىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى قوراللىق

كۆرەش ئارقىلىق شامەخسۇت ۋاڭنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتقۇزۇش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن. شامەخسۇت ۋاڭ ئەلچىلەر ئارقىلىق قوزغىلاڭچى دېھقانلارغا خەت ئەۋەتىپ، «قورالنى تاپشۇرساڭلار سىلەرنى ئەپۇ قىلىمەن... مۇبادا قورالنى ياخشىلىقچە تاپشۇرمىساڭلار مەندىن رەنجىمەڭلار» دەپ تەھدىت سالغاندا، تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، قورال تاپشۇرۇشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ شامەخسۇت ۋاڭغا ئەلچىلەر ئارقىلىق مۇنداق دەككە بېرىدۇ: «جېنىمىزمۇ ياراق، قېنىمىزمۇ ياراق. نەچچە زامانلاردىن بۇيان، ۋاڭ-غوجىلار مۇشۇ «كۆسەي» بىلەن ئەلنى قورقىتىپ، بويۇنغا مىنىپ كەلگەن بولسا، ئەمدى بىزمۇ مۇشۇ «كۆسەي» بىلەن زەنجىر-كىشەنلەرنى چېقىپ، ئۆزىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزىمىز». تۆمۈر خەلپە كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇرلىشىۋاتقان شىددەتلىك كۈرەشلەر جەريانىدا قوزغىلاڭچى دېھقانلارغا قەيسەرلىك بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆزىنى ئۇنتۇيدىغان ئالىي پەزىلىتىنى نامايەن قىلىدۇ. «قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن تۇرپان ئاستانە ۋە قاراغوجىدىكى دېھقانلارنىڭ لۈكچۈن ۋاڭغا قارشى قوزغىلىپ چىققانلىقى» نى ئاڭلىغاندا، تۆمۈر خەلپە ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ ھەمدە «ئۇلاردا ئون نەچچە تال قارا مىلتىق بىلەن ئۆزلىرى سوقۇۋالغان قىلىچ-نەيزە، تۆمۈر ئارا ۋە تاياق-توقماقتىن باشقا قورال-ياراق يوق ئىكەن» لىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق «تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا سەكسەن تال مىلتىق، مىڭ تال ئوق ئەۋەتىپ» بېرىدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك. ئۇ ھەر بىر ھالقىلىق

پەيتتە د كۈندە، مېنىڭ ئۆلۈپ يۈرگەندىن، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ، بىر ئۆلگەن ياخشى... يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم... بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق، ھەق-ئادالەت ئۈچۈن ئۆلسەكمۇ ئارمان يوق» دەپ خىتاب قىلىپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى ئۆلۈمگە پەسەنت قىلماي، پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۆزى بولسا ھەردائىم سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئادەتتىكى بىر قوزغىلاڭچى سۈپىتىدە جەڭ قىلدى، «شامەخسۇتنىڭ غەزىنىسىدە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن» ۋە ئاقچۇق سېپىدىكى جەڭدە «ئامانقۇل سايىم ئۈچىبىگىنى ئۆلتۈرۈپ غەنىمەت ئالغان قىلىچ» نى غەزەپ بىلەن پىرقىرىتىپ، «قېنى، باتۇرلار، ئارقامدىن ئالغا!» دەپ چۇقان سېلىپ، دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ، قوزغىلاڭچىلارغا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسەتتى. تۆمۈر خەلپە دۈشمەننىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنمۇ، كۈرەش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرمايدۇ، ياۋۇز، ھىيلىگەر جاللات ياڭ زېڭشىننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئىلگىرىكىدەكلا تەمكىن ۋە مەردانە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىدۇ. ياڭ زېڭشىن: «سەن شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن مېنى يوقاتماقچى بولغانىكەنسەن، ئەمدى بىز سېنى تىرىك قويماسلىقىمىز كېرەك» دېگەندە، تۆمۈر خەلپە دۈشمەننى قىلچە مەنسىتمەي، قەيسەرلىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «سىلەرگە قارشى قانلىق جەڭگە ئاتلانغان خەلقنىڭ بېشى بولۇپ تۇرۇقلۇق، قۇرۇق ۋەدە-قەسەملىرىگە ئىشىنىپ، قورالنى سىلەرگە ياندۇرۇپ بەرگەن، ئالدىڭلارغا ئۆز ئايىغىم بىلەن كەلگەن مەندەك ھاماقەتكە بىر نەپەس، مېنىڭ ئۆلۈمۈم ئازلىق قىلىدۇ. قېنى جاللاتنى چاپسانراق قىچقار، مېنىڭ ئىسسىق قېنىم ھېچبولمىسا، كېيىنكىلەرگە

ئاچچىق ساۋاق بولۇپ قالار. ئەمما بىر تال تاشنى قومۇرۇۋېتىش بىلەن بوغدا تېغىنى ئۆلىتەۋەتكىلى بولمىغانغا ئوخشاش، مىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىش بىلەن ئىش تۈگىمەيدۇ. پۈتۈن بىر خەلقنى قىرىپ تاشلاش قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ». گەرچە تۆمۈر خەلپە بۇۋاقىتتا ئالدانغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قاتتىق ئۆكۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن قەيسەرلىكى ۋە ئۆمىدۋارلىقىنى بوشاشتۇرمايدۇ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ رەھبەرىگە خاس جاسارىتى ۋە پىداكارلىق روھى بىلەن دۈشمەننى تىترىتىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازادلىقى يولىدا ئۆزىنى باتۇرلۇق بىلەن تەقدىم قىلىدۇ.

تۆمۈر خەلپە چەۋەر، تەدبىرلىك بولۇپ، جەڭ قىلىشقا ماھىر. ئۇ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا تەمتىرىمەيدۇ، ھودۇقمايدۇ. چەۋەرلىك بىلەن ھەرخىل چارە-ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قىيىن شارائىتنى ئوڭۇشلۇققا، خەتەرلىك ئەھۋالنى بىخەتەرلىككە ئايلاندۇرالايدۇ، جانلىق، ھەرىكەتچان تاكتىكىنى قوللىنىپ، دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. ئاقچۇق سېپىلىدىكى تۇنجى قېتىملىق جەڭدە، ئۇ دۈشمەننىڭ «ئىسيانچىلارنى غەپلەتتە قالدۇرۇش ئارقىلىق يوقىتىش» سۇيىقەستىنى سېزىۋېلىپ، «مۇداپىئەگە ئۆتۈپ زەربە بېرىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىدۇ ۋە دۈشمەننىڭ تۆت يۈز كىشىلىك قوشۇنىنىڭ يېرىمىنى قىرىپ تاشلاپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ. ئاقچۇق سېپىلىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق جەڭدە، تۆمۈر خەلپە «ئىككى ياندىن قىسىپ زەربە بېرىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەننىڭ «بىر نەچچە يۈز-يوقرانى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ» «ئوڭچۇق-ئاشكارە ھۇجۇم قىلىش» ھىيلىسىنى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىۋېتىدۇ. كۆشۈتە تېغىزىدىكى

-چەڭدە، «جىلغىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قارىغاي ۋە قورام
تاشلارنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ» زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى
قوللىنىپ، باركۆلدىكى مانجۇ خانلىق لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى
يى شىڭتۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ «شۇ دەۋرنىڭ
ئەڭ خىل مىلتىقلىرى بىلەن قوراللانغان» ئۈچيۈز ئاتلىق
چېرىكىنى تولۇق تارمار قىلىدۇ. ئاقچۇق سېپىدىكى ئۈچىنچى
قېتىملىق جەڭدە، «تاغ قاپتاللىرى بىلەن كۆتەل باشلىرىدا
تۇرغۇن ئادەمنىڭ قارىسى»نى كۆرسىتىپ قويۇپ دۈشمەننى
قايمۇقتۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەننىڭ ئويلىمىغان
يېرىدىن چىقىپ، جاھاننى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكۈدەك
ئەلپاز بىلەن «سەپ-سەپ بولۇپ، داقا-دۈمباق بىلەن»
ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن چيەن دارىننىڭ يەتتە-سەككىز يۈز
ئاتلىق ۋە پىيادە چېرىكلىرىنى تارمار قىلىپ، نۇرغۇن قورال
ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىمەت ئالىدۇ، تۆمۈر خەلپە يالغۇز
پاراسەت بىلەن جەڭ قىلىشقىلا ماھىر بولۇپ قالماستىن،
بەلكى ئۆز بىلەن دۈشمەننىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى سەگەك-
لىك بىلەن پەرق ئېتىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى خەتەرلىك
ئەھۋاللاردىن ساقلاپ قېلىشتىمۇ ماھىر. تۆمۈر خەلپە سەيپۇڭ
توختىنىڭ قەستلەپ ئاتقان ئوقىدىن يارىلىنىپ يېتىپ قالغان-
دىن كېيىن، قارا بوسۇق بىلەن خوجىنىياز پالۋان تۆمۈر
خەلپىنىڭ ساقىيىشىنى كۈتمەيلا «شەھەرگە ھۇجۇم باشلاش»نى
تەشەببۇس قىلىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، «مۇپەتتىش جاڭ
سەيتېڭ بىلەن ئامبال بەي ۋىنچاۋنىڭ تۆمۈردىن ھال سوراپ
يازغان خېتى» كېلىپ قالىدۇ. ئۇلار خېتىدە: «خۇسۇسەن،
سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەرنىڭ نادان بولغانلىقى سىزگە
مۇندىن كېيىنمۇ جىق ئەلەم-ھەسرەتلەرنى كەلتۈرىدۇ... بىزنىڭ

مەسلىھەتسىز شۇكى، ئۇنداق نادان ئادەملەر بىلەن ئاۋارە
بولماي تېزرەك سۆزلىنگە كېلەيلى، بىزنى شادەخسۇت بىلەن ياراشتۇ-
رۇپ قويايلى» دېگەنلەرنى تەكىتلەپ، دۈشمەننىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە
سەپىمىزنى توختى بىلەن قارا بوسۇققا ئوخشاش كاتتىباشلارنىڭ
يىراقنى كۆرەلمەسلىكى، شەخسىيەتچىلىكى ھەم ۋەزىيەتنى خاتا
مۆلچەرلەپ قارىلىق قىلىشى نەتىجىسىدە، قوزغىلاڭچىلار
قوشۇنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كېلىپ چىققان ئىتتىپاقسىزلىق-
تىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى.
بۇ ۋاقىتتا يەنە، «ئۈرۈمچىدىن قومۇلغا ئۈچ يىڭ چېرىك
كەلگەن» بولۇپ، ئۇلار «تاغقا يېقىنلاشماي، يىراقتا باراق
كۆرسىتىپ» تۇراتتى. ئۆمۈر خەلپە بۇ ۋەزىيەتنى سەگەكلىك
بىلەن مۆلچەرلەپ، قارا بوسۇق قاتارلىق كىشىلەرنىڭ
«شەھەرگە ھۇجۇم باشلاش» پىلانىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.
ئۇ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:
«دۈشمەنلەر... بىزنى پارچىلاپ تۇرۇپ يېۋېتىشنىڭ كويىغا
چۈشۈپتۇ. شۇنداق بولۇۋاتقاندا، بىز بىر ياقىدىن باش
چىقىرالمىساق، ئاقىۋىتىمىز نېمە بولىدۇ؟ بىر قىسىملار
شەھەرگە دەرھال تېگىش لازىم دەيمىلەر، توغرا، مەنمۇ
شۇنداق خىيال قىلىمەن. ئەمما ئۈرۈمچىدىن قومۇلغا ئۈچ
يىڭ چېرىك كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايلى. ھازىر ئالدى
تەرىپىمىزدە ھاپىز يەنجاڭ بىلەن نىياز يەنجاڭنىڭ ئالتە
يۈز چېرىكى ئاستانە بىلەن تۇغۇچىدا بىزنى ماراپ يېتىپتۇ.
ئارقا تەرىپىمىزدە ما يەنجاڭنىڭ تۆت يۈز چېرىكى تاشبۇلاقتا
قىلىپچىنى بىلەپ تۇرۇپتۇ. خوش، شۇنداق ۋاقىتتا، قومۇلغا
تەگكەنىڭ ئاخىرى نېمە بولىدۇ؟... ھەر ئىشنىڭ پەيتى بار.
پاتۇرلۇقنىڭمۇ ۋاقتى...». يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن ئۆمۈر

خەلپىنىڭ «ئۇرۇشنى ئۇرۇش ئىچىدە ئۆگىنىش» ئارقىلىق مۇئەييەن ئىستراتېگىيىلىك تاكتىكا قوللىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان چېۋەر سەركەردە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تۆمۈر خەلپە تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا، مۇئامىلىدە كەمتەر بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى ئېنىق، قارنى-كۆكسى كەڭ. تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا چېۋەرلىك بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، دۈشمەنگە ئارقا-ئارقىدىن ئەجەللىك زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى تىللاردا داستان بولۇپ، ئەل ئىچىدە زور شۆھرەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ھەممە ئادەم تۆمۈر خەلپىگە چەكسىز مۇھەببەت، كۈچ ۋە ئۈمىد نۇرلىرى چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن قارايتتى. بىرەر يىل بۇرۇن، سوك-سوك ئاتقا مىنىپ، يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ يۈرگەن بۇ قارا ساقاللىق ياغاچچى ئەمدى بۇ كۈنلەردە خەلقنىڭ كۆز ئوڭىدا ئۇلارنى بىپايان قاراڭغۇ دەشتتىن يورۇقلۇق ئالەمگە باشلاپ كېتىۋاتقان «خاسىيەتلىك يولچى بولۇپ قالغانىدى». ئەمما تۆمۈر خەلپە ھەرگىز مەغرۇرلانمايدۇ، نام-شۆھرەتكىمۇ قىزىقمايدۇ. بۇرۇنقىدەكلا ئاددىي-ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈپ، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرار جاي قاتارلىق جەھەتلەردە قوزغىلاڭچى دېھقانلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. راھەت-پاراغەت قوغلاشماي، خەلقنىڭ دەرد-ئەلىمىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. خاموش بەگ ئادانقۇلنىڭ سۆيگىنى ئايقىزنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالماقچى بولغاندا، ئۇ بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ، «ئالدىن نىكاھىنى قىلىۋېتىش» تەدبىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق بۇ ئىككى دېھقان ياشنىڭ مۇھەببىتىنى قوغداپ،

قالىدۇ. كېيىن قوزغىلاڭچىلار بارگاھىدا چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى مۇراد-مەقسىتىگە يەتكۈزۈپ، خەلق ئادىمىنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللىققا تولدۇرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ قىلىك سىنىپچى قېرىنداشلىرىغا قىزغىن كۆيۈنىدىغان ھەم غەيۇرلۇق قىلىدىغانلىقىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشى. تۆمۈر خەلپە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، ئۆزىنى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئاددىي بىر جەڭچىسى ھېسابلاپ، جاپا-مۇشەققەت ۋە ھالاۋەتتە ھەر دائىم قوزغىلاڭچى دېھقانلار بىلەن بىللە بولىدۇ. شامەخسۇت ۋاڭ دېھقانلار قوزغىلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، ئەلچىلەر ئارقىلىق ئۇلارغا نۇرغۇن سوۋغا-سالاملارنى ئەۋەتكەندە، تۆمۈر خەلپە بۇ سوۋغا-سالاملارنى قوبۇل قىلماسلىقتا چىڭ تۇرىدۇ، ئۇ گەرچە قارا بۇسۇق بىلەن سەيپۇڭ توختىنى «دۇتۇڭگوزنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلغىنىمىز-يولغان» دەپ قاتتىق ئۇرۇۋالغاندىن كېيىن سوۋغا-سالاملارنى قوبۇل قىلىشقا ئىلاجىسىز قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن «ھەر بىر قوزغىلاڭچىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بۆلۈپ بېرىش شەرتى بىلەن ماقۇل بولدى. ئەمما ئۆزى ھېچنېمە ئالماسلىقنى بىلدۈردى». تۆمۈر خەلپە كۆڭلى-كۆكسى كەڭ ئادەم، ئۇ شامەخسۇت ۋاڭنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىش نىشانىنى كۆزدە تۇتۇپ، زور كۆپچىلىك كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، تۆمۈر خەلپە «ئۆز يېقىنلىرىدىن بولغان سەيپۇڭ توختىنىڭ نىيىتىنى بۇزۇپ، گاھ ئوچۇق، گاھ يوشۇرۇن قۇترىتىپ يۈرگەنلىكىنى» بىلگەندىن كېيىن، «دەمەن ئۆز ئىچىمىزدىن مۇنداق ئادەملەرنىڭ چىقىپ قېلىشىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن» دەپ ئېچىنغان بولسىمۇ، لېكىن

«توختاخۇن ماڭا ئەنە بىلىپ يول بەرگەن ئادەملەرنىڭ
بىرى» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت
قىلىدۇ. سەيپۇڭ توختىدىن ئىبارەت بۇ بەدەنگە چىققان كۆيە-
دۈرگىنى ئاغرىيدۇ دېمەي، ۋاقتىدا كۆيدۈرۈۋېتىش»نى
تەكىتلىگەن سەبداشلىرىغا: «ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، مۇن-
داق قىلساق، باشلىغان ئىشىمىزنى قانداق قىلىپ باشقا ئې-
لىپ چىققىلى بولىدۇ؟» دەپ تەسەللى بېرىپ، بار چارىلارنى
قوللىنىپ سەيپۇڭ توختى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا تىرىشىدۇ.
سەيپۇڭ توختى «ئون ئىككى تاغقا باش بولۇش» قارانىيىتىگە
يېتىش ئۈچۈن، تۈرلۈك يولىدىكى ئازغانلىقتا تۆمۈر خەلپىنى
ئېتىپ ئېغىر يارىلاندۇرغاندا، تۆمۈر خەلپە خوجىنىياز پالۋان-
نىڭ «ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا مىلتىقىنى تاشلاپ» قې-
چىپ كېتىۋاتقان سەيپۇڭ توختىنى ئاتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ، ئۇنى «ئاتما!» دەپ توسىدۇ. ھەتتا سەيپۇڭ توختىنىڭ
خۇيىقەستىدىن خەزەبلەنگەن ئامما «ئۇنى چىقىرىپ بېرىڭلار،
چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز» دەپ دەۋرەپ كەلگەندىمۇ،
تۆمۈر خەلپە يەنىلا سەيپۇڭ توختىنىڭ ئۆزجەملىيىتىنى تونۇ-
شى ۋە قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدا تۇرۇپ گۇناھىنى يۇيۇشىنى
ئۈمىد قىلىپ، ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ: «مېنىڭ ئۈچۈن توختا-
خۇننى جازالاشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ قاننى قان بىلەن يۇغىلى
بولامدۇ؟ مەن ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۈم». بۇ، تۆمۈر خەلپىنىڭ
بەغۇتلۇقى ۋە چېكىدىن ئاشقان رەھىمدىللىقىنى ئەمەس،
بەلكى كۈچنى توپلاپ چوڭ دۈشمەننى يوقىتىشنى كۆزدە
تۇتۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە دۈشمەننى كۆپەيتمەسلىككە
تىرىشىدىغان، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدا بۆلۈنۈش يۈز بېرىش-
نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شەخسىي ئاداۋەت بىلەن

ھېسابلاشمايدىغان ئېسىل خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

لېكىن تۆمۈر خەلپە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتىن ھالقىپ كەتكەن نوقسانسىز شەخس ئەمەس. يازغۇچى تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىپ، تۆمۈر خەلپىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قەھرىمانلىق ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇنىڭ ئەمەلدار بولۇش ئىدىيىسى بىلەن ئىلاھىي تەقدىر قارىشى بارلىقىنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. تۆمۈر خەلپە «ۋاقىتلىق تۈزۈمنى يىمىرىپ تاشلاشنىڭ ھازىرچە مۇمكىن ئەمەسلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ» قۇمۇل خەلقىنىڭ يېلىنىش سۆزلىرىدە سۇ ئىچكەن شاھخۇت ۋاڭ بىلەن «يارىشىش» قا ماقۇل بولغاندىن كېيىن ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن «ئىنئام» قىلىنغان «ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر - مۇسۇلمان 3 - ئاتلىق باتالىيونىنىڭ كوماندىرلىق مەنسىپى ۋە ئىككى يۈزدىن بەش يۈزگىچە چېرىك ساقلاش ھوقۇقىنى» قوبۇل قىلىدۇ. ئۈرۈمچىگە چىققاندىن كېيىن بولسا، جاھالەت ياڭ زېڭشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «سۇمبۇل چاچلىرى ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان»، ئالتۇن قاداقلىق كۆپچار دوپپىسى بىلەن بۆرەك ياقىلىق قىزغۇچ نىمچە چاپان ۋە يېشىل تاۋار كۆڭلەك كىيگەن زىلۋا بويلۇق ياش بىر ئايال » غا ئۆيلىنىدۇ - دە، «ئەمەلدارلاردىن تاشقىرى، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، خەنزۇ بايلىرى » قاتناشقان « تەنتەنىلىك زىياپەت ھەم مېھماندارچىلىق » لارنىڭ ئېزىتقۇلۇق چۇقانلىرىدىن مەست بولۇپ كېتىدۇ. « ئەمدى ئۇنىڭ ئۇلپەتلىرىمۇ كۆپىيىپ، كۈندە دېگۈدەك ئويۇن - تاماشا بىلەن كېزىمىگە بېرىشقىمۇ چولىسى

تەگمەيدىغان بولۇپ قالدى... قالاغا چىقسا «دارىن»، ئۆيگە كىرسە «خوجام» دەپ جاراڭلايدىغان نازلىق تاۋۇشلار خۇددى بىر سېھىرلىك ئەللەيدەك ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۆشۈككە بۆلەپ ئۇخلاتماقتا ئىدى». بۇ پاكىت تۆمۈر خەلپە گەرچە شاھمەخسۇت ۋاڭنىڭ مۇستەبىت خانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا فېئوداللىق ئىقتىساد ئاساسىدىكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىسكەنجىسىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن دېھقان ئىنقىلابچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خانلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئارقىلىق مەلۇم ئىمتىيازغا ئىگە ئەمەلدار بولۇش ئىدىيىسىدىن خالى بولالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىلاھى تەقدىرگە قارىشى ئۇنىڭ ئۆزى دۇچ كەلگەن ئوڭۇشسىز ئىنقىلابنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە سىنىپىي ۋە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزەلمەسلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ جاللات ياڭ زېڭشىنىڭ «قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىش» ھىيلىسىگە ئالدىنىپ، قاپقانغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى گەرچە «بىھۇش ھالەتتە قەپەزگە چۈشۈپ قېلىپ، بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلىغان بولۋاس»قا ئوخشاتقان بولسىمۇ، لېكىن «قەپەزگە چۈشۈپ» قېلىشىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي سەۋەبلىرى ھەققىدە ئەستايىدىل تەھلىل يۈرگۈزمەيدۇ، ئەكسىنچە ئۇنى «تەقدىر» دىن دەپ قاراپ، پاسسىپ پوزىتسىيىدە بولىدۇ. ئۇ ئامانقۇلغا مۇنداق دەيدۇ: «تەقدىردىن كەلسە، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماس دېگەن گەپ بار. بۇنىڭ ھەممىسى تەقدىر ئوخشايدۇ، ئوكام!» بۇ، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىلاھى تەقدىر قارىشىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى.

ئەمما شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، ئەگەر تۆمۈر خەلپە ياڭ زېڭشىننىڭ «قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىش» ھىيلىسىگە ئالدانماي كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان بولسا، ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى غەلىبە قازىنالىشى مۇمكىنمىدى؟ ياق، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ قوزغىلاڭنىڭ مۇقەررەر مەغلۇپ بولۇشىنى تۆمۈر خەلپىنىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ «قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىش» ھىيلىسىگە ئالدىنىپ كەتكەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى دەۋر ۋە تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بەلگىلىگەن. شۇنداق بولغاچقا، تۆمۈر خەلپىنىڭ پاجىئەسىنى ھەرگىز شەخسىي پاجىئە دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ بىر تارىخىي پاجىئە بولۇپ، بۇ پاجىئەنى ئاشۇ زۇلمەتلىك دەۋر كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، تۆمۈر خەلپە ئوبرازى تېخىمۇ تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

رومانىدا يېزىلغان ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، شامەخسۇت ۋاڭ ئىجتىمائىي ئورنى ھەم خاراكتېر ئالاھىدىلىكى جەھەتتە باشقا سەلبىي شەخسلەردىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ.

شامەخسۇت ۋاڭ — قۇمۇلدا ئۈچ يۈز يىلدىن كۆپرەك دەۋران سۈرگەن مۇستەبىت خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى، فېئودال خانلىق تۈزۈمىنىڭ جاھىل قوغدىغۇچىسى. شامەخسۇت ۋاڭ ئىنتايىن رەھىمسىز، ئۇ جاللاتلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان قانخور. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى تارىختا ئۆتكەن ھەممە زالىم خانلار ئۈچۈن ئورتاق. لېكىن ئۇ يەنە ئىنتايىن تەكەببۇر ۋە جاھىل، چىرىك ۋە قورقۇنچاق. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ ئىككى تەرەپنىڭ رومانىدا بىرلەشتۈرۈ-

لۇپ تەسۋىرلىنىشى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوز-
غىلىڭىنىڭ تىراگېدىيىلىك ئاخىرلىشىشىنىڭ سىنىپىي مەنبەسىنى
تېخىمۇ روشەن ئېچىپ بېرىش رولىنى ئوينىغان.

شامەخسۇت ۋاڭنىڭ خاراكتېرىدە چېكىدىن ئاشقان تەكەب-
بۇرلۇق بىلەن جاھىللىقنىڭ شەكىللىنىشى ھەرگىز تاسادىپىي
ئەمەس. بىر تەرەپتىن ھەر قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنى
دەھشەتلىك باستۇرۇپ، تۆكۈلگەن ھېسابسىز كۆپ قانلار بەدى-
لىگە مۇستەبىت خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداپ ۋە مۇستەھكەم-
لەپ كەلگەنلىكى سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن،
چىڭ خانلىقىغا بولغان «چەكسىز ساداقىتى» بەدىلىگە ئېرىشكەن
يۇقىرى ئۇنۋان، مەرتىۋە ۋە ئىمتىيازلىرى سەۋەب بولغان:
«نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ مانجۇ خانلىقىغا
قارشى قوزغىلاڭلارنى بېسىشتا كۆرسەتكەن «خىزمەت»لىرى، بۇ-
لۇپمۇ شامەخسۇتنىڭ خانلىققا بولغان «چەكسىز ساداقىتى» بە-
دىلىگە خانلىقتىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۇنۋان، مەرتىۋە، ئىمتىياز-
لار شۇ قەدەر يۇقىرى ئىدىكى، شىنجاڭدىكى ھەر قانداق ئەمەل-
دار بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولالمايتتى... گۇاڭشۈي
خانىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (1906-يىلى) ئۇ بېيجىڭغا ئون ئال-
تىنچى قېتىم زىيارەتكە بارغاندا، خان ۋە ئۇنىڭ ئانىسى سىشى
تەيخۇ ئۇنىڭغا يەتتە ئەجدىھا سۈرىتى كەشتىلەنگەن سېرىق
دۇردۇن پەشمەت ئىلتىپات قىلغان. مۇنداق پەشمەت مەرتىۋە
جەھەتتە خاندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ يۇ-
قىرى دەرىجىلىك ۋەزىر - ۋۇزۇرالارغا خاس بولۇپ، ئۇنى كىي-
گەن كىشىنى كۆرگەندە، ھەر قانداق ئەمەلدارنىڭ تىز پۈكۈپ،
تازىم بەجا كەلتۈرۈشى، يوقىرا بولسا باش قويۇپ قۇللۇق بىلدۈرۈ-
شى شەرت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شامەخسۇت مانجۇ خان-

نىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندە، ئوردىنىڭ يەتتىنچى دەرۋازىسىغىچە ئاتلىق بېرىشقا ۋە خان بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن كۆرۈشۈشكە ئىمتىيازلىق ئىدى». شۇنداق بولغاچقا، شامەخسۇت ۋاڭ ئىنتايىن تەكەببۇرلىشىپ، ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆزىنىڭ سۆزىنى قانۇن ئورنىدا يۈرگۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. ئۇ ئۆزىنى قالتىس دانا، تەدبىرلىك ھېساپلاپ، ھەممە ۋاقىت ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدۇ، باشقىلارنىڭ «ھەق گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، ئاڭلىغۇسى كەلمەيدۇ». ئۇنىڭ ئۈستىگە، شامەخسۇت ۋاڭ ئەخلاقى جەھەتتە ئىنتايىن چىرىك، ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي ئەيش - ئىشرەت ۋە بۇزۇقچىلىقلاردىن قالمايدۇ. «ئەر كىشى قېرىپ قالغاندا، ياش قىزلارغا نىكاھلانسا ياشىرىپ قالغۇدەك» دېگەننى بانا قىلىپ، ئەۋبىلار ئارقىلىق ئۆزىگە «ئوتۇچ قىزنى دورلىمقا بۇيرىتىمدۇ». راجى بانىنىڭ سۆيگىنى گۈلقىزنىڭمۇ ياش جېنىغا زامىن بولىدۇ. لېكىن شامەخسۇت ۋاڭ ھەرقانچە تەكەببۇر ۋە جاھىل بولغىنى بىلەن ئۇ يەنىلا ئىچى پال-پال، ئىچى غال-غال بىر نەرسە. تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، شامەخسۇت ۋاڭ قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ، جان - بېشى چىققىچىلا كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەس - ھۇشىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسكىرىي كۈچى ۋە بايلىقىنى مۇستەبىت خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇۋاتقان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قارىتىدۇ. ئۇ ئاۋۋال باركۆلدىكى مانجۇ خان لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى يى شىڭفۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ، «يۈز سەر ئالتۇن ۋە ئىككى يۈز سەر كۈمۈش بېرىش» بەدىلىگە دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ بېرىشنى سورايدۇ. يى شىڭفۇنىڭ چېرىكلىرى كېچىشتە ئېغىزىدىكى جەڭدە قوزغىلاڭچى-

لار قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، شامەخسۇت
ۋاڭ ئۆزىنىڭ «بارلىق كىبىر- غۇرۇر، مەرتىۋە ۋە ئىززىتى» نەپىس-
نى بىر ياققا قايرىپ قويىدۇ-دە، ئېلى شىنخەي ئىنقىلابىدا
شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولغانلىقتىن، شىنجاڭدا چېن-سىنى ساق-
لاشقا ئامالسىز قېلىپ ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىۋاتقان يۈەن داخۇا-
دىن «ئىلتىپات» كۈتۈپ، ئۇنىڭغا كۈچۈكلىنىدۇ. يۈەن داخۇا-
نى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن «سەككىز كىشى كۆتۈرگەن تەختىراۋان-
غا چۈشۈپ، شەھەردىن بەش چاقىرىم يىراقلىقتا تىكىلگەن ئا-
لاھىدە چاچاڭغىچە» بارىدۇ ھەمدە «قارشى ئېلىش مۇراسىمى
ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يۈەن داخۇانى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، تەخ-
تىراۋان بىلەن شيەتەي يامۇلىغىچە ئەگىلىپ» قويىدۇ. پەتنۇس-
پەتنۇس «چوكا ئالتۇنلار بىلەن قىزىرىپ تۇرغان تىللالار،
جۈپ-جۈپى بىلەن قويۇلغان يامبۇلار، خىل-خىلى بىلەن تور-
غان قارا تۈلكە تېرىلىرى ۋە بۆكەن مۈڭگۈزلىرى»نى پارا بې-
رىپ، قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى باستۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.
بۇ ئاقمىغاندا، شۇ ۋاقىتتىكى «ئۆلكە رەئىسى ۋە قوشۇمچە باش
قوماندان» چاللات ياڭزېڭشىنغا باش ئۇرىدۇ... بۇنىڭدىن شۇنى
چۈشىنىۋېلىشقا بولىدىكى، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ تەكەببۇرلۇقى بى-
لەن جاھىللىقى ھەرگىز ئۇنىڭ كۈچلۈك ھەم ئۆزىگە ئىشەنگەن-
لىكىنىڭ ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى چىرىكلىكى ۋە ئاجىز-
لىقىنىڭ ئىپادىسى. ئۇ ئەنە شۇنداق ساقتا قىياپەت بىلەن
ئۆزىنى قۇدرەتلىك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، چاك- چېكىدىن بۆسۈ-
لۈپ كېتىۋاتقان ئەكسىيەتچى خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ
قالماقچى بولىدۇ. بۇ شامەخسۇت ۋاڭنىڭ خاراكتېرىدىكى زەئىپ-
لىكىنىڭ تولۇق ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، بۇنى ئۇنىڭ چىرىكلىشىپ
زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ئەكسىيەتچى ماھىيىتى بەلگىلىگەن.

شامەخسۇت ۋاڭنىڭ خاراكتېرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇ ئۇچىغا چىققان قارا نىيەت، سۇيىقەستچى. بۇ ئۇنىڭ مانجۇ خان ئوردىسىغا يالغان خەت سۇنۇپ، ۋاڭلىق ھوقۇقىنى ھىيلە-نەيرەڭ بىلەن قولغا چۈشۈرۈۋالغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. قومۇلنىڭ شامەخسۇتتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانى مېھرىبانۇ چىڭۋاڭ ئۆزىدىن كېيىن تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلىنىڭ يوقلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ، «كۆيئوغلى شامەخسۇتنى ياردەمچى ۋاڭ قىلىپ بېرىش توغرىسىدا بېيجىڭ خانىغا خەت» سۇنماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا شامەخسۇت بۇ خەتكە تاپغا باسىدىغان «مەسئۇل كاتىپنى نۇرغۇن پۇل ۋە كېلىچەككە مەنسۇپ مەنسەپ ۋەدە قىلىش بەدىلىگە سېتىۋالىدۇ-دە، بۇ ئىلتىماسنى ئۆز پايدىسىغا يازدۇرۇپ بېيجىڭ خانىغا ماڭدۇرىدۇ. بېيجىڭدىن «ئىلتىماسىڭلارغا بىنائەن، شامەخسۇت چىڭۋاڭ، مېھرىبانۇ ياردەمچى ۋاڭ بولسۇن» دېگەن مەزمۇندا جاۋاب كېلىدۇ». شۇنىڭ بىلەن ئوردىنىڭ ئادىتىدىكى مۇھۇردارلىق مەنسىپىدە تۇرۇۋاتقان شامەخسۇت بىر سەكرەپلا قومۇلنىڭ ئەڭ ئالى ھۆكۈمرانى بولۇپ قالىدۇ. شامەخسۇت ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ سۇيىقەستلىك نەيرىڭىنىڭ سىرىنى بىلىپ قالغان ئوردا مەسلىھەتچىسى نەمەتۇللا قىزبەگنى يوقىتىۋەتمەكچى بولۇپ، يېقىن كىشىلىرى ئارقىلىق «مېھرىبانۇ خېنىم نەمەتۇللا قىزبەگكە ئۆگىنىپ قاپتۇ، كېچىلىرى بىللە بولىدىكەن» دېگەن ئىغۋانى تارقىتىدۇ. ئۆزى بولسا مېھرىبانۇ چىڭۋاڭنىڭ قېشىغا كىرىپ، «بۇ نېمىدېگەن سەت گەپ! سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەم، نەمەتۇللا دېگەن قارا يۈزنىڭ ماختانچاقلىق قىلىپ، ئۆزى تارقاتقان گەپلەر ئىكەن» دەپ چاقىدۇ. نومۇس ۋە غەزەپتىن ھوشىدىن كەتكۈدەك دەرىجىگە يەت-

كەن مېھرىبانۇ چىڭقۋاك «ئۇ قارا يۈزنى نېمە قىلىسىز قىلىڭ، مېنى بۇ بەدنامدىن قۇتۇلدۇرۇڭ» دەيدۇ. دەل مۇشۇنداق بويرۇقنى كۈتۈپ تۇرغان شامەخسۇت نەمىتۇللا قىزدىكىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىنىمۇ تۈگىتىدۇ.

يازغۇچى شامەخسۇت ۋاك ئوبرازى ئارقىلىق، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىككى قولى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قىزىل قېنى بىلەن بويالغان بۇ ۋەكىلىنىڭ ھاكىمىيەتكە ئېرىشىش ۋە فېئودال ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق پەسكەشلىكلەردىن باش تارتمايدىغان رەزىل قىياپىتىنى جانلىق سۈرەتلەپ، فېئودالىق تۈزۈمنىڭ گۇمران بولۇشى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

3

«ئىز» رومانى بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك كۆپ چەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بەزى يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت.

(1) دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتى كونكرېت تەسۋىرلەنمىگەن.

تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى يالغۇز قۇمۇل رايونىدىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، نامرات دېھقانلارنىڭ فېئودال پومېشچىكلار ۋە باشقا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى مەركەزلىك ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ ئازادلىققا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشىنى نامايان قىلغان. شۇنداق بولغاچقا، ئەمگەكچى خەلق بۇ قوزغىلاڭدىن زور ئۈمىد كۈتكەن

ھەممە ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىغان ۋە ھىمايە قىلغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، قوۋۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچى ھەم باشقا تاغلىق رايونلاردىكى ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ زور خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن يېقىن ئالاقە باغلىغان، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا ئاشلىق، كېيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەندىن تاشقىرى، ئۇلارنى شەھەر ۋە يېزىلاردىكى دۈشمەن ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرغان. ئەپسۇسكى، يازغۇچى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئەمگەكچى خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە باغلىق بولغان بۇ مۇھىم مەسىلىنى روماندا كونكرېت تەسۋىرلىمەي، پەقەت ئۇ يەر-بۇ يەردە تومستاق ھالدا قىستۇرما قىلىش بىلەن كۇپايىلەنگەن. شۇنداق بولغاچقا، بۇ رومان كىتابخاندا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولالماي، ئاممىدىن ئايرىلغان ھالدا يەككە ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن مەغلۇپ بولغاندەك تەسىرات قالدۇرىدۇ. روماندا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئۇرالغۇ جاي، ئوت-بوغۇز قاتارلىق ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەن. دەرۋەقە بىر پارچە ئەسەردە تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى كەم-كۈتىسىز تەسۋىرلەپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. ھەر قانچە چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولغاندىمۇ، ئۇ پەقەت تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. لېكىن ئەسەرنىڭ باش تېما ئىدىيىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى مەسىلىلەر چوقۇم روشەنلەشتۈرۈلۈشى لازىم. «ئىز»غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۆزىنىڭ

تەمنات مەسىلىسىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلغانلىقىغا
سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى تارىختىن بۇيانقى دېھقانلار
قوزغىلاڭلىرى ئۆزىنىڭ تەمنات مەسىلىسىنى ئەمگەكچى خەلق-
نىڭ ياردىمىگە تايانغاندىن باشقا، ئاساسەن زالىم پومېشچىكلارنى
باستۇرۇپ، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش ياكى ئۇلارغا مەج-
بۇرىي سېلىق سېلىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلغان. بۇ دېھقان-
لار قوزغىلىڭىنىڭ تىغ ئۇچى كىمگە قارىتىلغانلىقىغا مۇناسىۋەت-
لىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن سىنىپىي كۈرەشنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرۈۋال-
غىلى بولىدۇ. دېمەك، تارىخىي رومان «ئىز» دا قوزغىلاڭچىلار
قوشۇنىنىڭ تەمنات مەسىلىسىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ھەل
قىلغانلىقى يالغۇز قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ تەمنات مەسىلى-
سىلا بولماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇ قوزغىلاڭنىڭ خاراكتې-
رىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە. شۇنداق بولغاچقا، روماندا
بۇ مەسىلە كونكرېتراق تەسۋىرلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ باش تېما
ئىدىيىسى تېخىمۇ جەڭگىۋارلاشقان بولاتتى.

(2) بەزى ئاساسلىق شەخسلەر ئوبرازى ئاددىيلاشتۇرۇۋې-
تىلگەن. بۇ ئەھۋال شامەخسۇت ۋاڭ ئوبرازىدا گەۋدىلىكرەك
كۆزگە چېلىقىدۇ.

مەلۇمكى شامەخسۇت ۋاڭ «قۇمۇل زېمىنىدا ئۈچ ئەسىردىن
كۆپرەك يىلتىز تارتقان... ۋاڭلىقنىڭ ھەممىدىن ئۇزۇن ھۆ-
كۈم سۈرگەن، ھەممىدىن قاتتىق قول ۋەكىلى». ئۇ 1875-
يىلى سۈيىقەست ئىشلىتىپ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈ-
ۋالغاندىن تارتىپ 1928-يىلى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنگە
قەدەر ۋاڭلىق تەختىدە ساق ئەللىك ئۈچ يىل ئولتۇرىدۇ. قۇ-
مۇلدىكى ۋاڭلىق تارىخىدا ھېچكىم ئۇنىڭدەك ئۇزۇن ھۆكۈم
سۈرگەن ئەمەس. ئۇنداق بولسا، شامەخسۇت ۋاڭ نېمىگە تاي-

نىپ شۇنچە ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرەلىدى؟ گەرچە روماندا شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چېكىدىن ئاشقان تەكەببۇرلۇقى، جاھىللىقى، چىرىكلىكى ۋە قورقۇنچاقلىقى خېلى ئوبدان تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇمۇل زېمىنىدا ھۆكۈم سۈرگەن ۋاڭلار ئىچىدە ئۇنىڭ قانداق قىلىپ «ھەممىدىن ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرگەن» ۋاڭ بولالىغانلىقى كونكرېت تەسۋىرلەنمىگەن.

شامەخسۇتنىڭ ۋاڭلىق ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشتا ئىشلەتكەن سۇيىقەست ۋە ھىيلە-مىكىرلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنى ھەرگىز دۆت، كارغا كەلمەيدىغان كالۋا دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئەگەر شامەخسۇت ۋاڭنىڭ بىر يۈرۈش ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىسى، تەدبىرى ۋە ئۆزىگە خاس ئەكسىلئىنقىلابىي ھوشيارلىقى بولمىسا، ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەپسۇسكى، يازغۇچى بۇ تەرەپكە سەل قاراپ، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا تىپىك تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىگە تايانماي، كۆپرەك ئۇدۇلمۇئۇدۇل بايان قىلىش ۋە كۆپتۈرۈپ ھەجۋى قىلىشتەك ئاددىي ئۇسۇللارنى قوللانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ تارىخىدا «ھەممىدىن ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرگەن» بۇ مۇستەبىت خاننىڭ ئوبرازى بەكلا ئاددىيلىشىپ كەتكەن. نەتىجىدە رومانىڭ سىنىپىي كۈرەشنى مۇرەككەپلىك ھەم چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈشىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكەن.

مۇنداق ئەھۋال تۆمۈر خەلپە ئوبرازىدىمۇ مەۋجۇت. لىشۇفۇ ياڭ زېڭشىننىڭ «تۆمۈر خەلپىگە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر مۇسۇلمان 3-ئاتلىق باتالىيوننىڭ كوماندىرلىق مەنسىپى ۋە ئىككى يۈزدىن بەش يۈزگىچە چېرىك ساقلاش ھوقۇقى بېرىلگەنلىكى» توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى ئوقۇپ بولۇشى بىلەنلا

ئەلچىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تۆمۈر خەلپىنى مۇبارەكلەيدۇ. تۆمۈر خەلپە بۇ چاغدا: «دۈگۈرۈچتىن خەۋەر يوق، سەۋزە دەم يەپتۇ، دەپ، جاڭجوڭ جانابلىرى بەك ئالدىراپ كېتىپتۇ. مەن تېخى كۆڭلۈمنى توختاتقىنىم يوق. بۇ گەپنى كېيىن قىلماشايلى» دېدۇ. لى شۇفۇمۇ قوشۇلىدۇ. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئەلچىلەر بىلەن سۆھبەت باشلىنىپ، ھەش-پەش دېگۈچىلا «يەتتە ماددىلىق كېلىشىم» ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ يەردە تۆمۈر خەلپىنىڭ روھىي ھالەت تەسۋىرى بەك ئۈزە بولۇپ قالغان. بۇ تۆمۈر خەلپىنىڭ كاللىسى خىلمۇخىل زىددىيەت بىلەن تولغان مەزگىل بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق «كۆڭۈل توختىتىش»ى ئۆزىنىڭ تەقدىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا بۇ ۋاقىتتا تۆمۈر خەلپىنىڭ روھىي دۇنياسىدا كەسكىن ئېلىشىشنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. ئەگەر يازغۇچى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئاشۇ پەيتتىكى روھىي ھالىتىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى تۇرغۇنلۇق بىلەن ئاجىزلىقىنى روشەن ئېچىپ بەرگەن بولسا، بۇ قەھرىمان شەخسنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن بولاتتى. بىراق يازغۇچى بۇ مۇھىم ئۆتكەلنى چىڭ تۇتماي، ئۇنىڭدىن يەڭگىللىك بىلەن بىر سەكرەپلا ئۆتۈپ كەتكەن.

(3) بەزى تەپسىلاتلار تەسۋىرى چىن ئەمەس.

«ئىز» دا تەسۋىرلەنگەن نۇرغۇن تەپسىلاتلار پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى بەزى تەپسىلاتلار چىن ۋە ئىشەنچلىك ئەمەس. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەسىلەن: پوجوڭ ئاغىچا شامەخسۇت

ۋاڭ تۇتقۇن قىلىپ ئوردىغا ئەكېلىنىۋالغان گۈلقىزنىڭ گۈزەل
جامالىنى كۆرگەندىن كېيىن، «مۇبادا ۋاڭنىڭ كۆڭلى بۇنىڭغا
چۈشۈپ قالسا، قانداق قىلىشقۇلۇق؟» دېگەن كۈندەشلىك ئوي
بىلەن گۈلقىزنى ئۆزىنىڭ خاس دېدەكى قىلىۋالغان كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە، ئۇ ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «چاھار دىۋان» ىدىن
«نەۋ باھار ئەييامى بولمىش، مەن دىيارۇ يارسىز» دېگەن
مەشھۇر غەزىلىنى ئوقۇيدۇ. بۇ تەپسىلات روماندا مۇنداق يېزىل-
غان: «پۈچۈك ئۆز ئادىتى بويىچە، بەزى ئەتىگەنلىرى ئاتا-
ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇسا، بەزى كۈنلىرى
چىرايلىق مۇقاۋىلانغان تېلىس بىر كىتابنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ،
ئۇ يەر-بۇ يېرىنى ئوقۇپ قوياتتى (بۇ «چاھار دىۋان» ئىدى).
مۇشۇنداق چاغلاردىمۇ گۈلقىز پەگا تەرەپتە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا
‹يولداش› (ھەمراھ) بولۇشى لازىم ئىدى. بىر كۈنى پۈچۈك
ئاغىچا شۇ كىتابتىكى بىر غەزەلنىڭ بەزى مىسرالىرىنى تەكرار-
تەكرار ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى.» بۇ تەپسىلات گەرچە گۈل-
قىزنىڭ راجى بالىغا بولغان ساپ مۇھەببىتى ۋە سادىق قەلبىنى
ئېچىپ بېرىشتە مەلۇم تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ، لې-
كىن ئۇ پۈچۈك ئاغىچىدىن ئىبارەت بۇ قارا كۆڭۈل چىشى
بۆرىنىڭ پاسىق خاراكتېرىگە ھەرگىز باب كەلمەيدۇ. مەن بۇ
يەردە، پۈچۈك ئاغىچىنىڭ ناۋائىي غەزەللىرىنى ئوقۇشى ئەقىلغا
سىغمايدۇ، دېمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى ساۋادى بار ھەر قانداق
ئادەم خالىغان بىر ئەسەرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن بەلگىلىك بەدى-
ئىي زوق ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. لېكىن ئەدەبىي ئەسەردە كىم-
نىڭ نېمىنى ئوقۇشى ۋە قانداق مەقسەت بىلەن ئوقۇشىغا ئەس-
تايىدىل دىققەت قىلىش كېرەك. بىر شەخسنىڭ قانداق كى-
تابنى ئوقۇشى يالغۇز ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا مۇناسىۋەت-

لىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىيات ۋە ئىلىم-پەن كۆز قارىشىغا، شۇنداقلا تەربىيىلىنىش دائىرىسىگىمۇ باغلىق. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە تەربىيىلىنىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىن ئالىدىغان بەدىئىي زوقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەلشىر ناۋايىنىڭ غەزەللىرىنى ئاڭلىغاندا، گۇلقىزنىڭ مۇھەببەت ۋىسالىغا تەشنا قەلبى بىردىنلا جۇش ئۇرۇپ، ئۇ گويا ئەس-ھوشىنى يوقاتقاندەك بولىدۇ. گەرچە گۇلقىز ناۋايىنىڭ غەزەللىرىدىكى «سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە چۈشىنەلمىسىمۇ، خۇددى كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىۋاتقاندەك، ھۆڭگۈر ئېيتىپ يىغلاپ تاشلىغۇسى» كېلىدۇ، لېكىن «پۈچۈكدىن قورقۇپ دېمىنى ئىچچىگە يۇتقان پېتى يەرگە قاراپ» جىم ئولتۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ «شۇ تاپتا خىيال قۇشلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن گۈزەل ئىدىر تاغلىرىدا جەۋلان قىلاتتى. مېھرىبان ئاتا-ئانىسى، قوۋم-قېرىنداشلىرى ۋە بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان سۆيۈملۈكى راجى بالا كۆز ئالدىدا تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ، قۇلىقىغا ھېچنېمە كىرمەيتتى.» پۈچۈك ئاغىچا ئەلشىر ناۋايىنىڭ گۇلقىز قەلبىدە مۇشۇنداق كۈچلۈك دولقۇن قوزغىغان مەشھۇر غەزەللىرىنىڭ «بەزى مىسرالىرىنى تەكرار-تەكرار ئۈنلۈك ئوقۇغان» بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېچقانداق تەسىر قوزغىيالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇنىڭدا ئەلشىر ناۋايىنىڭ غەزەللىرىدىن بەدىئىي زوق ئالالىغۇدەك نازۇك قەلب يوق. بىز شامەخسۇت ۋاڭنىڭ «ھەدېسىلا ياش قىزلارغا نىكاھلىنىپ ئالىدۇ» غانلىقىدىن يىرىلىپ ئۆلگۈدەك بولغان پۈچۈك ئاغىچىنىڭ ئاسىيە ئاپپاققا ھال ئېيتىپ، ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاشقا ئۇرۇنغانلىقىنى ئەسلەپ باقايلى: ئاسىيە-

ئاپئاق بۆجۈك ئاغىچىنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك قىلىپ: «ئەركىشى قېرىپ قالغاندا، ياش قىزلارغا نىكاھلانسا، ياشىرىپ قالغۇدەكمىش» دېگەندە، بۆجۈك ئاغىچا ھاياسىزلىق بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ: «ئانداقتا بىز قېرىپ قالساق، بىزگە نېمە دورا بولغۇدەك؟» دېيدۇ. روھىي دۇنياسى ئەنە شۇنداق رەزىل ۋە پەسكەش بولغان بۆجۈك ئاغىچىنىڭ ئەلىشىر ناۋايىنىڭ غەزەللىرىدىن مەلۇم بەدىئىي زوق ئېلىپ، ئۆزىنىڭ زىددىيەتلىك كۆڭلىگە تەسەللى بېرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر ئۇنى ئەلىشىر ناۋايىنىڭ غەزەللىرىنى پەقەت ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا ئوقۇغان دېگەندىمۇ، بۇ تەپسىلات بۆجۈك ئاغىچىنىڭ شۇ چاغدىكى كوندەشلىك ۋە ھەسەتخورلۇق بىلەن تولغان مۇرەككەپ ھېسسىياتىغا مۇتلەق ماس كەلمەيدۇ.

4

تارىخىي رومان ئۆتمۈش ئۈچۈن ئەمەس، بۈگۈن ئۈچۈن؛ ئۆتكەن زامان كىشىلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن يېزىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر بىر يازغۇچى ئالدى بىلەن قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، تارىخ بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانىدا، تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى-

نىڭ جەريانىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق، خەلقى-
مىزنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش يولىدا ئېلىپ
بارغان جاپا - مۇشەققەتلىك كۈرەشلىرىنى بەدىئىي يوسۇندا
ئومۇملاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى بۇ تارىخىي تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيى-
تى ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى توغرا بىلىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلغان. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئەسەر ئوقۇغۇچىلارغا
چوڭقۇر ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى بېرىپ، ئۇلارنىڭ
ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. قۇمۇل دېھقانلار قوزغى-
لىڭى پارتلىغان مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي،
تارىخىي ئەھۋالى، سىنىپلار مۇناسىۋىتى، ھەر قايسى سىنىپ،
تەبىقىلەرگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن
روھىي قىياپىتى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت
قاتارلىقلارنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى جەمئىيەت
تارىخى ۋە تۇرمۇشقا دائىر مول، جانلىق بىلىملەر بىلەن
قوراللاندۇرىدۇ. بولۇپمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارىختا ئاكتىپ
رول ئوينىغان تۆمۈرخەلپە، ئامانقۇل، خوجىنىياز پالۋان،
كۆلقىز قاتارلىق قەھرىمان شەخسلەرنىڭ باتۇر، تەيسەر،
چىداملىق، پىداكار ۋە ئۈمىدۋار بولۇشتەك ئېسىل خىسلەت-
لىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزلىرىدە ئالىيجاناب ئىدىيىۋى
ھېسسىيات بىلەن كۈچلۈك خاراكتېر يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق
ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە يارىتىش
ئىرادىسىنى تۇرغۇزۇشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

تارىخىي رومان «ئىز» نىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەھمىيىتى
شۇكى، يازغۇچى بۇ رومانىدا تارىخىي روماننىڭ يېزىلىشىنىڭ
ھەم تارىخقا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالىش، ھەم
تارىخ ئىچىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا ماھىر بولۇشتەك پىرىنسىپ-

نى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى
زامان ئەدەبىياتىنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى.
يازغۇچىنىڭ تارىخقا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلغانلىقى
ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقە ھەم شەخسلەرگە تارىختا چوڭقۇر
تەھلىل - تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئەستايىدىل تاللاپ،
چىڭ بىلەن جانى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي، تارىخنىڭ ھەقىقىي
قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقانلىقىدا: تارىخ
ئىچىدىن يۇلتۇزلۇپ چىقىشقا مادىر بولغانلىقى تۆمۈر خەلپە
قاتارلىق تارىخىي شەخسلەر ئوبرازىنى يارىتىشتا تارىخىي
ئەمەلىيەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يۈرەكلىك ئىجادىيەت
ئېلىپ بېرىپ، ئىپادىلىمەكچى بولغان تارىخىي تۇرمۇشنى
تارىختىكىدىن تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ تەسىرلىك ۋە تېخى
مۇ تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ
يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، يېقىندىن بۇيان تار
ىخىي تېمىدا يېزىلغان بىر مۇنچە ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىق
تى. بۇ يازغۇچىلارنىڭ تارىخىي تېمىلارنى يېزىشقا جۈرئەت
قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققى
ياتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى
بولۇپ، ئەلۋەتتە ئالقىشلاشقا تېگىشلىك. بىراق بەزى
ئەسەرلەر ئاتىلىشتا تارىخىي ئەسەر بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە
ئۇلارنى تارىخىي ئەسەر دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى
ئۇلاردا تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر ئەدەبىياتنىڭ ئۆز قانۇنى
يىتى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەننىڭ سىرتىدا، ئۇلار
تارىختىن چەتنىگەن، ھەتتا تارىخنى بۇرمىلىغان. شۇنداق
ئەسەرلەرمۇ باركى، گەرچە ئۇلاردا زور تارىخىي ۋەقەلەر يې
زىلغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي روھ كەمچىل، شەخسلەر

ئوبرازى تۇتۇق بولغاچقا، ئۇلاردا تەسۋىرلەنگەن شەخسلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ، ئاساسىي ۋەقەلىكلەر سىستېمىسىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانى ئۇنداق ئەمەس. يازغۇچى بۇ ئەسىرىدە تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تارىختا مۇئەييەن رول ئوينىغان شەخسلەرنىڭ تارىخىي ئاساسىنى ۋە ئۆزىگە خاس خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرىنى چوڭقۇر قازغان. شۇنداق بولغاچقا، بۇ تارىخىي شەخسلەر ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى، ئىدىيىسى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىمۇ روشەن تارىخىي تۈس ئالغان. بۇ يازغۇچىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۇتۇقى بولۇپ، بىزنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر تارىخىي رومان ئىجادىيىتىنىڭ بىر ياخشى ئۈلگىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىن مۇھىم ئورۇن ئالىدۇ.

## «ئىزدىنىش» رومانى ئۈستىدە ئىزدىنىش

سىدىقھاجى روزى

يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەھۋالىنى ۋە ھازىرقى باسقۇچتىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا ئۈمىد بىلەن قاراش ھەربىر ئەدىپ ۋە زوقلانغۇچىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىدۇر. پروزىنىڭ تەرەققىياتى ھەربىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. پروزا ئىجادىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش، بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىمىزگە پايدىلىق بولىدۇ. مەن بۇ ماقالەمدە تۇرمۇش چىنلىقى ۋە «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ بەدىئىي چىنلىقى، «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئوبرازلار ۋە خاراكتېرلار، «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن. پىكىرىدىكى ئوخشىماسلىق ئەدەبىياتتىكى نورمال ھادىسە، مۇبادا كۆز قارىشىمدا مۇخالىپ ئەرسىلەر بولسا يولداشلارنىڭ تەنقىد بېرىشىنى سورايمەن.

رومان مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەيلى زورتېمىلارغا بېغىشلانغان ياكى تۇرمۇشنىڭ قىسمەن-ئايرىم تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئوبرازلاشتۇرغان بولسۇن، ئومۇمەن ئۇنىڭدا مەلۇم تارىخىي دەۋرنىڭ قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلمەي مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭسىز ئۇنى رومان دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ ئۈچۈن روماندا تارىخىي

چىنلىق ئالدىنقى شەرتتۇر. ئۇنداق بولسا «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ تارىخىي چىنلىقى نېمە؟

«ئىزدىنىش» رومانى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان 50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى ۋە 60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىنكى ئۆزگىچە بىر تارىخىي دەۋر ئىدى. ئىچكى، تاشقى سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق كېيىن يۈز بەرگەن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان سىياسىي پاراكەندىچىلىكنىڭ باشلىنىش مەنبەسى ئىدى. بۇ ۋەيرانچىلىق، پاراكەندىچىلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ پۇختا ئىجتىمائىي ئاساس سالماي تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باققان ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرى مەغلۇپ بولدى. لېكىن قانچە مەغلۇپ بولغانسېرى ئۆزگەتمەس مىللىنى شۇنچە تېپىپ، تۈرلۈك چاقىرىقلار بىلەن جەمئىيەتنى، خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، خەلقنى ۋەيران بولۇش گىرۋىكىگە ئىتتىرىپ قويدى.

«كىشىلەر ئەڭ ئاۋۋال يېيىشى، ئىچىشى، تۇرار جايغا ئىگە بولۇشى، كىيىنىشى لازىم، شۇنىڭدىن كېيىنلا سىياسى، ئىلىم - پەن، سەنئەت، دىن ۋە باشقىلار بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ...» (ئېنگېلس) ئېلىمىزدىكى «يېيىش، كىيىش، ئىچىش» تىن ئىبارەت جىددىي مەسىلىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ «ئىنقىلاب» دەپ مېڭىسى قىزىپ كەتكەن ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىدىكىلەر، ئەمەلىيەتتە، ماركسىزم بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىۋەتكەن كىشىلەر ئىدى. بۇ دەۋردە خەلق بىر قاچا ئۇماچ بىلەن بولسىمۇ بالىلىرىنىڭ قورسىقىنى توقلىيالمىغان، ئۆزىنىڭ ئېگىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى مۇقىم-

لاشتۇرالمىغان تورۇقلۇق، سەنئەت، ئىلىم - پەن دېگەننى ئويلىمىشى مۇمكىنمىدى؟ سەنئەت، ئىلىم - پەن ئىدېيىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تۇغرىدىن - تۇغرا ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدىن ئايرىلمايتتى، شۇنداقلا ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىش، مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىزدىنىش مۇئەييەن دەۋرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئايرىلمىغاندەك، مائارىپنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يېتىشمۇ تارىخىي خاراكتېرلىك بولاتتى.

« بىر جەمئىيەتتە ياشىغان ھالدا شۇ جەمئىيەتتىن چەتتە تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.» لېنىننىڭ بۇ تەبىرىگە ئاساسلانغاندا، مۇئەييەن دەۋردە ياشىغان شەخسنىڭ بارلىقى پەقەت شۇ جەمئىيەت بەرگەن بارلىقتۇر. شەخسنىڭ ھەر جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئىچىدە ئاڭ جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشى تولاراق قىممەتلىكتۇر. بىراق بۇنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىق ئاساسىدا بولىدۇ. ئەگەر كىمدە - كىم مۇئەييەن دەۋردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىدېئولوگىيىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، دەۋرنىڭ خاھىشىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىدىيەۋى پىكىر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىكەن، شۇ دەۋرنىڭ زىددىيەتلىرى ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىغا چېلىنىدۇ.

« ئىزدىنىش » رومانىنىڭ قەھرىمانى ئەلانى ئۆزى ياشىغان دەۋردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىدېئولوگىيىگە ۋە شۇ دەۋرنىڭ خاھىشىغا غەيرى قاراش بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان شەخس دېيىش كېرەكمۇ ياكى ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ خاھىشى ۋە ئىدېئولوگىيىسىگە ماسلىشىش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان شەخس دېيىش كېرەكمۇ؟ « ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش » كە قارشى تۇرۇش شۇ دەۋر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ

تەركىبىي قىسمى ئىدى. بىراق ئەلا شۇ دەۋردە بولسىدىن ئۆزگىچە يول تۇتقان. ئۇ ئىزلەنگۈچى، ئىلىم - پەنگە ئىشتىياق بەرگەن كىشى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغۇچى يەنى مۇتەخەسسىسلىشىشكە يۈزلەنگەن شەخستۇر. دىمەك ئەلا ئۆز دەۋرىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىدىيولوگىيىگە يات بولغان پىكىر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان شەخستۇر. ئۇ ھالدا ئەلانىڭ ۋۇجۇدىغا جەملەشكەن شۇ دەۋرىلىك زىددىيەتلىرى نىمە؟ بۇ زىددىيەتلەرنىڭ خاراكتېرى قانداق؟ ئەلا بىلەن رەقىبىنىڭ زىددىيىتىدە شۇ دەۋر ئىدىيولوگىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە شۇ دەۋر زىددىيەتلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى بارمۇ؟ ياكى ئەلا بىلەن رەقىبىنىڭ زىددىيىتى گۈزەللىكي ئازادى كىشىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، دىگەننىلا دەۋرقىلغانمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرجەمئىيەتتە ياشىغان ئەلا بىلەن گۈزەللىكىنىڭ مۇھەببىتى شۇ جەمئىيەتنىڭ قانداق خۇسۇسىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان؟ ياكى مۇھەببەت ئەلا بىلەن گۈزەللىكىنىڭ ئىجتىمائىيلىقتىن خالى شەخسى ئىشمۇ؟ مانا بۇ مەسىلىلەر بىزنى ئويلاندۇرىدۇ.

لەنبۇدىكى مەكتەپ باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا سادىر بولغان زىددىيەتلەر ئىقتىساسلىقلارنى تالاشىنى ئىچكى مەزمۇن قىلغان ۋە مۇشۇ ئاساستا راۋاجلاندۇرۇلغان. مەكتەپ باشلىقلىرىنىڭ ئەلا بىلەن ئانچە - مۇنچە پاراڭلىشىپ قويغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئەلانىڭ ھاياتى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بار؟ مۇقىرىدا سۆزلەنگەن تورمۇش چىنلىقى بىلەن گۈزەللىكي، رەقىب، ئەلالارنىڭ تورمۇش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرىسـ

دا ئوخشاشلىق كەم، پەرق بولسا يەكسىز . بۇ پەرق تۇر-
مۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق
بولماستىن ، يازغۇچى ئېتىبارسىز قارىغان تۇرمۇش چىنلىقى
بىلەن « ئىزدىنىش » روماننىڭ بەدىئىي چىنلىقى ئوتتۇرىسى-
دىكى پەرقتۇر .

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش بىزدە
قاچان باشلانغان ؟ بۇنى راستچىللىق بىلەن ئويلىنىشقا
توغرا كېلىدۇ . كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇ يەردىكى،
ئەلانىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن
دەۋرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش،
نەشر قىلىش قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقان، قارشى تۇرۇلۇ-
ۋاتقان ، فېئوداللىق مەدەنىيەت دەپ يوقىتىلىۋاتقان ھەتتا
مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا بىر دەستەك قىلىنغان دەۋر
ئىدى . ئەھۋال شىنجاڭدىلا شۇنداق بولۇپ قالماي، مەملىكەت-
نىڭ ھەممە يېرىدە شۇنداق ئىدى . ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدە-
بىياتىنى تەتقىق قىلىشقا شىنجاڭدا ئىمكانىيەت يوق ، لەنجۇ-
دا بار ئىدى ، دېيىش رېئاللىقنى بورمىلاشلا بولىدۇ ،
خالاس. مۇشۇ نۇقتىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى
تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشى بىلەن خاراپ بولغان ساۋۇتوپنىڭ
تەقدىرى ئارقىلىق ئىپتىراپ قىلغان يازغۇچى ، ئەلانىڭ ئۇي-
غۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق ئىنكار
قىلىدۇ. ساۋۇتوپ تەتقىق قىلىدۇ، تۈرمىگە چۈشىدۇ،
ئەلا تەتقىق قىلىدۇ. دۇڭ، فىن پروفېسسورلارنىڭ قوللىشى-
غا ئېرىشىدۇ . بىز بۇ جۈملىلەردىن يازغۇچىنىڭ شۇ
دەۋر تۇرمۇشىنىڭ چىنلىقىنى ئېتىباردىن چەتتە قالدۇرۇپ، قايىل
قىلىش كۈچى بولمىغان بەدىئىي ئىشەنچكە ئىزدىنىپ يا نـ

لىقىنى كۆرۈۋالىمىز. بەدىئىي ئىشەنچ تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدىكى بەدىئىي غايىنىڭ خاراكتېرلاردا ئىپادىلىنىشى ئىدى. ۋاھالەنكى ئاپتور بۇ نۇقتىدا بىزنى ئەپسۇسلاندۇرۇپ قويىدۇ.

بەدىئىي ئەسەرلەردە ئوبراز بولۇپ، ئوبرازغا مۇناسىپ ئىدىيە بولمىسا ياكى ئىدىيە بولۇپ، ئىدىيىگە مۇناسىپ ئوبراز بولمىسا بۇنى بەدىئىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. بۇ چاغقىچە بەدىئىي ئەسەرلەردە ئىدىيە، پىكىر بولۇشىنى، ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىش، ئەسەرگە ئىدىيىۋى خاھىشنى سىڭدۈرۈشنى، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەكىتلەپ ۋە بۇنى ئېستېتىك تەلەپنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ يادروسى قىلىۋالدۇق. شەكىل بولۇش، ئوبراز بولۇشنى ئانچە تەكىتلىمىدۇق. ئوبراز يارىتىش خاراكتېر يارىتىش ئىدى، ئوبراز يارىتىش ئەسەرنىڭ ئىچكى شەكلىگە ئىزدىنىش ياكى گۈزەللىككە ئىزدىنىش ئىدى. بىز ئادەتتە زوقلىنىش جەريانىغا كىرگەندە ئىدىيە ئارقىلىق ئوبرازنى تاپمايمىز بەلكى ئوبراز ئارقىلىق ئىدىيە بىلەن ئۇچرىشىمىز.

بىز ئەلانىڭ خاراكتېرىنى مۇھەببەت ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەزمۇندىن تەركىب تاپقان، دەپ قارايمىز. ئەلانىڭ خاراكتېرىنىڭ ئىپادىلىنىشى يۇقىرىقى ئىككى خىل تۇرمۇش مەزمۇنىنى پائالىيەت زېمىنى قىلغان. مۇھەببەتتە، گۈزەلناي رەقىپ ۋە ئەلاغا مۇناسىۋەتلىك بولغانىنىڭ سىرتىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسىدە ئەلاغا يەنە باشقا پېرسوناژلارمۇ چېتىلغان. رومانىنىڭ ماۋزۇسىنىڭ «ئىزدىنىش» بولغانلىقىغا قارىغان-

دا. ئەلانىڭ خاراكتېرىنى «ئىزدىنىش» جەريانىدا يېتىلىشى كېرەك. ئەلا زادى نېمىگە ئىزدىنىدۇ؟ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشقىمۇ ياكى گۈزەللىكىنىڭ مۇھەببىتىگىمۇ؟ بىز ھەر ئىككى مەزمۇننى ئەلانىڭ ئىزدىنىش ئوبيېكتى، دەپ مۇقىملاشتۇرساق، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن مۇھەببەتنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىدە پەرق بارلىقىنى بايقايمىز. گۈزەللىك پېرسوناژلارنىڭ ۋە تەپسىلاتلارنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى، پېرسوناژ ۋە تەپسىلاتلارنىڭ سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، «ئىزدىنىش» رومانىدا مۇھەببەتكە كۆپ ئورۇن بېرىلگەن. بۇ يەردە نىسبەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ سان ئۆزگىرىشى كېلىپ چىققان، بۇ سان ئۆزگىرىشىدىن ئەلانىڭ خاراكتېرىنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى كېلىپ چىققان. زوقلانغۇچى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغۇچى ئەلانىڭ خاراكتېرىدا سۈپەت مۇقىملىقىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. بۇنداق بولغاندا «ئىزدىنىش» دېگەن بۇ تېما تولۇق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولاتتى. بىراق زوقلانغۇچى، مۇھەببەتكە ئىزدىنىۋاتقان ئەلانىڭ خاراكتېرىدا سۈپەت مۇقىملىقى بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئەپسۇسلىنىدۇ. چۈنكى ئەلانىڭ خاراكتېرىنىڭ مۇقىم تەرىپى مۇھەببەت، ئۆزگىرىشچان تەرىپى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بولۇپ قالىدۇ. زوقلانغۇچى بىلىدۇكى، ئەلانىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى، يارىتىلىشى ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىگە تەسىر كۆرسىتىشى پەقەت ئەلانىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىشنى چۈشىنىشى ياكى ئۆزى باغلانغان ئوبيېكتىنى، بىلىشىنىڭ چوڭقۇر ۋە تېيىزلىك دەرىجىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئەلا ئەمدىلا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە چىققان، ئوقۇت-قۇچى بولۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنىڭ ئو-تىدا كۆيۈپ تۇرغان ياش، ئۇ پەقەت ساۋۇتوپ بىلەن ئۇچراش-قاندىلا بىلىمىنىڭ كۆپەنى، چەكسىزلىكىنى، بىلىم ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەسى ئېچىلمىغان بايلىق ئىكەنلىكىنى ساۋۇتوپ ئارقىلىق تونۇپ يېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدا مۇشۇ يولدا ئىزدىنىش ئىستىكى قوزغىلىدۇ. بۇنداق ئىستەك ئەلانىڭ ھېسسىياتىدىن ئايرىلماي-دۇ. ئاڭغا ئارىلىشىپ كەلگەن ھېسسىيات ئەلانىڭ ئېڭىنى ئەلا-نى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمەلىي سېزىمىسى-دىن ئۈستۈن قويۇشى تەبىئىيدۇر. بۇ ھالدا ئەلانىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ئارزۇسى بىلەن مۇشۇ ئارزۇ پەيدا بولغان ئىجتىمائىي رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ تەبىئىيدۇر. چۈنكى شۇ دەۋرنىڭ رېئاللىقى كىلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىشقا مۇمكىنلىك بەرمەيدۇ. ئەلا بۇ مۇمكىنلىكنى يارىتىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمما ئاخىرى مۇشۇ مۇمكىن-لىكنى ئەلا ھەرىكەت قىلىدىغان زىددىيەتلىك تىپىك شارائىت-نى يارىتىپ بېرىدىغان.

جەمئىيەتتە ھەر قانداق ئىنساننىڭ، بەدىئىي ئەسەرلەردە ھەر قانداق پېرسوناژنىڭ پائالىيىتى مۇقەررەر ئاڭنىڭ تىزگىن-لىشىدە بولىدۇ. ئەسلەش، بىۋاسىتە ئىچكى كەچۈرمە، ۋاسىتىلىق ئىچكى كەچۈرمە، فانتازىيە قاتارلىق ئاڭ شەكىللىرى بىلەن پېرسوناژ-نىڭ مۇئەييەن مۇھىت ئىچىدىكى پائالىيىتىنىڭ بىرلىكى زىد-دىيەتلىك ئىچكى دراماتىك توقۇنۇشنى يارىتىدىغان ماددىي ئاساستۇر. ئەلا كىلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىشقا دۇچ كەلسە، بەدىئىي فايدىسىنىڭ

يازغۇچى مۇشۇ تېمىنى قانداق تېپىپ بېرىشكە دۇچ كېلىدۇ- ئەمما، يازغۇچى مۇشۇ مەسىلىدە ئەلانىڭ ۋاستىلىق ۋە بىۋاستە ئىچكى كەچۈرمىشلىرىگە مۇمكىنلىك بەرمەيدۇ. ئەسلەش توغرىلىق سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئەلانىڭ ساۋۇتوپ بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇنقى ھاياتىدا كىلاسسىك ئەدەبىياتقا ئائىت ئەسلەنىزدەك، تۇرمۇش تەجرىبىسىدە مۇقىملاشتۇرغىدەك ھېچ قانداق نەرسە يوق. نە ئەسلەشكە ياكى ئىچكى كەچۈرمىگە ئۆزىنى ئەرق قىلالمىغان ئەلا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەقلىي جەھەتتە چۈشىنىدىكەن ئەلادۇر. شۇڭا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ئەلانىڭ ئاڭ پائالىيىتىگە، ئەلانىڭ ئاڭ پائالىيىتى كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشقا مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئۇيغۇر كلاس- سىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنى ئەلا تاللاشتىن ئۆتكۈز- مەكەن. تاللىشىنىڭ بولمىغانلىقى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى- نى تەتقىق قىلىشنىڭ چىنلىق ئاساسى يوقلىقىدىن دېرەك بېرى- دۇ. دېمەك، ئەسەردىكى ئەلانىڭ پائالىيىتى ئۆزىگە خاس ئىچ- كى دۇنيانى تاپالمىغان پائالىيەتتۇر.

ئەلا لەنجۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن دۈەن، فەن پىرو- فېسسورلار ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدۇ. ئەمما، ساۋۇتوپنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ئەلادا قوزغالغان ئىستەكنى ئۇلارنىڭ ئۇلغايتىشى بىزگە بەدىئىي ئىشەنچ بەرمەيدۇ. چۈنكى دۈەن، فەن پىروفې- سورلارنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بولغان تو- نۇشلۇقى، بىزنى قايىل قىلالمايدۇ. تەتقىقات دۇنيا قاراش يې- ڭىلىنىشىدىكى مېتودقا باغلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش بىرەر كۇپلېت شېئىرنى يادلاپ قويۇش، قانداقتۇر بىرەر ئادەم توغرىلىق ئۇقۇشلۇق ياكى

مۇنداق بىر تېما ئۈستىدە ئىزدىنىش ياكى بىر ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ قويۇش بولماستىن، بەلكى شۇ ئەدەبىيات مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ تارىخىنى، تىلىنى، ئېستېتىك قاراشلىرىنى، پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر تارىخىنى، ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا باغلىق بولغان مۇرەككەپ مەسىلىدۇر. دۇنيا قاراشنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تەتقىقات مېتودىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقتىن، ئوخشاش ئوبيېكتنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ قولىدا ئوخشاش نەتىجە بەرمىگەنلىكىنى بىر ئاز كۆرمىگەن. بىر ئوبيېكت ئۈستىدە كۆز قاراش ئوخشاش بولىدۇ، پەرقلىقمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا دۇەن، فەن پروفېسسورلار بىلەن ئەلانىڭ كۆز قارىشىدا ئوخشاشلىق باردېيىشكە قانداق ئاساسىمىز بار؟ پەرق بار دېگەندە نېمىنى كۆزدە تۇتىمىز؟ پەقەت ئەلا بولغىنى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ياردەم بېرىشىگە، ئەقىل كۆرسىتىپ بېرىشكە مۇھتاج بولالامدۇ؟ تەتقىقات مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقاتقان ئەلانى «ئىزلەنگۈچى» دېگەن سۈپەت بىلەن ئۇلۇغلاشقا بولامدۇ؟ مۇنداق ئېيتقاندا، ئەلانىڭ خاراكتېرىدا ساپ بىر روھىي ھالەتنىڭ غالىبلىقىنى ئۇچراتمايمىز.

ئەلا بىلەن گۈزەلشاينىڭ مۇھەببىتىنى بىرىنچى كىتابنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى دېيىشكە بولىدۇ. ئەلا بىلەن گۈزەلشاي تۇنجى قېتىم ۋۇتەيدە ئۇچرىشىپ، لەنجۇدا رەسمىي تونۇشقاندىن كېيىن، باغچۈيداۋدا مۇھەببەتنىڭ شىرىن دەملىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. گۈزەلشاي ئەلانىڭ ئەمرىگە ئۆتىدۇ. ئەلا مۇشۇ ئارىلىقتا مۇرەككەپ ئىچكى كەچۈرمە ۋە تاشقى پائالىيەتنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئەلانىڭ مۇھەببىتى ئىچىدە نەپرەت بار، نەپرىتى ئىچىدە مۇ-

ھەببەت بار، نەپرەت بىلەن مۇھەببەت بىر-بىرىگە ئورۇن بېرىدۇ،
بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. نەپرەت مۇھەببەتكە ئۆزگىرەي دېگەندە ئەلانىڭ ھېسسىياتى ئەلانىڭ غۇرۇرىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالىدۇ. يازغۇچى مۇشۇ مەنزىرىلەردە ئەلانىڭ گۈزەللىكىگە ئىنتىلىشىنى ئەلانىڭ غۇرۇرىغا، ئەلانىڭ غۇرۇرىنى ئەلانىڭ ئىنتىلىشىگە بويسۇندۇرماي بەلكى مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن نەپرەت تۇيغۇسىنى ئىچكى مەزمۇن قىلىپ ئەلانىڭ خاراكتېرىدا دراماتىك توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. ئىچكى توقۇنۇشتا قالغان ئەلا مۇھەببەتنى ياكى نەپرەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. خاراكتېردىكى بىرخىل ئىككى تەرەپلىمىلىكنى ئوخشاشلا گۈزەللىكىمۇ ئاتا قىلىدۇ. يازغۇچى گۈزەللىكىنى ۋە ئەلانى «ئازابلاش» ئارقىلىق مۇھەببەتنى تېخىمۇ يۈكسەك قەدىر-قىممەتكە ئىگە قىلغان. ئەلا بىلەن گۈزەللىكنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنىڭ زىددىيەتلىك ئىچكى ماسلىشىشى ئارقىلىق گۈزەللىك يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان.

گۈزەللىكنىڭ گۈزەل قىياپىتى ئەلانىڭ مۇھەببەت تۇيغۇسىدا، ئادىلەنىڭ ماختاشلىرى، رەقىبىنىڭ ھەۋىسى ئىچىدە ئايان بولىدۇ. گۈزەللىكنىڭ گۈزەللىكىنى ھاسىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئۇنىڭ مەغرۇرلىقى، ئەلانىڭ غۇرۇرى بىلەن ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ئىنتىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى زىددىيەت، گۈزەللىكنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى زىددىيەت زىددىيەتلىك ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى پەيدا قىلغان. بۇ زىددىيەتلىك «ماسلىشىش ھەم دائىمىيەتلىك پەرقلىق تەرەپلەرنىڭ بىردەكلىكىنى ئاشكارىلىغان ھەم بۇ خىل پەرقلىق تەرەپلەرنىڭ نوقۇل قارىمۇ قارشىلىقىنى تۈگەتكەن» («ھېگېل: «ئېستېتىكا») ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەر ئىككى

شەخسنىڭ خاراكتېرىدىكى ئىچكى قارىمۇ قارشىلىق بىردەكلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن، ھەر ئىككى شەخسنىڭ خاراكتېرىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا بېقىندىلىقى ۋە ئىچكى مۇناسىۋىتى ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكى بولۇپ شەكىللەنگەن. گۈزەلئاينىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە غۇرۇرى تاشقى پائالىيەت شەكلىدە گۈزەلئاينىڭ گۈزەللىكىنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلسا، ئەلانىڭ غۇرۇرى ۋە گۈ-زەلئايغا ئىنتىلىشى ئەلانىڭ مۇھەببەتتىكى ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ ئىچكى مەزمۇنى بولغان. ئەلا بىلەن گۈزەلئايدىكى مۇھەببەت تۇيغۇسى مۇھەببەت پائالىيىتىگە، مۇھەببەت پائالىيىتى مۇھەببەت تۇيغۇسىغا ئايلىنىدۇ. مۇشۇ ئايلىنىش جەريانىدا بولغان مۇ-ھەببەتنىڭ ئورتاقلىقى ئاشۇ ئىككى ئوبرازنىڭ مەزمۇنى قىلىنغان.

ئەلا بىلەن گۈزەلئاي بىر-بىرىنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرغاندەك، ئوخشاشلا زوقلانغۇچىنىڭمۇ دىققەت مەركىزىدە تۇرىدۇ. زوقلانغۇچىنىڭ دىققىتىنى بۇ ئوبرازلارغا باغلاپ تۇرغان نەرسە نېمە؟ بۇ ھېسسىياتتۇر. بۇ زوقلانغۇچىنىڭ ھېسسىياتىنىڭ ياكى مۇھەببەت ۋەقەلىكىدىكى ھېسسىياتنىڭ سايىلىقىدىن پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى كونكرېت ئوبرازلارغا سىڭدۈرۈلگەن ھېسسىيات بىلەن زوقلانغۇچىدا قوزغالغان سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنىڭ بىرلىكىدىن پەيدا بولغان ھېسسىياتتۇر. بۇ يازغۇچىنىڭ ئەسلى گۈزەللىكنى بايقى-شى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي سۇبيېكتىپ ئەجىر ئارقىلىق بايقالغان گۈزەللىكنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشى بىلەن مۇناسى-ۋەتلىكتۇر. گۈزەلئاي بىلەن ئەلا ۋۆتەيدە تۇنجى قېتىم ئۇچ-راشقاندا، مۇھەببەتكە مۇناسىۋەتلىك بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىق ئىچ-كى كەچۈرمىشلەردە، توي كېچىسى، دېڭىز بويلىرى قاتارلىق تەسۋىرى مەنزىرىلەردە ھېسسىيات بار. ئەلا بىلەن گۈزەلئايدا يۈز بەرگەن كەيپىيات ئۆزگىرىشى، گۈزەلئاي بىلەن ئەلانىڭ خاراكتې

تەرىدىكى ھېسسىيات ئۆزگەرتىمەدۇر. كەيپىيات ئۆزگىرىشى بىلەن
ھېسسىيات ئۆزگىرىشىنىڭ بىردەكلىكى ئەلا بىلەن گۈزەللىنىشنىڭ
مۇشۇ مەنزىرىلەر ئىچىدىكى خاراكتېرىنىڭ گۈزەللىكىدۇر. بىراق
ماكان كۆرۈلمىشىنى زوقلانغۇچىنىڭ تاسەۋۋۇرىغا تاشلاپ بېرىدى-
غان تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئالما-
زارلىقتىن، قارىغاش دەرياسى بويىدىكى تېرەكلىكتىن يىراقلاش-
تۇرۇلۇپ، ئۇلۇغ ئوكيان بويىدىكى باكچۇيداۋغا، دالىيەندىكى
پاراخوت پالۇبىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى زوقلانغۇچىنىڭ تۇيغۇسىنى
مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، گۈزەللىكتىن زوقلىنىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئەلانىڭ رەسسامىيەت ئۈچۈنلا تۇي قىلغاندەك، مۇھەببەت
قىزغىنلىقى ئۇچۇپ كەتكەندەك، ئۆز خوتۇنى گۈزەللىكىنى رەقىب-
نىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ بېرىشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟
بۇنى يازغۇچىنىڭ بەدىئىي مەقسىتىنىڭ بىر تەرىپى دېگىنىمىز-
دە ئىپادىلەنگەن پاسسىپ بىر تەرەپتۇر. چۈنكى بىز تېخى ئۆزىمىز-
نىڭ ھېسسىياتى ۋە مۇھەببەت قارىشى تولۇپ يېتىلگەن ئوي-
غۇر تۈزۈمىدىن، ئۆيغۇر تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ كەتمىدۇق. بۇغۇ
مەيلى، ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن شۇنداق قىل-
غان دەيلى، ياشلىق-ئاساۋ ئاتتەك ياشلىقنى، مۇھەببەت ھېسسىياتىدە
يالقۇنلاپ تۇرغان مۇھەببەت تۇيغۇسىنى، بەزىدە تىزگىنلىگىلى
بولمايدىغان جىنسىي ئەقلىيلىقنى توغرا چۈشەنگەن يازغۇچى،
ئادىلە بىلەن ئەلانى بىر كېچە بىر كارىۋاتتا يالغۇز قالدۇرى-
دۇ. ئادىلە بىلەن ئەلانىڭ تىنىقلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن،
ئادىلەنىڭ تولغان كۆكسى ئەلانىڭ دۈمبىسىدىن غىدىقلاپ تۇر-
غاندىمۇ، ئۇلاردا ھەرقانداق غەيرى ھېس ۋە جىنسىي ئويغىنىشنىڭ
بولماسلىقى بىزنى ئىشەندۈرەلمەيدۇ. يازغۇچى مۇشۇ مەنزىرىلەر-
دە ئەلانى تۇرمۇشتىن بەك يىراقلىرى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ

بىلەن ئوبرازىنىڭ بەدىئىي ئىشەنچ پەيدا قىلىش كۈچى تېخىمۇ ئۆزۈۋەتلەيدۇ. چۈنكى ئەلا ئەسلى «خوتۇنۇڭنى...» دەپ قويغان كىشىلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدىغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئارىمىزدا ئۇچىكەنمۇ؟ ئۆزىنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىنى ھېچنەرسىگە تەڭ قىلمايدىغان ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭدىمۇ بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇ ھېچبولمىغاندا «ئونئۇل» دەپ تۇتقان، ئاق سۈت بېرىپ باققان ئانىسىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىـ تىنى ساقلىشى، ئەسىرلەردىن بويان شەكىللەنگەن ئۇيغۇر خاراكتېرىنى ئىپادىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ بۇيەردە شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق زۆرۈركى، ساپ ۋىجدان بىلەن چىن ئىنسانى يىگىتلىك غۇرۇرىنىڭ ئورنىنى ھەرقانداق نەرسە باسالمايدۇ. ھەرقانداق يېڭى مۇھەببەت قارىشىمۇ ۋىجداننى، يىگىتلىك غۇرۇرىنى سېتىش ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنى قوغداش ئاساسىدا تىكلىنىدۇ. ئەلانىڭ ئۆز خوتۇنىنى بىلىپ تۇرۇپ رەقىبىنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىشى، ماھىيەتتە ئۇنى تامامەن خۇنۇكلەشتۈرگەن. شۇڭا بىز ئۇنىڭ ئىلىم-پەن يولىـ دىكى ئىزلەنگۈچى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىمىز. بۇ گۇمان بىزدە ئۇنىڭغا نەپرەت تۇيغۇسى قوزغايدۇ.

ئەلانىڭ ئوبرازىنى، خاراكتېرىنى قانداق يارىتىش رەقىبـ نىڭ ئوبرازىنى، خاراكتېرىنى قانداق يارىتىشتا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەرنىڭ قارىمۇقارشىلىقىنى كۈچەيتىش بىر-بىرىگە بېقىنىدىغانلىقىنى كۈچەيتىشكە زىچ مۇناسىۋەتلىك بەدىئىي جەريان ئىدى. رەقىبىنىڭ يوشۇرۇن زىيانكەشلىك، ئاشكارە ئىناقلىقىنى مەزمۇن قىلغان خاراكتېرى ھەممىدە ئەلانىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ پائالىيىتى توسالغۇسىز بولىدۇ. ئەلادا بۇنىڭغا تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچ-

مادار يوق، ھەممىدە يول قويۇش، رەقىبىنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق چۈشىنىپ تۇرۇقلۇق كەچۈرۈۋېتىش زىيالىينىڭ ئاجىزلىقى بولماستىن بەلكى ئەلانىڭ خاراكتېر ئاجىزلىقىدۇر.

مەيلى كلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىشنى دەۋر قىلغان زىددىيەتلەر ياكى گۈزەلئاينى دەۋر قىلغان زىددىيەتلەر بولسۇن، ئېنىق ئېيتقاندا، دېگۈدەك تىپىك شارائىتتا پەيدا بولۇپ، شۇ شارائىتتا داۋاملاشتۇرۇلغان زىددىيەتلەر ئەمەس، شۇڭا بۇ زىددىيەتلەر «ئىزدىنىش» رومانىدىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ يارىتىلىشىغا يېتەرلىك تەسىر كۆرسىتەلمىگەن، خاراكتېر بىلەن شارائىت دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتتە. تەپسىلاتلار بىلەن خاراكتېر، پېرسوناژلار بىلەن پېرسوناژلار ئەنە شۇنداق زىددىيەتلەر ئىچىدە يېتەرلىك ماسلىشىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە قىلىنمىغان. شۇڭلىق ئۈچۈن: «نېمىشقا سوئاللىرىمىز كۆپ، نېمىشقا سوئاللىرىمىز جاۋابسىز قېلىۋاتىدۇ؟ كەلگۈسىدە جاۋابسىز قالارمۇ؟» («ئىزدىنىش» 342-بەت) دېگەن رېتورىك سوراقنىڭ مەزمۇنى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن بىزنى قايىل قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇ رېتورىك سوراقتا سىڭدۈرۈلگەن ھېسسىيات ۋە ھېسسىيات ئارقىلىق ئاشكارىلانغان ئىدىيە جەمئىيەتكە قويۇلغان ئىجتىمائىي پىكىردۇر. ئۇنداقتا، بۇ ئىجتىمائىي پىكىر پەيدا بولغان ۋە «ئىزدىنىش» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي مەنبە نېمە؟ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى مۇشۇنداق ئىجتىمائىيلىقتا دۇچ كەلگەنمۇ ياكى گۈزەلئاي بىلەن ئەلانىڭ مۇھەببىتى مۇشۇنداق ئىجتىمائىيلىقتا دۇچ كەلگەنمۇ؟ رەقىبىنىڭ بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىگە چاڭ سېلىشىدا قانچىلىك ئىجتىمائىي مۇرەككەپلىك بار؟ شۇڭا رېتورىك سوراقتا ئىپادى-

لەنگەن ئىدىيە بىلەن ھېسسىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەسەرنىڭ
زىددىيەتلىرىدە مۇناسىۋەتسىز غەيرى بىر نەرسىدەك تۇيۇلىدۇ.

«مۇزاپەرقىسىيەتلىك يېزىلغان، مۇھەببەت ۋەقەلىكىنى
تەسۋىرلىگەن رومان مۇنداق ئىككى شەرتنى ھازىرلىغان
بولۇشى، باشقا تېمىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يېقىملىق، كىشىگە
ئېيتقىلى بولمايدىغان، لېكىن ئېيتمىسا بولمايدىغان دەرىجىدە
قىزىقارلىق بولۇشى، ئىجتىمائىي كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ پەلسە-
پەۋى چوڭقۇرلۇقىغا بەدىئىي جەھەتتە ئىگىدىنگەن بولۇشى
كېرەك، بىز بۇ ئىككى شەرتنى «ئىگىدىنىش» رومانغا تەتبىق
قىلساق، مۇھەببەتنى تەسۋىرلەشنىڭ بىر قەدەر قىزىقارلىق
ئىكەنلىكىنى، بىراق ئالاھىدە شارائىتتىن ئايرىلغانلىقىنى،
يازغۇچىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ پەلسەپەۋى چوڭقۇرلۇقىغا
قازا ئىچكىرىلەپ كىرەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ئوبراز كونكرېت بولىدۇ. شۇڭلاشقا كونكرېتلىق ئاساسىدا
غايىۋى بولىدۇ. ئوبراز چىنلىق ئاساسىدا كونكرېت بولسا،
شۇنداقلا چىنلىق ئاساسىدا غايىۋى بولىدۇ. تەسىرچانلىق
ئوبرازنىڭ كونكرېتلىقىدىن كەلسە، يېتەكلەش قىممىتى
ئوبرازنىڭ غايىۋىلىكىدىن كېلىدۇ. كونكرېتلىق بىلەن غايىۋى-
لىكنىڭ بىردەكلىكى — رېئالىستىك سەنئەتتە ئوبراز يارىتىشنىڭ
پرىنسىپىنىڭ بىر تەرىپىدۇر. شۇڭا ئەلانىڭ ئوبرازى چىنلىق
ئاساسى ئانچە تولۇق بولمىغان، كۆپىنچە سۇبيېكتىپ ئارزۇ
ئاساسىدا غايىۋىلەشتۈرۈلگەن ئوبراز بولۇپ قالغان.

بەدىئىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىڭ مەزمۇ-
نى ھەرىكەتچان شەيئىدۇر، شەيئىلەر كونكرېت ماكان ۋە زامان
ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ھال ماكان ئاساسىدىكى زامان
كۆرۈنۈشى ياكى زامان ئاساسىدىكى ماكان كۆرۈنۈشىنى

بەدىئىي ئەسەرلەرگە ئورۇلما قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. يازغۇچى، شائىرلار تارىخىي زىددىيەتلەرنى مۇشۇنداق ئورۇلما شەكلى ئارقىلىق ئەكىس ئەتتۈرگەنىدى. مەسىلەن، تارىختا، قەشقەر رايونىدا رابىيە-سەئىدىن تىراگېدىيىسى، ئىلى رايونىدا گۇلەمخان پاجىئەسى يۈز بەرگەنىدى. بۇ زىددىيەتلەر كونكرېت ماكان ۋە زامان ئىچىدە يۈز بەرگەن، تەرەققىي قىلغانىدى. تارىخىي ئورۇلمىنىڭ چىنلىقىدىن ئېيتقاندا، شائىرلىرىمىز زامان بىلەن ماكاننىڭ بىرلىكىگە دىققەت قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا گۇلەمخان پاجىئەسىنىمۇ، رابىيە-سەئىدىن تراگېدىيىسىنىمۇ ماكان ئاساسىدىكى زامان كۆرۈنۈشىنى ئورۇلما قىلىپ يېزىپ چىققان. دېمەك، شامەخسۇت بىلەن تۆمۈر خەلپە ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي زىددىيەتنى قەشقەر رايونىغا، ئابدۇقادىر داموللام بىلەن ماتقەي ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي زىددىيەتنى ئىلى رايونىغا يۆتكەپ يازغىلى بولماس. تارىخىي زىددىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتى زۆرۈرىيىتىدىن تارىخىي ۋە رېئال شەخسلەر (پىروتوتىپلار) ئەگەر ماكان يۆتكەشكە مەجبۇر بولسا، ئۇنىڭ دەسلەپكى پائالىيىتىنىڭ قانداق ماكان ۋە قانداق زاماندا باشلانغانلىقىنى بەدىئىي ئىپادىلەشتە مۇقىملاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، زىددىيەت تەرەققىي قىلىپ قەيەرگە كېڭەيسە پېرسوناژلارمۇ شۇ يەرگە بارسا بولۇۋېرىدۇ.

بۇ پىكىرگە ئاساسلانغاندا «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ زىددىيەتلىرى قانداق ماكان ۋە زامان ئىچىدە يۈز بەرگەن؟ بىز بۇ يەردە مۇھەببەت ۋەقەلىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ئۆزىگە كېلەيلۇق. تەتقىقاتنى دەۋر قىلغان زىددىيەتلەر، پەقەت شۇ ئەدەبىيات دەنسۇپ بولغان خەلق ياشىغان ماكان ۋە زامان ئىچىدە پەيدا بولىدۇ،

تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەسەرنىڭ چىقىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى سىرتىدا، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا «ئىزدىنىش» رومانى ماكان ئاساسىدىكى زامان كۆرۈنۈشىنى ياكى زامان ئاساسىدىكى ماكان كۆرۈنۈشىنى قۇرۇلما قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى بىز قولىمىزدىكى «ئىزدىنىش» رومانىنى ئۆزىگە ماكان ئاساسىدىكى زامان كۆرۈنۈشىنى ياكى زامان ئاساسىدىكى ماكان كۆرۈنۈشىنى قۇرۇلما قىلغان، دېيەلمەيمىز. چۈنكى ئەسەردە ماكان چېچىلىپ كەتكەن، زامان كۆرۈنۈشىمۇ تازا روشەن ئەمەس. ئەلا بىلەن گۈزەلئاينىڭ باغچۈيداۋغا، بېيجىڭغا، دالىيەنگە، خوتەنگە، قەشقەرگە بېرىشى زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئېھتىمال شەرققە قىلغان سەپەر مۇھەببەتنى، غەربكە قىلغان سەپەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان دېيىشكە بولار. بۇيەردە پىكىر تۇغۇلىدۇ. «ئىزدىنىش» رومانى مۇبالىغىنى ئاساس قىلغان بەدىئىي ئەسەرمۇ ياكى ساياھەت خاتىرىسىمۇ؟ «چالىقۇشى» مۇ «ئىزدىنىش» رومانىغا ئوخشاش بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان. زامان ئاساسىدىكى ماكان كۆرۈنۈشىنى ئالاھىدە قۇرۇلما قىلغان. «چالىقۇشى» ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە ماكان ئالماشتۇرىدۇ. لېكىن يازغۇچىنىڭ ماكان ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگىنى «چالىقۇشى» ياشىغان دەۋردىكى تۈركىيە جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي قىياپىتىدۇر. «ئىزدىنىش» رومانىدىمۇ ماكان ئالماشتۇرۇلىدۇ. بىراق زامان تازا گەۋدىلەنمىگەن. شۇڭا يازغۇچى بۇ ئەسەردە، مۇئەييەن دەۋرنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى ئوبرازلاردا، خاراكتېرلاردا ۋايىغا يەتكۈزەلمىگەن.

قىسقىسى، «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ بىرىنچى كىتابىدا

تۇرمۇش چىنلىقى ساددىلىق بىلەن يورۇتۇلمىغان، باش قەھرىمان ئەلا ئوبرازى كەمتۈك بولۇپ قالغان، ئاساسىي زىددىيەت بىلەن تارماق زىددىيەتنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتكەن.

«ئىزدىنىش» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن مۇھەببەت لىنىيىسى بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى لىنىيىسىنىڭ ئۆز ئارا تاشقى ۋە ئىچكى مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالمىدۇق. ئىككىنچى كىتاب نەشىردىن چىققاندا يولداشلار بىلەن ئورتاق ئىزدىنىش نىيىتىدىمىز.

## رومان ئىجادىيىتىدە ئەمەلىيلىققا دىققەت قىلىش توغرىسىدا

غوجائەخمەت يۇنۇس

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى قىسىرلىق ساھە سانىلىپ كەلگەن رومان ئىجادىيىتىدە زور بۆسۈش بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن نۇرغۇن ياخشى رومانلار نەشر قىلىندى. بۇ رومانلار تارىخىي تېمىدىكى روماندىن ھازىرقى زامان تېمىسىدىكى رومانغىچە، بىئوگرافىك روماندىن شېئىرىي رومانغىچە بولغان تېما ۋە شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ رومانلاردىن بەزىلىرى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر رومانلار مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بىز رومان ئىجادىيىتىدە بارلىققا كەلگەن بۇ نەتىجىلەر بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز.

بىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ، ئۆلمەس ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىشىدا ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتى ۋە تارىخىي قىممىتىگە قارىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى رېئال تۇرمۇشتىكى تىپىك ۋەقەلەرنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىق سۈرەتلەپ بېرەلىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتى بولسا، ئۇنىڭ مۇئەييەن جەمئىيەتنى ئەكس

ئەتتۇرۇپ بېرەلىگەنلىكى ۋە ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكىدە ئىپادىلە-
نىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرۇش - ئەدە-
بىي ئىجادىيەتتە بۇرۇندىن تەكشىلىنىپ كېلىۋاتقان مۇھىم مە-
سىلە، بۇ مەسىلىنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق تەكشىلەش
لازىم. نۆۋەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تەكشىلەش زۆرۈر بولۇۋاتقان
مۇھىم مەسىلە — ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتىنى ئاشۇ-
رۇش، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىلمىيلىقىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى بۇ رو-
مان ئىجادىيىتىدىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە
ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىقى قايسى جەھەتلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئۇنى تۆۋەندىكى بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا
بولىدۇ:

بىرىنچى، ئەسەردىكى ۋەقەلىككە كىرىشتۈرۈپ كىتابخانلارنى
ۋەقەلىككە مۇناسىۋەتلىك تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن
بىلىملىرىدىن خەۋەردار قىلىش. بۇ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تارىخىي
قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، بولۇپمۇ بىرەر جاي ياكى مىللەتنىڭ ئە-
دەبىياتى تارىخىدىن مەلۇمات بېرىدىغان قىستۇرمىلار كىتابخان-
لارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس تەسىرات قالدۇرىدۇ. مەسىلەن: ياز-
غۇچى زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» رومانىدا (1-قىسىم) باش
قەھرىمان ئەلانىڭ بىلىم ئىشقىدا ئىزدىنىش پائالىيەتلىرىنى
تەسۋىرلەش داۋامىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ۋە ئۇي-
غۇرلارنىڭ تارىخىدىن قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن. بۇ كىتابنى
ئوقۇغان ئۇيغۇر كىتابخانلىرىلا ئەمەس، ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى
ئوقۇغان باشقا مىللەت كىتابخانلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق
تارىخى، مول مەدەنىي مىراسلىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ. يازغۇ-
چى ئابدۇللا تالىپ «قايىنام ئۆركىشى» ناملىق بىئوگرافىك

رومانىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تۇتقۇز بۇلاقا قىلغان سەپىرىگە
بىرلەشتۈرۈپ شېيىخ سۇلايمان بوۋاينىڭ بايان قىلىشى ئار-
قىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى «جەڭگە يېغىلىقى» نىڭ پۈتۈن جەر-
يانىدىن مۇپەسسەل مەلۇمات بېرىدۇ. مىللىتىمىز تارىخىدا ئا-
لاھىدە ئورۇن ئالغان بۇ داڭلىق ۋەقە كىتابخانلارنىڭ كۆز
ئالدىدا روشەن گەۋدىلىنىش بىلەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھاياتـ
لىق يولى ئەجدادلار بېسىپ ئۆتكەن كۈرەش يولىغا ئىختىيارسىز
باغلىنىدۇ. بۇ روماندا يەنە تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر، يەر-
جاي ناملىرىغا قىسقىچە ئىزاھات بېرىلگەن. يازغۇچى ئابدۇرېھىم
ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانىدىمۇ ئاساسىي ۋەقەلىك
بولغان تۇمۇر خەلپە قوزغىلىڭى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن
بولۇپ ئۆتكەن «تورپاق يېغىلىقى»، خوجىنىياز ھاجى قوزغىـ
لىڭى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن تەبىئىي رەۋىشتە باغلاپ
كۆرسىتىلگەن. بۇ رومانىنىڭ تېمىسىنى ئېچىپ بېرىشتە ئالاھىدە
رول ئوينىغان. يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ئىلى دولقۇنـ
لىرى» رومانىنىڭ ئاخىرىغا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالىي باش
قوماندانى، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكنىڭ ھۆكۈمەت پەرمانىـ
غا ئاساسەن چىقارغان بۇ قوشۇننىڭ يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى
بېرىلگەن. يازغۇچى قېيۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» رو-
مانىنىڭ 2-قىسىم 7-بابىغا ئازادلىقتىن كېيىنكى زەرەپشان دېھـ
قانلىرىنىڭ بەختىيار تۇردۇشىغا سېلىشتۇرما ھالدا «زەرەپشان
ھاشاسى» ئەسلىمە قىلىپ قىستۇرۇلغان. بۇ قىستۇرمىلار رومانـ
نىڭ تارىخىي قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا ئۆزىگە خاس رول ئوينايدۇ.

ئىككىنچى، ئەسەرنىڭ باب، بۆلەكلىرىدىكى ۋەقەلىك مەز-
مۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ ئېپىگراف بېرىش ئەسەرنىڭ بېشىغا ياكى
ئەسەر ئىچىدىكى ئىزاھاتلاردا ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك كىشىـ

لەرنىڭ ياكى ئەسەردە نامى تىلغا ئېلىنغان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ
رەسىمى، تەرجىمىھالىنى قوشۇپ بېرىش. مۇنداق ئېپىگرافى ۋە
قىستۇرمىلار ئەسەردىكى ۋەقەلىكنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئېچىپ بېرىپ،
كىتابخانلارنىڭ تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇرىنى بېيىتىدۇ. مەسىلەن:
«ئىمز» نىڭ مۇقەددىمە، خاتىمىسى ۋەھەر بىر باب ياكى قىسىملىرى-
نىڭ باش تەرىپىگە مەشھۇر ئالىم، ئەدىب، پەيلاسوپ، سىياسەتچون، تا-
رىخشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن، «ھەدىس» كە ئوخشاش مەشھۇر
كىتابلاردىن نەقىل، خەلق ماقال-تەمسىللىرى، تۇراقلىق سۆزلەر
ئېپىگراف قىلىپ بېرىلگەن؛ «قاينام ئۇركىشى» نىڭ باش تەر-
جىمە رومانىدىكى ۋەقەلىككە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇ-
نىردىن غوجا، بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا داۋۇت، سېيىت ئابباس،
مەۋلانجان ئۆردى، ئابدۇللا روزىلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە
ئىنقىلابىي ئىجادىي پائالىيەتلىرى رەسىمى بىلەن قوشۇپ تونۇشتۇ-
رۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر مۇنچە رومانلاردا ئاپتور ياكى
قەھرىمانلار تىلغا ئالغان جۇڭگولۇق ۋە چەتئەلنىڭ مەشھۇر
كىشىلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى قوشۇپ بېرىلگەن.

ئۈچىنچى، ئەسەردىكى ۋەقەلىك تەرەققىياتىغا باغلاپ، كى-
تابخانلارغا بىرەر مىللەت ياكى خەلقنىڭ ئېتنوگرافىيىسىدىن،
بىرەر جاينىڭ يەر شارائىتىدىن تولۇقلىما ھالدا ئەمەس، ئەينەن
مەلۇمات بېرىش. بۇ ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش، تەسىر قىلىش
كۈچىنى ئاشۇرۇش، كىتابخانلاردا ئەسەردىكى ۋەقەلىك ھەققىدە
تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇش رولىنى ئوينايلا قالماي،
ئۇلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ. ئېتنوگرافىيە-
خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ماددىي، مەنىۋى مە-
دەنىيىتىنى تەكشۈرىدىغان پەن. ئەسەردە بايان قىلىنغان تۇر-
مۇش، ئۆرپ-ئادەتلەر شۇ مىللەت ياكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى،

ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى شەرت. مەسىلەن: «كۆرەش-
چان يىللار» (2-قىسىم)دا ۋەقەلىك تەرەققىياتىغا باغلاپ، زەرەپ-
شانلىقلارنىڭ مۇنداق بىر ئۆزگىچە ئادىتى تونۇشتۇرۇلغان: دولق
تېخەن بىلەن ئابدۇللا ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، ئۆي ئىگىسى سارە-
خان ئانا ئۆلۈپ كەتكەن قىزى ئانارگۈلنى ياد ئېتىپ قوشاق قوشۇپ
يىغلايدۇ، ئۇرۇق-تۇغقان، قوشنا-قولۇملار ئادەت بويىچە نو-
غۇچ تۇتۇپ، ئانىغا ھەمدەرد بولۇپ، ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ
يىغا-زارە قىلىشىدۇ. «ئىزدىنىش» (1-قىسىم) تەنەلانىڭ
كەننەن رايونىغا ئەمگەككە ئەۋەتىلىش جەريانى ئارقىلىق بۇ
يەردە ياشايدىغان زاكزۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتى، تىلى
قاتارلىق جەھەتلەردىن خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ رو-
ماندا يەنە تەلكە، لەنجۇ، چىڭداۋ، شياخې قاتارلىق جايلارنىڭ
جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن.
مەسىلەن: غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتقان ماشىنا تەلكە ئېچى-
گە كىرگەندە، ئەلا «تەلكىنىڭ داۋانىدىن...» دېگەن ناخشىنى
ئېيتىدۇ: ماشىنا تەلكە داۋىنىدىن چىقىپ بولۇپ، ھەممەيلەن-
نىڭ كۆز ئالدىدا سايرام كۆلى كۆرۈنگەندە، ماشىنىدا ئولتۇر-
غان دېھقان «سايرامنىڭ كۆلى دېدىدۇ...» دېگەن مىسرالار
بىلەن ناخشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ناخشىلار تەبىئەت مەنزى-
رىلىرى بىلەن زىچ ماسلاشقان ۋە تەلكىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھ-
ۋالىدىن مەلۇمات بەرگەننىڭ سىرتىدا، كىتابخانلارغا بۇ تا-
رىخىي ناخشىلارنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانىنىمۇ ئەسلىتىدۇ.

تۆتىنچى ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى دۇنيادىكى
مەشھۇر شەخسلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن باغلاش. بۇ ئاپ-
تورنىڭ بايانى ئارقىلىقمۇ، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئوي-خىيال-

لىرى ۋە دىئالوگلىرى ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «ئىزدىنىش»
تە ھاشىر، رازىيەلەر مۇھەببەتتە ئۇتتۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، رە-
قىپ ئەلانىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ۋە بىلىم ئېلىش يولىدىكى
ئىزدىنىشلىرىگە ئارىلاشماقچى بولغىنىدا، ئەلا فرانسۇز يازغۇ-
چىسى بالزاكنىڭ تەرجىمىھالىنى كۆرۈپ چىقىدۇ. ئۇ: «تۇرمۇشىدا
بەختسىز بولغان بۇ يازغۇچى مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى قانداق ھەل
قىلىۋېتەلىگەن؟» دەيدۇ ۋە بالزاكنىڭ ئۆمۈر بويى ئاشىق بول-
غان ئايالغا بېغىشلاپ يازغان رومانى «يېۋگېنىي گراندې»نىڭ
ئېپىگرافىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «سۈرىتىڭىز ئەسەرىم ئۈچۈن
ئەڭ گۈزەل زىننەت. ئىسمىڭىز گويا بەخت قۇشى قونغان بىر
شاخقا ئوخشايدۇ، كىم بۇ شاخنى زىننەت بۇيۇمى قىلىش ئۈ-
چۈن كېسىپ كەلىدىكەن؟ دىنىمىزنىڭ خاسىيىتى، بىر سادىق قول-
نىڭ پەرۋىشى بىلەن مەڭگۈ كۆكلەپ قېلىشىمىزغا چىن كەل-
بىمەدىن تىلەكداشمەن...» (111-بەت). مۇنداق باغلىنىش
رومان قەھرىمانلىرىنىڭ دىئالوگلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشمۇ
كەۋدىلىك تاپقان: «مەن دائىم دەيمەن: ئەلادا لومونوسوۋنىڭ
كاللىسى بار ئىدى، لېكىن ئۇ ئۇشۇنىڭ يولىنى تاللىۋالدى...»،
«نوبىلمۇ تەجرىبە قىلىۋېرىپ ئاخىر پارتلاتقۇچ دورىنى تاپقان،
رازىيە چەزمەن خىمىيىدە نەتىجە قازىنىدۇ. مېنىڭچىمۇ ئاق
قالدۇرغان ئىلمىي-تىپلاردىن بىر نەچچىنى تاپىدۇ. تېخى!»
(ھاشىر، 28-بەت) رومانىدا ئى مۇئەللىم ئەلاغا مۇنداق دەي-
دۇ: «ماسىلوۋاغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، بىگۇنا سۈرگۈن قىلىندى»
(492-بەت). ئەلا ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ نېخلۇ-
دوۋقا ئىچىم ئاغرىيدۇ. پۈتۈن زېھنىنى، ئىرادىسى ۋە بايلىقىنى
تۇۋا قىلىشقا سەرپ قىلدى.» (493-بەت. ماسىلوۋا بىلەن
نېخلودوۋ—ل. تولستوينىڭ «تىرىلىش» ناملىق رومانىنىڭ

قەھرىمانلىرى) ئەلا نامەتكە مۇنداق دەيدۇ: «مەن مېنى خلە-
ستاكوۋ قىلىپ مەسخىرە قىلماقچىمۇ سەن، بولدى، ئۆيۈڭگە
بارمايمەن!» (451-بەت. خلەستاكوۋ-گوگولنىڭ «رېۋىزور»
ناملىق كومېدىيىسىنىڭ قەھرىمانى) «مانا دونكىخوت،-دېدى
ماجۇربىن چاقچاق قىلىپ،-ئەمدى گۈلسەنەيىمنى ئىزدەپ
ماڭمىدىكەنسەن-دە؟ مەن ساڭا سانچو پانسا بولالىسام ئىدى.»
(204-بەت. دونكىخوت، گۈلسەنەيىمن، سانچو پانسالار-ئىسپا-
نىيە يازغۇچىسى سېرۋانتېسنىڭ «دونكىخوت» رومانىدىكى شەخ-
سلەر) ئەلا ئايروپىلان بىلەن ئاقسۇغا كېتىۋاتقاندا مۇنداق
خىيال قىلىدۇ: «مەن گۈزەللىكىي بىلەن دەريا بويىدا رامىش
ھوشىغا كېلىپ، خاتا ھالدا كېمە ئاپىتىگە ئۇچراپ يېنىدا
ھوشسىز ياتقان كامالانى ئۆزىگە ئايال قىلىۋالغىنىغا ئوخشاش
تېپىشقان ئەمەسقۇ.» (422-بەت. رامىش بىلەن كامالا-ھىندى
يازغۇچىسى تاگورنىڭ «ھالاكەت» ناملىق رومانىنىڭ قەھرىمان-
لىرى) مۇنداق باغلاش، ئوخشىتىشلار ئەسەردىكى قەھرىمانلارنىڭ
بىلىمىنى، ئۇلار مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ دۇنيادىكى مىللەت-
لەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنى، ئاپتورنىڭمۇ ھەر
جەھەتتىن يېتىشكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ، شۇنداقلا ئەسەر
قەھرىمانلىرىنى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى كىتابخانلار
بىلەن ئورتاق تىل، ئورتاق ھېسسىياتقا ئىگە قىلىدۇ.

بەشىنچى، سۆز-ئاتالغۇلارنى جايىدا ئىشلىتىش. ئەسەردى-
كى ھەربىر جاي ياكى ئادەم ئىسمىنىڭ، ھەربىر ۋەقەلىك يۈز
بەرگەن ئورۇن ۋە ۋاقىتنىڭ، تارىخىي شارائىت چەكلىمىسىگە
ئۇچرايدىغان ھەربىر-يېرىم ئىبارە سۆزنىڭ توغرا بولۇش-بول-
ماسلىقى، قارىماققا، ئاددىي ئىش كۆرۈنگەن بىلەن، كىتابخان-
لارغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. توغرا بولسا، كىتابخانلار

ئاپتورنى ئوقۇيدۇ؛ توغرا بولمىسا، كىتابخانلاردا ئاپتورغا ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىگە گۇمان پەيدا قىلىپ قويىدۇ. «ئىز» رومانىدا ئاپتور بۇ مەسىلىگە بىر قەدەر دىققەت قىلغان. بۇنى بىز رومانىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ۋاقىت، مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنىڭ ئىسمى ۋە ئەمەل-دەرىجىلىرى، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ تىلى، يەر-جاي ناملىرىدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز.

يۇقىرىدا رومان ئىجادىيىتىدە ئىلمىيلىكنى ئۈستۈرۈش مەسىلىسىگە يېقىنقى يىللاردا ئاپتورلىرىمىز يازغان بىر قىسىم رومانلاردىن مىساللار كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن، تىلغا ئېلىنغان رومانلاردا ئىلمىيلىكقا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىككە دائىر مىساللار تېپىلمايدۇ، دېگەن مەنا چىقمايدۇ. شۇنداقلا بۇ تىلغا ئېلىنغان رومانلاردا ئىلمىيلىكقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەھۋاللار يوق، دېگەنلىكمۇ ئەمەس. يېقىنقى يىللاردا نەشر قىلىنغان بىر قىسىم رومانلىرىمىزدا ئىلمىيلىكقا نۇقسان كەلتۈرىدىغان بەزى ئەھۋاللار ساقلاندى. بۇلاردىن مۇنۇلار كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك:

بىرىنچى، بەزى رومانلىرىمىزدا ۋەقەلىككە كىرىشتۈرۈلۈپ بېرىلگەن پەننىي بىلىملەردە ئىلمىيلىكقا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان جايلار بار. «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ 156-بېتىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى يىل ھېسابى خاتالىشىپ «مىلادىدىن بۇرۇنقى يەتمىش ئىككىنچى، سەكسەن بەشىنچى، سەكسەن سەككىزىنچى يىللىرى...» دېيىلگەن. قائىدە بويىچە، مىلادىدىن بۇرۇنقى يىل ھېسابى مىلادىغا قاراپ يېقىنلاشقانچە، كۆپتىن ئازغا قاراپ تىزىلىشى، مەسىلەن: يۇقىرقى يىل ھېسابى «مىلادىدىن بۇرۇنقى سەكسەن سەككىزىنچى، سەكسەن بەشىنچى، يەتمىش ئىككىنچى

يىللىرى» دەپ ئېلىنىشى كېرەك ئىدى. «قايناम ئۆركىشى»نىڭ 7-بېتىدىكى ھېزىم موللامنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان، لۇتپۇللانىڭ تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈنى خاتىرىلەنگەن خەت بېسىلغان. بۇ خەتنىڭ بەزى جايلىرى كونىچە، بەزى جايلىرى ھازىرقى ئىملادا يېزىلغان. مەسىلەن: «ھىجرىيە»، «يىلى»، «كۈنى» «مىلادىيە»، «ئاينىڭ»، «قىلدى» دېگەن سۆزلەر ھازىرقى ئىملا قائىدىسى بويىچە يېزىلغان. بۇنى يا پۈتۈنلەي كونىچە ئىملادا، يا پۈتۈنلەي ھازىرقى ئىملادا يېزىش كېرەك ئىدى. بۇ رومانىنىڭ 19-بابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا 1945-يىل ئاپرېل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، شۇمەزگىلدە مۇنىرىدىن لۇتپۇللاغا: «قاش دەرياسىنىڭ يالقۇنى...... ھازىر شەرقتە ماناس دەرياسىغىچە بېرىپتۇ» دەيدۇ (395-بەت). بۇگەپ شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر يەردە (403-بەتتە) تەكرارلىنىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە تارىخىي چىنلىققا ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئەمەلىيەتتە، 1945-يىلى ئاپرېلدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس بويىغا بارمىغان، بۇ چاغدا تېخى جىڭ، شىخولارمۇ ئازاد قىلىنمىغان (جىڭ بىلەن شىخو 1945-يىل سېنتەبىردە ئازاد قىلىنغان). «كۈرەشچان يىللار» (2-قىسىم) نىڭ 6-بابىدا جاپپارۋنىڭ مىللىي ئارمىيە سېپىدە ماناس دەرياسى بويىدا تۇرغان ۋاقتى (ئازادلىق ئارمىيە بىلەن ئۇچراشقىچە) «توپ-توغرا ئۈچ يىل» (286-بەت) دېيىلگەن. 1945-يىل 10-ئايدىن 1949-يىل 10-ئايغىچە بولغان ئارىلىق ئۈچ يىل ئەمەس، تۆت يىل بولۇشى كېرەك. بۇ كىتابتا يەنە مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋار پائالىيىتى ئۈستىدە سۆز بولغاندا، مۇنداق بىر قىستۇرما قوشۇپ بېرىلگەن: «1946-

1947 - يىللىرى بۇ قوشۇننىڭ بىر پارتىزان ئەترىتى مەشھۇر
مۇزداۋاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تاشقورغان ياي‌لاقلىرىدا جەڭ
قىلىپ، زەرەپشان ۋادىسىغا كەلگەن:... كېيىن ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كومىنداڭ
دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قانداقتۇر بىر كېلىشىمگە ئاساسەن،
بۇ پارتىزان ئەترىتى ئۆزى بىلەن بىللە بۇ ۋادىدىن يۈزلىگەن
چەكەرلىك ئەزىمەتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىلىغا قايتقانىدى»
(45 - بەت). بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان كېلىشىم «11 ماددىلىق
بىتىم» دىن ئىبارەت. ئۇ 1946 - يىلى 6 - ئىيۇندا ئىمزا-
لانغان ۋە شۇ يىلى بىرىنچى ئىيۇلدا كۈچكە ئىگە بولغان.
دېمەك، يۇقىرىقى ئىش 1946 - يىل ئىچىدە بولغان، بۇنىڭغا
1947 - يىلنى ئارىلاشتۇرۇش ئورۇنسىز.

ئىككىنچى، بەزى رومانلاردا ۋەقەلىك تەرەققىياتىغا
باغلاپ بىرەر مىللەت ياكى خەلقنىڭ ئېتنوگرافىيىسىدىن،
بىر جاينىڭ يەر شارائىتىدىن بېرىلگەن مەلۇماتلار ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ياكى دېگەندەك ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.
مەسىلەن: «قاينام ئۇركىشى» دە: «ياسىن تاران ئۈچ ئاتلىق
ھارۋىنى ھەيدەپ كېلىپ ھېزىم مولىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا
توختىدى» (17 - بەت). «بالىلارنىڭ ھەممىسى خۇشال
بولۇشۇپ: «قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز!» دەپ ئۈنلۈك
ۋارقىرىشىپ كەتتى» (18 - بەت). «تۆت - بەش بالا ياندا-
قۇيىنى كۆتۈرۈپ بىر قول ھارۋىغا بېسىپ، ئۇدۇل دوخ-
تۇرخانىغا تاپشۇرۇپ بەردى» (41 - بەت) دەپ ئېلىنغان.
بۇ مىساللارنىڭ بىرىنچىسىدە «ياسىن تاران» نىڭ ھارۋىسى
ئۈچ ئات قوشۇلغان ھارۋا دېيىلگەن، ئەمەلىيەتتە، «تارانچى
ھارۋىسى» غا ئۈچ ئات قوشۇلمايدۇ؛ ئىككىنچى مىسالدىكى

بالىلارنىڭ «قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز!» دەپ ۋاقى-
رىشىمۇ شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر، تاتار بالىلىرىنىڭ تىلى بولماي،
ھازىرقى زاماندا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان سۆز بولۇپ
قالغان؛ ئۈچىنچى مىسالدىكى «قول ھارۋا» 30-، 40- يىل-
لاردىكى قاتناش قورالى ئەمەس. «ئىمزا» دا ئەمەر قەھرى-
مانلىرىدىن بىرى بولغان سەپەرقول تېخى ئوغلىنى ئۆيلىمەي
تۇرۇپ (ئۆيلىنىش-ئوچاقلىق بولغان باشقا پەرزەنتى بارلىقى
ھەققىدە روماندا ئېيتىلمىغان)، ئايالىنى «مومىسى» دەپ
چاقىرىدۇ (17-، 18- بەتلەر). ئۇيغۇرلاردا «مومىسى»
دېگەن سۆز نەۋرىسى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلىدۇ. بۇ روماندىكى
«بىزنى ئاتا-ئانىمىز ئوغۇل دەپ تۇغقان» (267- بەت،
تۆمۈر خەلپە)، «مېنىمۇ ئاتا-ئانام ئوغۇل دەپ تۇغقان»
(268- بەت، قاسىم قىزدىق) دېگەن سۆزلەرمۇ توغرا ئېيتىلمى-
مىغان. بالىنى «ئاتا-ئانا تاپتى» دېيىش كېرەك. تۇغۇش-
ئانىنىڭ ئىشى. باشقا مىسالىلەردە «ئاتا-ئانا تۇغدى»
دېيىلمە بولۇۋەرگەن بىلەن، ئۇيغۇرلار مۇنداق دېمەيدۇ.
بۇ روماندىكى قازاق قىزى ئايىۇلۇنىڭ سۆزلىرى يا قازاقچە
ئەمەس، يا ئۇيغۇرچە ئەمەس، ئەبجەش تىل بولۇپ قالغان:
«بۇ ئىتنىڭ بالىسىنى داغان بىرىڭلار، قانداي قىلىشنى
ئۆزۈم بىلىمەن!» (169- بەت)، «ئاناۋ چىمەلدىق سىزگە
ياقتىمۇ؟» (314- بەت) بۇنى ئۇيغۇرچىنى ئاز-تولا
ئۆگەنگەن قازاق قىزىنىڭ تىلى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى
ئۇنىڭدا ئۆز تىلىغا ياكى ئۇيغۇر تىلىغا بېقىنىدۇرۇش يوق،
ئۇيغۇرچىسى ئۇيغۇرچە، قازاقچىسى قازاقچە بىتىمچە ئىشلى-
تىلگەن. «كورەشچان يىللار» (2- قىسىم) دا «يۈزى
ئېچىز ھايالىق قىز» دەپ تەسۋىرلەنگەن ئۇيغۇر قىزى

لەيلىكۆل خەقنىڭ كۆز ئالدىدا يىگىتنى بىلەن قۇچاقلىشىدۇ؛ «بوستان چاچ قىز ھاما ئەمدى كۈتۈپ ئىنتىزار بولغان... ئۆز يارىنى كۆرۈپ، يۈزلىرى ئاناردەك قىزارغان ھالدا ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.» (46 ـ بەت) «ئۇلار چەكسىز ھاياجان، بەختىيارلىق ئىچىدە قۇچاقلاشتى.» (61 ـ بەت) ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرى غەرب ئەللىرىدىكى يىگىت ـ قىزلاردەك كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا قۇچاقلاشمايدۇ. بۇ رومانىنىڭ بەشىنچى بابىدا يېڭى ئازاد بولغان چاغدا (1950 ـ يىلىدا) يۇقىرالارنىڭ قوش مايلىق ۋە ئۈچ مايلىق قول چىرىغى ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا سۆز بولىدۇ. بۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ چاغدا قول چىراق تېخى ئومۇملاشمىغان. «قايىنام ئۆركىشى» دە نوۋوگوردتىن دەريا بويىغا سەيلىگە ماڭغان ئەمەلدارلارنىڭ مېڭىش يۆنىلىشى خاتا قىلىپ قويۇلغان. يەنى ئۇلار نوۋوگوردتىن جەنۇبقا ياكى غەربىي جەنۇبقا ماڭماي، شىمالدىكى ئۈچ دەرۋازىدىن جەنۇبقا كېلىۋاتقان لۇتپۇللانىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەلگەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ھالەتتە ئۇلار ئۈچ دەرۋازىغا قاراپ ماڭغان بولۇپ چىقىدۇ.

ئۈچىنچى، بەزى رومانلاردا ئادەم، يەر ـ جاي، ئەسەر ئىسىملىرىنى، تارىخىي شارائىت چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان تەلەپپۇز ـ قوللىنىشلارنى ئىپادىلەشتە نۇقسان بار. مەسىلەن: «ئىز» دا ئايسۇلۇنىڭ قوي بېقىۋېتىپ ئېيتقان ناخشىسى «قازاق خەلقىنىڭ «بۇلبۇل تورغاي» دېگەن مەشھۇر ناخشىسى» دېيىلگەن (68 ـ بەت). بۇ ئەسلى «قارا تورغاي» دېگەن ناخشا. قازاقچىدا «تورغاي» قۇشقاچ دېگەن مەنىنى، «قارا تورغاي» بولسا «قاراغۇچا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«كۆرەشچان يىللار» (2 ـ قىسىم) دا پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان «بەرھەم» (يوق قىلماق، توختاتماق) دېگەن سۆز «دەخلە قىلىش» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن: «بىھوش ياتقان توختاخۇنغا بەرھەم بەرمەسلىك ئۈچۈن...» (384 ـ بەت). «ئىزدىنىش» تە ل. تولستوينىڭ «تىرىلىش» ناملىق رومانى بىر يەردە «قايتا تىرىلىش» دەپ (196 ـ بەت) شائىر تەجەللىنىڭ «بەرق تاجەللى ۋە سەبەق مۇجەللى» دېگەن دىۋانى، «بەرق تەجەللى ۋە سەجەق تەجەللى» (374 ـ بەت) دەپ ئېلىنغان. «قايىنام ئۆركىشى» دە «دەريا بويى» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان «زايىمكا» دېگەن سۆز (رۇس تىلىدىن ئۆزگەرتىلىپ قوبۇل قىلىنغان) «زايىكوم» دەپ ئېلىنغان (27 ـ بەت). بۇ مەنا جەھەتتىنمۇ، ئىشلىتىلىش ئادىتى جەھەتتىنمۇ توغرا ئەمەس. بۇ رومانىنىڭ 312 ـ بېتىدە «ئىۋان ئالىكسى» دېگەن ئىسىم ئىككى يەردە تەكرارلىنىدۇ. مەلۇمكى، رۇسلاردا كىشىلەرنى ئاتاشتا، ئۆزىنىڭ ئىسمىدىن كېيىن دادىسىنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭدىن كېيىن فامىلىسى قوشۇلۇپ ئاتىلىدۇ. يا بولمىسا ھۆرمەت تۇرغۇسىدىن ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن دادىسىنىڭ ئىسمىلا ئاتىلىدۇ. ھەر ئىككىلا ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ ئىسمى قوشۇمچىسىز كېلىدۇ، دادىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ـوۋىچ»، «ـېۋىچ» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ كېلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان «ئىۋان ئالىكسى» دىكى «ئالىكسى» (توغرىسى ئالېكسېي) يا فامىلىگە، يا دادىسىنىڭ ئىسمىغا قوشۇلماي قالغان. بۇ روماندىكى شېيخ سۇلايمان بوۋاينىڭ «چىگدە يېغىلىقى» ھەققىدىكى بايانى تارىخىي شارائىت چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان تەلەپپۇز ـ قويۇلۇشلارنىڭ مۇۋاپىق

بولماسلىقىغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. ئۇنىڭ سۆزى 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىكى بوۋاينىڭ تەلەپپۇزى ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زاماندىكى تەتقىقاتچىنىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەنگەن: «موللا مۇسانىڭمۇ مۇشۇ ھەقتە كىشىلەردىن پاكىت سوراپ يۈرگەنلىكىنى بىلىمەن» (196-بەت)، «1765-يىلى 2-ئاينىڭ 14-كۈنى» (201-بەت) «مۇھەببەت باغلىغان» (200-بەت)، «ئۈچ چوڭ لېنىيە» (203-بەت)، «بارابان چېلىنىپ» (205-بەت)، «ئوق-دورا ئىسكىلاتى» (206-بەت)، «20-فېۋرال ئەتىسگەندە» (207-بەت)، «سېپىل ئاستىدىن تونېل قازدۇرۇپ» (211-بەت)، «لاگېر قۇرۇپ» (212-بەت)، «رەھمىتۇللانىڭ پىلانى» (213-بەت)، «تارىخ سەھنىسىدە ئاجايىپ كومېدىيىلەر بولىدۇكى» (214-، 215-بەتلەر) دېگەن مىساللاردىكى «پاكىت»، «مۇھەببەت باغلىغان»، «لېنىيە»، «بارابان»، «ئىسكىلات»، «فېۋرال»، «تونېل»، «لاگېر»، «پىلان»، «كومېدىيە» دېگەن سۆزلەر شۇ زامانغا مۇۋاپىق ئەمەس، يىل ھېسابىمۇ ھىجرىيە ھېسابىدا ئەمەس، مىلادىيە ھېسابىدا بېرىلگەن. بۇ روماندا يەنە چەت ئەلدىن قوبۇل قىلىنغان «پاترول» (كۆزەتچى، ساقچى) دېگەن سۆز ئۈچ يەردە «پاترون» (ئېلېكتر چىرىقى ئورنىتىلىدىغان ئورۇن: ئوق) دەپ خاتا تەلەپپۇز قىلىنغان (634-بەت).

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزنى خۇلاسىلىمەك، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىقىغا دىققەت قىلىش — ئەسەرنى بېزەش رولىنى ئوينايدىغان تېخنىكىلىق مەسىلە ئەمەس، بەلكى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە مىللەتنىڭ غۇرۇرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. شۇڭا رومان ئىجادىيىتىدە ئىلمىي-

لىقىغا دىققەت قىلىش دەۋر ئاپتورلىرىمىزغا يۈكلەنگەن مۇقەددەس بۇرچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بۇرچ ئاپتورلىرىمىزدىن يېزىقچىلىق ماھارىتىنى پىششىق ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىشنى، تۇرمۇش ئۆگىنىش ۋە كۆزىتىش داۋامىدا ئىنتايىن ئەستايىدىل بولۇشنى، بولۇپمۇ تارىخقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا قىلچە بىپەرۋالىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. كەڭ كىتابخانلار ئاپتورلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدە ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئۈلگىلىك ئەسەرلەر يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ھەم ئۇلاردىن ئاشۇرۇۋېتىش يولىدا تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

## تىپىك خاراكتېر يارىتىش – رومان ئىجادىيىتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مېنىڭچە، ھەرقانداق بىر روماننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان – يېزىلمىغانلىقىغا باھا بەرگەندە، ئالدى بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ روشەن ھەم چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن ياكى ئېچىپ بېرىلمىگەنلىكىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى روماندا مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىقلا يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆزىگە خاس تىپىك خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش رومان ئىجادىيىتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ ھالقىنى چىڭ تۇتالمىغان يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ئېنىق ئىپادىلىيەلىشى ۋە روماننىڭ باش تېمىسىنى روشەن گەۋدىلەندۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

روماننىڭ مول ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان. روماندىكى تىپىك پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىمۇ مۇكەممەل سيۇژېتلار ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، رومان – يازغۇچى تەرىپىدىن جۇغلانغان بارلىق تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى قارا – قويۇق قاچىلايدىغان تاغار ئەمەس ياكى پارچە – پۇرات،

چېچىلاڭغۇ، ئۆز ئارا باغلانمايدىغان ۋەقە ۋە دېتاللارنىڭ قالايمىقان دۆۋىسىگە ئەمەس. رومانىنىڭ ۋەقەلىكلىرى يەنىلا تىپىك خاراكتېرلارنى يارىتىش ۋە باش تېمىنى ئىپادىلەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللىنىدۇ، تاۋلىنىدۇ ۋە تەشكىللىنىدۇ. يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» رومانىنىڭ سيۇژېتى بىلەن قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئىشلىگەندە، بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، باش قەھرىمان تۇمۇر خەلپىنىڭ تىپىك خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان تارىخىي ماتېرىيە-ياللارنى توغرا تاللاپ ھەم ئىجادىي تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق پىششىق تاۋلاپ، ئاساسىي زىددىيەتنى چۆرىدىگەن ھالدا رەتلىك، پۇختا ۋە تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرغان. ئىلگىرى-كېيىن بايان قىلىنغان ۋەقەلىكلەر بىلەن رومانىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنى بىر-بىرىگە زىچ باغلىغان. قوشۇمچە تېمىلارنى باش تېمىنى تېخىمۇ روشەن ئېچىپ بېرىشكە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرغان. نەتىجىدە كىتابخانلارنى باشتىن-ئاياغ ئۆزىگە مەھكەم باغلاپ تۇرالايدىغان ھەمدە ئۇلارغا چىنلىق تۇيغۇسى بېرەلەيدىغان تەبىئىي، روشەن، جانلىق ھەم مۇستەھكەم بىر پۈتۈن بەدىئىي مەنزىرە يارىتىلغان، ھەتتا رومانىنىڭ مۇقەددىمىسى، خاتىمىسى ۋە ھەر قايسى بابلارنىڭ بېشىغا ئېلىنغان ئېپىگراپلارمۇ روماندا يارىتىلغان بىر پۈتۈن بەدىئىي مەنزىرىنىڭ ئاجرالماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، بۇ مەنزىرىنىڭ ھۆسنىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغان.

رومان ئىجادىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، تارىخىي تېمىدا رومان يېزىشقا كىرىشكەن يازغۇچى مۇقەررەر ھالدا قانداق تارىخىي ماتېرىيالارنى تاللاش، ئۇنى توقۇلمىلار

ئارقىلىق قانداق سەمىرىشىش، ئۇلارنى قايسى ئاساسلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ راۋاجلىنىش مەنتىقىسى ۋە ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، قانداق قىلىپ رومانىنىڭ باش-ئاخىرىدىكى ۋەقەلىك ھەم دېتاللارنى، بۆلەكلەرنى بىر-بىرىگە ئورگانىك تۈردە زىچ باغلاپ، رومانىنى ئاجرالماس بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش قاتارلىق مۇشەققەتلىك ئەمەلىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەي قالمايدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم ماتېرىياللارغا بەزىبىر خام توقۇلمىلارنى قوشۇش ھەمدە ئۇلارنى بىر-بىرىگە چالا-پۇلا چېتىپ قويۇش ئارقىلىقلا رومان ئىجادىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش مۇمكىن ئەمەس. تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلانغان رومانلاردا ئاشۇ شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مول ۋە دۇرەككەپ تارىخىي ماتېرىياللارنى پۇختا ھەم تولۇق ئىگىلەش، توغرا تاللاش، مەركەزلەشتۈرۈش، ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئۇچقۇندا پىششىق تاۋلاش ھەم بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلاش ئارقىلىقلا مۇكەممەل سىيۇژېت يارىتىپ تىپىك پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى روشەن ھەم چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەندىلا ھەمدە شۇ ئارقىلىق مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى ئوچۇق يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

بىزدە نەزەرىيەۋى جەھەتتە بۇ مەسىلىلەرنى ئىنكار قىلىدىغان يازغۇچى بولمىسا كېرەك. لېكىن ئەمەلىي ئىجادىيەت جەريانىدا ئەدەبىياتنىڭ ماھىيەتتە خاراكتېر ياكى تىپ يارىتىش سەنئىتى ئىكەنلىكىنى ئوڭايلا ئەستىن چىقىرىپ قويىدىغان ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ قالىدۇ. مېنىڭچە، ئۇيغۇر يېڭى زامان روما-

پىلگەنلىك تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بۇ جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ئاساستا ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ھازىر بىزنىڭ رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى يازغۇچىلىرىمىز تىپىك خاراكتېر يارىتىشقا ئەمەس، بەلكى ۋەقەلىككە بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار ۋەقەلىكنىڭ تىپىك خاراكتېر يارىتىشنىڭ ۋاسىتىسى ئىكەنلىكىگە، سيۇژېتنىڭ خاراكتېر يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا سەل قاراپ ياكى خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزى ئاڭلىغان - بىلگەن ۋەقەلىك، تەزكىرە ياكى تارىخىي مەلۇماتلارنى رومان ئىچىگە ئامالىنىڭ بارىچە زور-مۇ-زور سىغدۇرۇپ كىرگۈزۈپ، رومانىنىڭ سيۇژېتى بىلەن قۇرۇلمىسىنى ئىكىشى توختىمايدىغان، چۇۋالچاق ھەم كېلەڭسىز قىلىپ قويىۋاتىدۇ. نەتىجىدە رومان پېرسوناژلىرى ۋەقەلەر دولقۇنى ئاستىدا تۇنجۇقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى روشەن ئىپادىلىيەلمەيۋاتىدۇ. بۇ ھال يازغۇچى ئابدۇللا تالىپنىڭ «چالا تەككەن ئوق» ناملىق رومانىدا خېلى ئىپادىلەنگەن.

يازغۇچى بۇ روماندا ئىريان، كەنجى قاتارلىق باتۇر يىگىتلەر بىلەن سەلبىي پېرسوناژ زامانقۇل ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق كەسكىن كۈرەشلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شىنجاڭ تارىخىدىكى «قانلىق 12 - ئاپرېل ۋەقەسى» نىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشنى كۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل زېھنى كۈچى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ تىپىك خاراكتېر يارىتىشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن رومانىنى ئۆزى بىلىدىغان ياكى ئاڭلىغان پارچە - پۇرات تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ يىغىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

«چالا تەگكەن ئوق» ناملىق روماندىكى نۇرغۇنلىغان پېرسوناژلار ئۆزلىرىنىڭ تەزكىرىسى بىلەن بىللە پەيدا بولىدۇ. يازغۇچى بۇ تەزكىرىلەرنىڭ روماندىكى ئاساسىي سيۇژېتقا باغلىنىدىغان - باغلانمايدىغانلىقى بىلەندۇ ئانچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. شۇڭلاشقا روماندىكى تەزكىرىلەر بىلەن پارچە-پۇرات ۋەقەلىكلەر ئورگانىك بىرلىككە ئېرىشەلمىگەن.

بىزگە مەلۇمكى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەزكىرىلىرىنى توقۇل ھالدا بايان قىلىپ قويۇش بىلەنلا ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى يورىتىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى روماندا تارىخىي شەخسلەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى پەقەت تىپىك مۇھىت بىلەن جانلىق، كونكرېت، مۇرەككەپ ھەمدە ئۆز ئارا زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن ۋەقەلىكلەر ئىچىدىلا پەيدىن- پەي ئېچىپ بېرىلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. يازغۇچى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ قانداقلىقىنى ئۇلارنىڭ روماندىكى ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى كونكرېت ھەم ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىپادىلىمەي، ئەكسىچە تەزكىرە يېزىش ۋاسىتىسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۇرۇنسا، ئۇ ياراتقان پېرسوناژلار جانسىز كۆلەڭگىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنى كېسىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ھەرقانداق ئەھمىيەتلىك تەزكىرىمۇ پېرسوناژنىڭ روماندىكى ئەمەلىي پائالىيىتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. قىسقىسى، روماننىڭ ئىچىگە تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەزكىرىلىرىنى كەلسە- كەلمەس ھەم زورمۇ-زور سۆرەپ كىرىش ناتۇرالىستىك خاھىشنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولۇپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تىپىكلەشتۈرۈش پىرىنسىپى بىلەن سىغىشالمايدۇ.

«چالا تەگكەن ئوق» روماندا ۋەقەخۇمارلىق بىلەن تەز-

كىرەۋازلىقىغا كۆپرەك بېرىلىپ كېتىلگەچكە باش قەھرىمان ئىرپان قاتارلىق بىر قىسىم پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ياخشى ئېچىپ بېرىلمىگەن، ھەتتا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بەزىبىر ئاجىزلىقلارغىمۇ يول قويۇلغان.

بۇرۇن بىر قېتىم ئەكبەر ھەم سايىملار بىلەن بىرلىكتە «ئالتۇن ئالۇشكى»غا تۇتۇلۇپ، خوتەن تاغلىرىدا ۋەيلۇن دوزاقىنىڭ ئازابىنى تارتقان، گېئولوگ ئەترىتىدە شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىر يىل بىللە ئىشلەپ، «ئىنچىكە ئۇچەيلىرىگىچە سىرداشقان»، «يېتىم - يېسىرە ۋە بوزەكلەرنىڭ دائىمىي بولغان»، ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىقىدىكى سوت مەيدانىدا رەھىمسىز فېئودال نەسىردىنىڭ سۇيىقەستىنى دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلىغان نەۋبەر يىگىت ئىرپاننىڭ قوراللىق جاللاتلار ھىمايىتكار مەيدانىدا «ئالتۇن ئالۇشكى»غا مەجبۇرىي تۇتىۋاتقان ياشلارنىڭ نالە - زار، ئاھۇ-پەريادى پەلەك پەيمانلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋاتقان بىر پەيتتە «ئالتۇن كولاشقا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بارىمەن»، «يەبايدىن چەقارمەن يە سايرامدىن» دەپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى بۇ ئوبرازنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ جان - جىگەر دوستى ۋە ئارقا تىرىكى لۇتپۇللا مۇتەللىپ گېئولوگ ئەترىتى بىلەن قەشقەردىن كەتكەندىن كېيىن، تۇردىبەگنىڭ كېلىنى مايلەۋەتكەن نەسىردىنىڭ نوخۇلىسى يەنە ئۈسۈپ، ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقىدىن ۋە چولپاننى چاڭگىلىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، شەيشىدىكە قايتىدىن خىلمۇ خىل بېسىملارنى ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقىدىن تولۇق خەۋەردار.

مېنىڭچە، چىن دىلىدىن سۆيگەن يارىنى، جامالىنى ھەم مەنىۋى جەھەتلەردىن پۈتۈنلەي كېرەكتىن چىققان قەدىردان ئۇستازىنى ياۋۇز سۈيىقەستچىلەرنىڭ زەھەرلىك قولىغا يالغۇز تاشلاپ بېرىش، ئۆزىنى ئۆزى جاللاتلارنىڭ قانلىق قىلىچى ئالدىغا ئىتتىرىش ۋەتەنپەرۋەر ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللانىڭ جان - جىگەر دوستى ئىرپانغا نىسبەتەن ۋىجدانسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. قوراللىق جاللاتلارنىڭ ئالتۇن كولاشقا ئادەم ئېلىش باھانىسى بىلەن مەجبۇرىي ئادەم تۇتۇۋاتقانلىقى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ قولىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق يارىنى قۇتقۇزۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئاڭقىرالمايدىغان ئادەمنى ھەرگىزمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن «ئىنچىكە ئۈچەيلىرىگىچە سىرداشقان» نەۋبەر يىگىت، «يېتىم-يېتىمە ۋە بوزەكلەرنىڭ ھامىيسى» دېگىلى بولمايدۇ.

تۇتقۇنلارنىڭ نالە - زارى قاپلىغان سۈرلۈك ھېيتكاردا ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغان ھالدا «ئالتۇن كولاشقا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بېرىپ، يە بايدىن چىقارمەن، يە سايرامدىن» دەپ تۇرغان ئىرپان دەل شۇ مەھەلدە يارى چولپاننىڭ سىڭلىسى ئارقىلىق ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. يازغۇچى ئۆز قەھرىمانى ئىرپاننىڭ «... باشپاناھىم ئىرپان، سىز ھەرگىزمۇ كېتىپ قالماڭ، ھەرنېمە كۆرسەك تەڭ كۆرەيلى، سىز بولمىسىڭىز بۇ جاھان ماڭا بولىدۇ زىندان ...» دېگەن مەزمۇندا يېزىلغان خېتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنكى روھىي ھالىتىنى «ئەمدىلىكتە ئۇ: «يە جاندىن كەچ ياكى جانانىدىن» دېگەن رەھىمسىز سىناق گىرۋىكىدە بېشى قېيىپ تېڭىرقىماقتا ئىدى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئىبارە ئەسەر قەھرىمانىنىڭ ئەينى چاغدىكى زىددى-

يەتلىمەك روھىي دۇنياسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئېخىمۇ تۇتۇقلاشتۇرۇپ قويغان. چۈنكى بۇ گەپچە بولغاندا، ئىرپان چولپاندىن كەچمىسە، چوقۇم ئۆز جېنىدىن كېچىشى كېرەك. بىزدە «جاندىن كەچمە-گىچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن ماقال بار، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ ياردىن كەچمەي دېمەك، جەزمەن ئۆلۈشىڭ كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. يازغۇچى يۇقىرىدىكى ئىبارىنىڭ ئورنىغا مۇشۇ ماقالنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، چولپاننىڭ خېتىنى ئوقۇشتىن بۇرۇنقى ئىرپان يار ئۈچۈن جاننى تىكىش قارارىغا كەلمىگەن يىگىت بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ھالدا كىتابخانلار ئىرپاننىڭ ئۆز سۆيگۈسىگە سادىقلىقىدىن گۇمانلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولۇپ قالىدۇ. «جىنايەتكار ئالتۇن مېنىڭ بەختىمگىمۇ ئىبلىس قولىنى سوزماقتا» دېگەن قەھرىماننىڭ ئۆز بەختىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن جانپىدالىق بىلەن قوغداشنىڭ ئورنىغا جان بىلەن بەختنىڭ قايسىسىدىن كېچىشنى بىلەلمەي، بېشى قېتىپ تېڭىرقىشى ئۇنى ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا بىلەن بولغان چوڭقۇر دوستلۇقتىن ۋە زوراۋان فېئودال نەسرىدىنگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەردىن يىراقلاشتۇرۇپ، چىنلىق ئاساسى بولمىغان جانسىز، سۇنئىي ئوبرازغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئىرپاننىڭ ئالتايغا ئالتۇن كولاشقا بېرىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر زور ئىش توغرىسىدىمۇ باشپاناھسىز يارى چولپان بىلەن ئۇنىڭ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان بىچارە دادىسى شەمشىدىننىڭ پىكرىنى ئالمىغانلىقى ۋە چولپاننىڭ بىر پارچە خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىنلا «چولپاننىڭ رايىغا باقاي» دېگەن قارارغا كېلىشى قەھرىمان خاراكتېرى-

نىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى ئۇ چولپان ئائىلىسىنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكى. يازغۇچىنىڭ ئىرپان توغرىسىدا يازغان بايانلىرىغا، جۈملىدىن ئۇنىڭ شەمشىدىن ئائىلىسى بىلەن بولغان ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ بۇ ئائىلە بىلەن مەسلىھەتلەشمەي تۇرۇپ، يىراق ئالتايغا «ئالتۇن كولاش» قا بېرىشنى قارار قىلىشى ئەقىلغا سىغمايدىغان بىر ئىش. ئىرپاننىڭ ھېيتكاردا پەيدا بولغان مەزگىللى كىشىلەر «ئالتۇن كولاشقا ئادەم ئېلىش» ئېلانىنى ئەمدىلا ئوقۇۋاتقان مەزگىل تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇ ياش «ئالتۇن كولاش» قا ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېرىشنى تەلەپ قىلمىغان تۇرسا، ئۆيدە ئولتۇرغان چولپاننىڭ ئىرپانغا يوقىرقىدەك خەتنى يېزىشىمۇ ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدۇ.

قوراللىق جالالاتلارنىڭ دەھشەتلىك زورلاۋانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغان ئىرپاننىڭ ئالتايغا «ئالتۇن كولاش» قا بېرىشنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەلەپ قىلىشى تۇتۇتۇنلار ئارىسىغا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چېچىش ئۈچۈنمۇ؟ ياق! چۈنكى ئۇ چولپاننىڭ ئۆيىگە تېخى ئەمدىلا يېتىپ بېرىشىغا بىر تۇركۇم قوراللىق ساقچىلار تەرىپىدىن چەمبەرچەس قىلىپ باغلىنىپ، ئالتۇن ئالۋىڭىنىڭ دەھبۇسلىرى قاتارىدا ئالتايغا ھەيدىلىدۇ. سەپەر ئۈستىدە ئاچلىقتىن ۋە ئوقتىن كۈندە كۆپلەپ يىگىتلەر ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئىرپان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۇيىقەستىنى پەقەت شۇ چاغدىلا ھېس قىلىشقا باشلايدۇ-دە، قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. راۋاپ چېلىپ ئېيتقان قوشاقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز ئىرپاننىڭ تۇتۇتۇن يىگىتلەرگە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ياكى ئىنقىلابنىڭ ئەھمىيە-

تى توغرىسىدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ مەقسەتلىك تەشۋىقات ئېلىپ بارغانلىقىنى ئۇچراتمايمىز. يىغىنچاقلىغاندا، ئۆزى بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن شائىر لۇتپۇللانىڭ «ھازىر نېمە كەسىپ بىلەن بولىۋاتىسىز؟» دېگەن سوئالىغا: «ھازىر-قى كەسپىم يېتىمچى ۋە دەردمەنلەرگە يۆلەكچى، مۇھەببەت ئەھلىگە مۇقامچى، مەردپەتكە كۈيچى» دېگەنگە ئوخشاش دەب-دەبىلىك سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەرگەن، لۇتپۇللا بىلەن بىرىمال بىللە ئىشلەپ، «ئىنچىكە ئۈچەيلىرىگىچە سىردىشىپ» جان-جىگەر دوست بولغان، ئەكسىيەتچىلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى سوت مەيدانىدا زوراۋان نەسىردىننىڭ خۇنۇك ئەپتى-بەشىرى-سىنى باتۇرلۇق بىلەن ئېچىپ تاشلىغان ئىرپاننىڭ زادى نېمە ئۈچۈن «ئالتۇن كولاش»قا بېرىشنى ئۆز ئىخ-تىيارى بىلەن تەلەپ قىلىدىغانلىقى ۋە تۇتقۇنلۇقتا يۈرگەن مەزگىللىرىدە پەقەت قېچىپ قۇتۇلۇشنىلا كۆزلەپ يۈرگەنلىكى كىتابخاننى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى يازغۇچىنىڭ قەھرىمان خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىگە باشتىن-ئاخىر يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىدە.

روماندا ئىرپان خاراكتېرىنىڭ تەبىئىي خاسلىقى ئېچىپ بېرىلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي خاسلىقىمۇ روشەن ئىپادىلەنمىگەن. ئىرپان تۇتقۇنلۇقتىن قاچقاندا، «ئىرەن قوۋۇرغا» تېغىدا قۇربانجان، ئاق بارات، ئىمانبەك قاتارلىق-لار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ. ئۈرۈمچىدە يازغۇچى تەرىپىدىن «لامزەللە» دەپ ئاتالغان سايىمىنى ئىزلەپ يۈرۈپ، سوپاچەندازا بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ دۇكىنىدا ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. يازغۇچى ئىرپاننىڭ كەنجى

بىلەن مۇشۇدۇكاندا پات-پات ئۇچرىشىپ تۇرغانلىقىدىن بىزنى خەۋەردار قىلغان بولسىمۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرمىگەچكە، كىتابخانلار كەنجىنىڭ ئىرپاننى مەلۇم بىر كۈنى كېچىدە ئىنقىلابىي يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ يىغىنىغا باشلاپ بارغانلىقىدىن ۋە ئىر-پاننىڭ ئۇ يەردە بىردىنلا ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىدىن تەسادىپىلىق ھېس قىلماي قالمايدۇ. ئىر-پان ئۇرۇمچىدە شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن جان-جىگەر دوستى لۇتپۇللانى بىرەر قېتىممۇ ئىزلەپ قويمايدۇ ياكى چىن دىلىدىن سۆيگەن يارى چولپاننىمۇ ئويلاپ قويمايدۇ. بۇ ھال يازغۇچىنىڭ دىققىتىنى قەھرىمان پائالىيىتىگە مەركەزلەشتۈرەلمىگەنلىكىنى، شۇنداقلا قەھرىمان خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشى ئۈستىدە پۇختا ئىشلىمىگەن-لىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

كەنجىمۇ روماندىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ بىرسى. كىتابخانلار ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم «ئويچاكان» سېپىدا ئايۇپ پاچىمالىك ئۆلتۈرۈلگەندە ئۇرۇمچىگە كېتىۋاتقان سەپە-رىنى ۋاقىتنىچە توختىتىپ، ئايۇپ بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ جەسىتىنى ئۆز ھارۋىسى بىلەن قېيىن تەرەپكە يۆتكەپ قويغان چاغدا ئۇچرىشىدۇ. ئىككىنچى قېتىم ئىرپاننىڭ سەنئەتخانىسى-دىكى كىچىك ماتا-چەكمەن دۇكىنىدا ئۇچرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچى بىزگە ئۇنى «كەنجى ھەربىي مەكتەپنىڭ پەي-جىڭى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى» دەپ تونۇشتۇرىدۇ. گەرچە روماندا كەنجى خاراكتېرىنىڭ قانداق ئۆسۈپ-يېتىلگەنلىكى، ئۇنىڭ قانداق-لارچە قەيسەر ھەم ئاڭلىق ئىنقىلابىي جەڭچىگە ئايلانغانلىقى

چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇنىڭ «ئويچاكان ۋەقەسى» دە ئىپادىلىگەن ئىنسانپەرۋەرلىكى بىلەن ئېرپاننىڭ دۈكىنىدىكى مەردانە سۆزلىرىگە قاراپلا، ئۇنىڭ كەڭ ئامىمىنىڭ ھۆرمىتىگە قانداقتۇ «گومىنداڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ پەيجىسى بولۇش سالاھىيىتى» بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەققانىيەتنى ياقىلىغانلىقى ئۈچۈن ئېرىشكەن-لىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز.

پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شېئىر ئارقى-لىق ئىپادىلەيمەن دەپ، نەتىجىدە بۇزۇپ قويۇش يازغۇچى ئابدۇللا تالىپنىڭ «قاينام ئۆركىشى» ناملىق بىئوگراپىك رومانىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

مېنىڭچە، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان رومانلاردا يازغۇچىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن شېئىر يېزىپ بې-رىشىنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى يازغۇچى ھەرقانچە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بىلەنمۇ باشقا بىر شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، ھەتتا بۇزۇپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزى تەرىپىدىن توقۇلغان بىر قىسىم شېئىرلارنى تارىختا ئۆتكەن مەلۇم بىر شائىرنىڭ ئىجادىيىتى قىلىپ كۆرسەتسە، ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان تارىخىي شەخسنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزمەي قالمايدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، «قاينام ئۆركىشى» ناملىق بىئوگ-راپىك روماننىڭ باش قەھرىمانى لۇتپۇللا مۇتەللىپ تارىخىي شەخس بولۇپ، ھەم شائىر ھەم ئىنقىلابچى ئىدى. شائىر ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان جەڭگىۋار شېئىر-لارنى يازغان، ئۆزىگە خاس روشەن ئۇسلۇب ياراتقانىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى چوڭقۇر ئىدىيەۋى مەزمۇنى، يۇقىرى بەدى-

نىمۇ سەۋىيىسى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلاتتى. ئەپسۇسكى، «قاينام ئۆركىشى» ناملىق روماندا يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ تەرىپىدىن توقۇلۇپ، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىجادىيىتى قىلىپ كۆرسىتىلگەن بىر قانچە «شېئىر» نىڭ تىلى خام ھەم مەنتىقىسىز، پىكرى چېچىلاڭغۇ، تۇيغۇ ھەم چۈشىنىكسىز بولغاچقا، لۇتپۇللا ئوبرازىنىڭ چىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، روماننىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاجىزلاشتۇرغان.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىر قېتىم يازغۇچى تەرىپىدىن «بۈگۈنكى سېخىلىق بىلەن مەمۇرچىلىقنىڭ تېگى-تەكتىدە قانداق ئويۇننىڭ بارلىقى تېخى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس» دەپ ھۆكۈم قىلىنغان زىياپەتكە ئۇستازى ئابدۇللا داۋۇت بىلەن بىللە قاتنىشىپ، سورۇندىكىلەرگە مۇنداق بىر «تاقابىل شېئىرى» نى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىدۇ:

مەي تۇتۇپ ساقى كېلىپ، ئاغرىقتا ئوقمان بولغۇدەك.
گەر ئۇنى ئىچمەي دېسە، مەيدانىدا قورققان بولغۇدەك.
بار ئىمىش مەيدە ھۈنەر-پىشەن قىلمىش ياتنى ساڭا.
شۇل كۆزى ياش قوزىغا ئاچ بۆرە تۇتقان بولغۇدەك.
سۆيگۈنىڭ داۋاسىغا كەلمەس ئىمىش مەيدىن شىپا.
گەر ئۇنى ماختاپ دېسە، زەھەرنى يۇتقان بولغۇدەك.
نازبىلەن كۈلسە گۈزەل، چىن كۆڭلىدىن كۈلدى دېمە،
ئەزىدىن چىققان يۈرەك، ئۆزگىچە سوققان بولغۇدەك.
گۈل خىلى نالەمدە كۆپ تاللاپ سۆيەر مەشۇق سەنەم.
كىم بېرى تەڭلەپتىكەن، رەيھانىنى تۇتقان بولغۇدەك.
بۇ يۈرەك تەلپۈنىدۇ، ئەل دەردىگە يەتمەك بولۇپ،
ئەلنى دەپ ئاشا داۋان، زۇلمەتنى تۇتقان بولغۇدەك.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ «شېئىر» دىكى مەنتىقىسىزلىك كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك زوقىنى بۇزۇپ، كۆڭلىنى

غەش قىلىدۇ. بىزنىڭ تالانتلىق شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەزەلدىن قاپىيە بىلەن رادىفنى قوغلىشىپ بۇنداق لاۋزا ھەم مەنتىقىسىز مىسرالار يىغىندىسىنى «شېئىر» دەپ يازغان ئەمەس. شۇنداقلا بىرتوپ ئادەم ئولتۇرغان زىياپەتتە ئۆزىنى ھاراق ئىچىشكە قىستىغان ئادەمنى «تاج بۆرە» دەپ ئوچۇق-تىن - ئوچۇق ھاقارەتلەش ئەينى يىللاردا ئىنقىلابىي يەرئاستى تەشكىلاتىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئاڭلىق شائىرغا خاس خىسلەتمۇ ئەمەس. لۇتپۇللا مۇتەللىپ «داۋا» دېگەن سۆز بىلەن «شىپا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى، «ماختاپ» دېگەن پېئىلنىڭ كەينىگە «دېمە» دېگەن پېئىلنى ئۇلىسا قاملاشمايدىغانلىقىنى، قىز توغرىسىدا گەپ قىلىۋېتىپ، قىزلارنى ھەر خىل گۈللەرگە ئوخشىتىپ تىزىپ، ئاشۇ گۈللەرنى «تاللاپ سۆيەر مەشۇق سەنەم» دېسە، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدىغانلىقىنى ۋە شۇنىڭغا ئۇلاپلا «كىم بىرى تەگلەپتىكەن، رەيھاننى تۇتقان بولغۇدەك» دەپ يېزىشنىڭ مەنتىقىغە قاپىيە سىغمايدىغانلىقىنى بىلمەسمىدۇ؟! لۇتپۇللا «زىياپەت» نىڭ سىرىنى سېزىۋالغان تەقدىردىمۇ، ئىمتاپلانغان دۈشمەنلەرنىڭ ئۇستىدىن مۇشۇنداق «شېئىر» ئارقىلىق غالىپ كېلەلەمدۇ؟! ماھىر ۋە سەزگۈر ئىنقىلابچى دۈشمەنلەر تېخى ئۆزىگە ئاشكارە قول سالمىغان شارائىتتا، ئۆزىنى ياش قوزىغا، ھاراق ئىچىشكە قىستىغانلارنى تاج بۆرىگە ئوخشىتىپ يازغان شېئىرىنى زىياپەت مەيدانىدا ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئوقۇشنىڭ ھەرگىزمۇ ئاقىلانىلىق بولمايدىغانلىقىنى، ئىنقىلابىي يەرئاستى تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان ئادەم ھەرقانداق جاي ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى ئېغىر - بېسىق، سالماق، ھوشيار ھەم يوشۇرۇن تۇتۇشى

زۆرۈرلىكىنى، بۇنداق سورۇندا ئالدىراقسانلىق، كەپدانلىق قىلمىش، تىل-ئاھانەت ياغدۇرۇش ياكى ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي غايىسىنى ئاشكارە ئىپادىلەش پەقەت دۈشمەنلەر ئالدىدا ئۆزىنى ئۆزى پاش قىلىش ياكى دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىش رولىنىلا ئوينايدىغانلىقىنى، ئەلۋەتتە، بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، يازغۇچى ئېيتقاندەك، لۇتپۇللانى ئۆزىنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «چەڭگۈار شېئىرى»نى ئوقۇش ئارقىلىق زىياپەت ھېيلىسىنى بىتچىت قىلىۋەتتى دېگىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە بۇ خىل «توقۇلما» رومانىنىڭ باش قەھرىمانى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ غۇۋالاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ چىنلىق ئاساسىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن.

يازغۇچى بىر تەرەپتىن، شۇقېتىمقى زىياپەتكە قاتناش-قانلارنىڭ تىزىملىكى دۈشمەن رازۋېتكا بۆلۈمى تەرىپىدىن بېكىتىلگەنلىكىنى يازسا، يەنە بىر تەرەپتىن، لۇتپۇللا ئۆزىنىڭ «چەڭگۈار شېئىرى»نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك قىزغىن چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىغانلىقىنى يازىدۇ. بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇ جۈملىلەر كىتابخانلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارغا شائىر شېئىر ئوقۇغان مۇھىت بىلەن شارائىتنىڭمۇ سۈنئىي «توقۇلما» ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلدۇرىدۇ. دۈشمەننىڭ چوماقچى ھەم پايلاقچىلىرى ئۆزلىرىنى «ئاچ بۆرە» دەپ تىللاۋاتقان شائىرغا غەزەپلەنمەي ياكى نارازىلىق بىلدۈرمەي، ئەكسىچە ئۇنى «قىزغىن چاۋاك چېلىپ ئالقىش-لىشى» مۇمكىنمۇ؟! سورۇندىكىلەرنىڭ بىرقىسمى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر بولغان تەقدىردىمۇ، شائىرنىڭ ئوچۇق، نەزەرە قاتارلىق شەخسلەرگە نەشتەردەك سۆزلەر بىلەن ھۇجۇم

قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قانچە ئەجەبلەنمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟! لېكىن روماندا ئاشۇنداق شېئىر ئوقۇلغان چاغدا يۈز بەرمەي قالمايدىغان خىلمۇ خىل روھىي ھالەتلەر چىنلىق بىلەن توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. شۇڭلاشقا كىتابخان بىر خىل سۈنئىيلىك ھېس قىلىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، يازغۇچى ئۆز قەھرىمانىنى مۇشۇنداق بىر زىياپەتكە باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭغا شېئىر ئوقۇتۇشتا شائىرنىڭ دۈشمەنلەر ئالدىدا قىلچە دۈدۈقلىمايدىغان قەيسەر ئىرادىسىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شائىر ئۈچۈن «شېئىر» يېزىپ بەرگەنلىكى ۋە بۇ «شېئىر»نى ئۇنىڭغا ئورۇنسىز ئوقۇتقانلىقى ئۈچۈن، قەھرىمان ئوبرازىنىڭ چىنلىقىغا، مۇكەممەللىكىگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويغان. روماندا بۇنداق ئەھۋال خېلى كۆپ يەردە ئۇچرايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە، جۈملىدىن روماندا خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن ئورۇنلۇق ھەم ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ئارقىلىقمۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، ئەلبەتتە. لېكىن يازغۇچىنىڭ رومانغا ئۆزى بىلىدىغان ياكى چالا ئاڭلىغان بارلىق ماقال-تەمسىللەرنى كەلسە-كەلمەس قاچىلىشى ھەرگىزمۇ ياخشى ئادەت ئەمەس. ھازىر بىزنىڭ رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن بەزى يازغۇچىلىرىمىزدا دەل مۇشۇنداق بىر خىل ئادەت پەيدا بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، سۆز ئويۇنىغا بېرىلىش، خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ ياكى بۇزۇپ، رومانغا زىيادە ھەم ئورۇنسىز سۆرەپ كىرىش روماننىڭ بەدىئىي قىممىتى بىلەن بەدىئىي تەسىرچانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرماي قويمايدۇ.

ماقال-تەمسىل روماندا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالا-

ھەدىلىگىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىردىنبىر نەڭگۈشتەر ئەمەس. چۈنكى رېئال تۇرمۇشتىكى بەزى ئادەملەر گەرچە ماقال-تەمسىللەرنى كۆپرەك قوللىنىپ سۆزلەشكە ئامراق بولسىمۇ، لېكىن بىز كۆرۈپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دېئالوگىمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە قوللىنىلىدىغان خىلمۇ خىل بەدىئىي ۋاسىتىلارنىڭ پەقەت بىر تۈرىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، كىتابخانلار ئۇنىڭ تەركىبىدە چەزمەن ماقال-تەمسىل بولۇشىنى تەلەپمۇ قىلمايدۇ. قىسقىسى، نورۇنلۇق، توغرا ھەم جايىدا ئىشلىتىلگەن ماقال-تەمسىللەر پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ مەلۇم تەرىپىنىلا يورۇتۇپ بېرىش رولىنى ئوينىيالايدۇ. لېكىن ھازىر بىزدە پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ماقال-تەمسىل ئارقىلىق سۆزلەشكە زورلايدىغان بىر خىل ناچار خاھىش خېلىلا باش كۆتۈرۈپ قالدى. قېلىپبازلىقنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدىغان بۇ خىل كېسەلنى ۋاقتىدا تۈزەتمىسەك، رومانچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا داۋاملىق زىيان سېلىش تۇرغان گەپ.

«چالا تەككەن ئوق» رومانىدا نورۇنسىز ھەم بۇزۇپ ئىشلىتىلگەن ماقال-تەمسىللەر ئاز ئەمەس. مەن بۇ يەردە پەقەت روماندا يارىتىلغان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى سۈنئىيلىككە، مەنتىقىي ئېنىقسىزلىققا گىرىپتار قىلغان بىر قىسىم ماقال-تەمسىللەر ئۈستىدىلا توختىلىمەن.

يازغۇچى دەھشەتلىك ئىقتىسادىي ھەم مەنىۋى زىيانكەشلىك تۈپەيلىدىن قاتتىق ھالسىراپ كېرەكتىن چىققان شەمشىدىننىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەشتە تىل سەنئىتىگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى، جۈملىدىن بىر

قانچە ماقال-تەمسىلنى پۈتۈنلەي ئورۇنسىز قوللانغانلىقى
ئۈچۈن، بۇ ئوبراز كىتابخانلارغا چىنلىق تۇيغۇسى بېرەلمەيدى-
غان سۈنئىي گەۋدىگە ئايلىنىپ قالغان.

يازغۇچى بىر دەم «شەمشىدىن ھەتتا تىزەكلىرىمۇ ئاياپ،
تولا چاغلاردا بالىخانا دېرىزىسى يېنىغا كېلىۋېلىپ ئاپتاپ
سۈنۈپ مىسكىن ھالدا ئولتۇراتتى» (48-بەت) دەپ يازسا،
بىر دەم ئۇ «بارنى ئايىماي، يوقىغا كايىماي، كۈن
ئۆتكۈزەتتى» (53-بەت) دەپ يازىدۇ. «ھەتتا تىزەكلىرىمۇ ئاياپ...
ئاپتاپ سۈنۈپ...»كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر يوقسۇلنى «بارنى
ئايىماي... كۈن ئۆتكۈزەتتى» دېسە بولامدۇ؟!

ئەمدى بىز شەمشىدىننىڭ شۇكۈنلەردىكى ئەھۋالى تەسۋىر-
لەنگەن تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇپ باقايلى:

«شەمشىدىن دەرد-ئەلەم دەستىدىن يارغانىنى ئاچىرلىنىپ ياراتتى.»
(47-بەت) «...ئۇ ۋاقتىدىن بۇرۇن ھالىدىن كېتىپ، يۈزلىرىگە قاتمۇ قات
ئورۇق چۈشۈپ، تېنى بوشاشماقتا ئىدى.» (54-بەت) «ۋاقىت ئۆتكەنسېرى
شەمشىدىننىڭ روھىي ھالىتى بۆلەكچە ئۆزگىرىپ، «كېچىسى چۈشلۈگەك، كۈندۈزى
ئۆزلىگەك»، بولۇپ قالدى. ئۇ، ئازابتا بۆكچۈلگەنىدى»، «راست، دېمىسىمۇ
ئۇ ھازىر دەرد-ئەلەمنىڭ دەستىدىن سەۋدايى بولۇپ قالاي دېگەنىدى.
بولۇپمۇ كېيىنكى كۈنلەردىن بۇيان كېچىسى «ئوغرى يولدا قوياد، قاراقچى
چۆلدە» دەپ چۈشلەپ، ئالە-پەرياد قىلاتتى» (56-بەت) «شەمشىدىن مۇشۇن-
داق چۈشلەپ ئۇخلىيالمايتتى. ئەتىسى يۈز — كۆزلىرى ئىششىپ، كالپۇكلىرى
قۇقاق يارىسى بىلەن قاپلىنىپ كېتەتتى — دە، بىھوش بولۇپ ئىڭراپ ياتاتتى»،
«ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ روھىي ئازابىنى «بالىلىرىمنىڭ دىلى بەرھەم يېمىسۇن» دەپ،
يەنىلا يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى. دۇئا بولىدىكەن كۆپ چاغلاردا دادىسىدىن خاتىرجەم
بولۇپ، خېلى ئۈمىدۋار ئىدى. ئۇ پەقەت ئىريانىنىڭ ئوتىدىلا ئۆرتىنەتتى. ئۇ
ھەر كېچىسى باشقىچە دېرىن چۈشلىرى بىلەن راھەتلىنەتتى» (57-بەت).

بىر مەزمۇن ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق
قايتا-قايتا تەكرارلانغان، زىددىيەتبىلەن تولۇپ-تاشقان ھەم

بىر - بىرىنى ئىنكار قىلمايدىغان بۇ جۈملىلەرنىڭ زادى قايسى-لىرى راست؟ كۈندۈزى بىھۇش بولۇپ ئىڭراپ ياتقان، يۈز - كۆزلىرى ئىششىپ، كالپۇكلىرى قوقاق بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ روھىي ئازابىنى بالىلىرىدىن يوشۇ-رۇپ ساقلىيالامدۇ؟! دادىسى كېچىسى جۆيلۈپ، نالە-پەرياد قىلىۋاتقان قىزىنىڭ ھەر ئاخشىمى پەقەت باشقىچە شېرىن چۈش-لىرى بىلەنلا راھەتلىنىپ، يارىنىڭ ئوتىدىلا ئۆرتىنىشى مۇمكىنمۇ؟!

يازغۇچى شەمشىدىن بىلەن چولپان ئوبرازى ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتكەندە، يەنە بەزىبىر نۇقسانلارغىمۇ يول قويغان.

تاغدا لۇتپۇللا بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان ئىرپان بىر قېتىم شەمشىدىن ئائىلىسىگە ئىككى يۈز كويچە نەق پۇل ۋە چولپانغا «مەخسۇس خەت» ئەۋەتىدۇ.

ياردىم بۇ سالامنى،
«نەيدۇللا» دېگەن تاغدىن؛
كۈن - تۈن كۈيىمەن ئوتتا.
ئايشۇ ئايرىلغان چاغدىن.
ئاسماندا قاراپ ئاخشام،
چولپان ئىزلىدىم تاغدا.
بىلمەي يۈرىكىم قايتۇ،
ساماۋاردىكى داغدا.
ئاھۇنىڭ كۆزى ئويناق،
سىزنىڭ كۆزىڭىز شۇنچە؛
قانداق تۇگمەي كىزلەر،
سىز قايتىپ كۆرۈشكىنچە.

دېگەن سىزىكنى قوشاقلىرى يېزىلغان بۇ خەتنى دەسلەپ چولپان ئۆزى يالغۇز ئوقۇپ، خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا

پاتماي قالىدۇ. خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچى ئايال كەينىدىنلا خەت-
خالتىسىنى چولپاننىڭ دادىسىغا ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ. ھايالىق
چولپان بولسا، ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقىپ، ئاستا مارىلاپ
دادىسىنىڭ ھالىتىنى كۆزىتىدۇ. شەمشىدىن ۋاپادار ئوقۇغۇچىسى
ئىرپاننىڭ خېتىنى ئوقۇپ، چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ،
ئۇزۇن دۇئا قىلىپ، بىردىنلا تېتىكلىشىپ كېتىدۇ.

يازغۇچى ئىرپاننىڭ بۇ ئۆيگە ئىككى يۈز كويچە نەق
پۇل بىلەن چولپانغا بېغىشلانغان «مەخسۇس خەت» نىلا ئەۋەت-
كەنلىكىنى يازغان، لېكىن ئىرپاننىڭ شەمشىدىنگىمۇ ئايرىم
خەت يازغانلىقىدىن كىتابخانلارنى خەۋەردار قىلمىغان، شۇڭ-
لاشقا بىز خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچى ئايالنىڭ شەمشىدىنگە ئىككى
قوللاپ سۇنغىنى ئاشۇ «مەخسۇس خەت» دەپ ئويلايمىز-دە،
چولپان بىلەن دادىسىنىڭ بۇ خىل قىلىقىدىن ئىختىيارسىز
نارازى بولىمىز. چۈنكى بۇ ئىش ئويغۇر خەلقىنىڭ ئەخلاق
چۈشەنچىسىگە زادىلا ئويغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىرپان-
نىڭ چولپانغا ئەۋەتكەن سۆيگۈ قوشىقىدا ئاسمانغا ئاخشام
قاراپ، چولپاننى تاڭدا ئىزلىدىم دېيىشىمۇ ئادەمنىڭ كۈلكى-
سىنى قىستايدۇ.

ئىرپان تاغدىكى چاغدا شەمشىدىن نەسىردىن كارۋان
بېشىنىڭ چولپان ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنى قەھرو غەزەپ
بىلەن ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. لۇتپۇللا بىلەن ئىرپان
تاغدىن چۈشۈپ، كەككە ساقاللىق كىشىدىن شەمشىدىننىڭ
ھازىر سەۋدايى بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. لۇتپۇللانىڭ
ئۆزىمۇ ئەدلىيە مەھكىمىسىدە شەمشىدىننىڭ ئەقلىي-ھوشى
ھازىر جايىدا ئەمەسلىكىنى، جاۋاپكار نەسىردىن قاتارلىقلارنىڭ
ئۇۋال قىلىشى نەتىجىسىدە روھىي كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى

ئېيتىدۇ، لېكىن ئەسىرىدىن ئەدلىيە مەھكىمىسىدە بەرگەن ۋەدى-
سىدە تۇرماي، چولپانلارنىڭ ئائىلىسىگە يېڭىدىن بېسىم ئىش-
لىتىشكە باشلىغان چاغدا، شەھىشىدىن بىردىنلا ساقىيىپ،
باشتىن - ئاياغ چىڭ تۇرۇپ كەلگەن ئەقىدىسىدىن بىردەمدىلا
يېنىپ، قىزىنى ئەسىرىدىنگە تېگىشكە زورلايدۇ. شەھىشىدىن
خاراكتېرىدىكى بۇ خىل مەنتىقىسىزلىق كىتابخانلارنى ئىختىيار-
سىز ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

يازغۇچى كىتابخانلارغا زامانىقۇلنىڭ تارىخىنى تونۇش-
تۇرۇۋېتىپ: «‹بۆرىسى يوق جاڭگالغا مايمۇن پادىشاھ›، دېگەن-
دەك، ئۇ بىردىنلا بۇ شەھەرنىڭ نوچىسى بولۇۋالدى» دەپ
يازىدۇ. پۈتۈنلەي نورۇنسىز ئىشلىتىلگەن بۇ ماقالۇ زامانىقۇلدىن
ئىبارەت بۇ پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكى
بىلەن ئەينى يىللاردىكى ئۈرۈمچىنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنى
توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەن. غالجىرلاشقان ئەكسىيەت-
چىلەرنىڭ ئىلغار كىشىلەرگە قارشى دەھشەتلىك زىيانكەشلىكى
ئەۋجىگە چىققان 40 - يىللاردىكى ئۈرۈمچىنى قانداقمۇ «بۆرىسى
يوق جاڭگال» دېگىلى بولسۇن؟! ئىككى قولى سەئىدى،
ھاشىمجان، جەۋلانى قاتارلىق نەچچە يۈزلىگەن مائارىپچىلار
بىلەن زىيالىيلارنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان ۋە مۇشۇ
«چوڭ نوچىسى بىلەن ئۆمۈرۋايەتلىك دەسمايە» گە ئىگە
بولىۋالغان، «يولۋاسنىڭكى كۈچلۈك، پۈتتىمكى چىلىك، مەخپىي
يان قوراللى بار»، قانخور ئىشپىيون زامانىقۇلنىڭ ئۆزىلا ئادەم
سىياقىدىكى بىر ۋەھشى چىلبۆرە ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭدا ھەم
تۈلكە ھەم بۆرە تەبىئىتى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! قىسقى-
سى، نورۇنسىز ئىشلىتىلگەن بۇ تەمسىل باشتا ئېيتىلغان بىر
مۇنچىلىغان گەپلەرنى ئىنكار قىلىۋەتكەن. مانا بۇنىڭدىن

شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ماقال-تەمسىللەرنى قالايمىقان ھەم ئورۇنسىز ئىشلىتىش رومان ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق.

يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى كىتابخانلارنى خىلمۇخىل تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن، خىلمۇخىل تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالىدىن خەۋەردار قىلىش ئەمەس. چۈنكى ئۇلار تارىخ بىلىملىرى بىلەن، خىلمۇخىل تارىخىي ھۆججەتلەر، تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەزكىرىلىرى ياكى تارىخ كىتابلىرى ئارقىلىق تونۇشۇۋالالايدۇ. رومان تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ياكى مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى بىۋاسىتە تارىخ سۆزلەش شەكلى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى كونكرېت تىپىك ئوبرازلار، جانلىق تىپىك خاراكتېرلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىدۇ. كىتابخانلارغا كۆپلۈك ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغان يېرىك ئىپىك ئەسەر بولغاچقا، يازغۇچىنىڭ قەلىمى باشتىن-ئاياغ پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت تۇرمۇش بىرلىكى بىلەن جانلىق ھەم تىنىمسىز ھايات پائالىيىتىدىن چەتنىمەسلىكى قاتتىق تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، پېرسوناژلار قالايمىقان ۋەقەلەر دۆۋىسى ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالىدىغان، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلمەي قالىدىغان، ئەسەرنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى، بەدىئىي تەسىرچانلىقى ئاجىزلىشىپ كېتىدىغان بىنورمال ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ-دە، رومان ئىجادىيىتىنىڭ تۈپكى رولى تولۇق ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ.

پېشقەدەم يازغۇچى تۇردى سامساقنىڭ «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ناملىق تۇنجى رومانىدا دەل مۇشۇ جەھەتتە بەزىبىر ئاجىزلىقلار مەۋجۇت. يازغۇچى «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانى ئارقىلىق شىنجاڭ رايونىدا 40-50-يىللاردا يۈز بەرگەن

مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەرنى، جۈملىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى-
نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى يورىتىپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي
غايىسى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلىمى بەزىدە ئەسەر
قەھرىمانى ئابدۇراخمان بىلەن گۈلقىزنىڭ كونكرېت تۇرمۇش
بىرلىكى بىلەن جانلىق ھايات پائالىيىتىدىن چەتنەپ ياكى
يىراقلىشىپ، بىۋاسىتە زور تارىخىي ۋەقەلەرنى، جۈملىدىن جەڭلەرنى
تەسۋىرلەش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، بۇ رومان خۇددى بىر دە-
رىجە مۇخبىرنىڭ جەڭ خاتىرىسىگىلا ئوخشاپ قالغان.

شىنجاڭدا 40 — 50 — يىللاردا يۈز بەرگەن زور تارىخىي
ۋەقەلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ماھىيىتىنى
ئوبراز ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن
يازغۇچى ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ بىرسىنى، يەنى گۈلقىزنى
ئەسەردىكى ئاساسىي ۋەقەلىك يۈز بەرگەن داكاندىن يىراقلا
ئايرىپ، ئىچكىرى ئۆلكىگە يولغا سېلىۋېتىدۇ. ئالتاي، غۇلجا،
ساۋەنلەردە يۈز بەرگەن بىر مۇنچىلىغان ۋەقەلىكلەر روماننىڭ
باش قەھرىمانى ئابدۇراخماننىڭ كونكرېت، جانلىق ھايات
پائالىيىتى بىلەن مەھكەم باغلانماي، بىۋاسىتە ۋە توغرىدىن-
توغرىلا بايان قىلىنىدۇ. ۋەقەلەرنىڭ ئارىسىدا ئابدۇراخماننىڭ
قىياپىتى بەزى-بەزىدە كۆرۈنۈپمۇ قالىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئىسيان كۆ-
تۈرگەن بىر نەچچە يۈز يىگىتنى باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت پارتىزان-
لىرىغا قوشۇلغانلىقىدىن، خىزمەت دەرىجىسى بارغانسىرى
ئۆسۈپ، مېدال، ئوردېنلىرى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقىدىن
خەۋەر تاپساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تىپىك خاراكتېرى
روشەن ئېچىپ بېرىلمىگەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز.
شۇڭلاشقا بۇ ئوبراز قەلبىمىزدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرالمايدۇ.
روماندا سادىق، دىدىل ۋە لىتەپجان قاتارلىق پېرسو-

ئاۋلارنىڭ پائالىيىتىنى تەسۋىرلەشكە خېلى كەڭ سەھىپە ئاجرى-
تىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پائالىيىتى بىلەن ئەسەر
قەھرىمانلىرىنىڭ پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئورگانىك باغلىنىش
كەم، ھەتتا يوق دېيەرلىك. كىتابخانلارغا خۇددى ئەسەر
قەھرىمانلىرىدەكلا تەسىرات بېرەلەيدىغان دەدىل قاتارلىق بۇ
پېرسوناژلار روماندا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن
بىرى پاجىئەلىك تۈردە ئۆلۈپ تۈگىگەچكە، روماندا ئۈزۈلۈش
پەيدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ رومان كىتابخانلارغا خۇددى ئىككى
پارچە ئەسەرنىڭ بىرىكمىسىدەكلا سېزىلىدۇ. بۇ ھال رومانىنىڭ
قۇرۇلمىسى بىلەن سيۇژېتى تولۇق پىشمىغانلىقىنى، روماندا
ئاجرالماس بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدە تولۇق ھاسىل قىلىنمىغ-
انلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ناملىق روماندا
كۆرۈلگەن بۇ خىل ئەھۋال ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ پائالىيىتىنى
كەڭ بەدىئىي سەھنىدە يورۇتۇپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچى-
لىكىنى گەۋدىلىك ئىپادىلەشكە مۇئەييەن تەسىر يەتكۈزگەن.

ھازىر بىزنىڭ پروزىچىلىقىمىزدا، جۈملىدىن رومانچى-
لىقىمىزدا سەت ئېغىز-بۇرۇن، كۆز-قۇلاق، پۇت-قول، قاملاش-
مىغان كېيىم-كېچەك، توپال، سەت ئىسىم، ناچار مىجەز-خۇلۇق-
لارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت سەلبىي پېرسوناژلارغىلا ئاتايدىغان بىر خىل
قېلىپبازلىق مەۋجۇت. «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ناملىق رومانمۇ
بۇ خىل ئەندىزىچىلىكتىن خالىي ئەمەس.

جەمئىيەتتىكى بۇزۇق، ئەكسىيەتچى، زالىم شەخسلەرنىڭ
ھەممىسىلا «ئالغاي»، «ياغاق يۈز، چاپاق، كۆز»، «يوغان باش
يالپاق بۇرۇن، چەقىر كۆز»، «چاڭقا باش، شوينا بەل، سويما
چىراي، بەئەينى ياچمۇقكە ئوخشاش ئۈززۇنتارا»، «دوك»، «سو-
قا يۈز، ياپما قاپاق، شادا پاچاق»، «ئاۋاق، ئورا كۆز»... بو-

ئوشى ئاتايمەن. چۈنكى ئىنساننىڭ خاراكتېرى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ چىراي شەكلىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق ئەمەس. ئىنساننىڭ تاش- قى خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدىغان خاراكتېر، ئەمەلىيەتتە، ئىنتا- يىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئىنسان روھىي دۇنياسى- نىڭ ماھىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ياخشى ئادەملەرنىڭ رو- ھىي دۇنياسىغا بەزىبىر سەلبىي تەركىبلەرمۇ يوشۇرۇنىدىغانلى- قىنى، شۇنداقلا يامان ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا بەزىبىر ئىجابىي تەركىبلەرمۇ يوشۇرۇنىدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قى- لىش، ئەمەلىيەتتە ئىنسان خاراكتېرىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش بو- لىدۇ. مۇنداق ئەسەرلەردە خۇددى تۇرمۇشتىكىدەك تەبىئىي، جانلىق ئىشىنەرلىك پېرسوناژلارنىڭ يارىتىلىشى تەس.

بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىز پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى- نى ئۇلارنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشىغا، مىللىتىگە، يۇرتىغا قاراپ بەلگىلەشكە، پېرسوناژلارنىڭ چىرايىنى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە قا- راپ ياساشقا، پېرسوناژلارنىڭ نامىنى ئۇلارنىڭ ياخشى-يامان- لىقىغا قاراپ قويۇشقا، شۇنداقلا دۇنيادىكى بارلىق ئەسكىلىك- نى پەقەت سەلبىي پېرسوناژلارغىلا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە ئادەت- لىنىپ قالغانىدى. ئۇلار ياراتقان پېرسوناژلار كىشىگە يات ھەم سۈنئىي تۇيۇلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا چىرايى سەت كىشىلەرنىڭ ئىچىدە قەلبى گۈزەل كىشىلەرنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى، چىرايى قاملاشقان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە قەلبى خۇنۇك كىشىلەرنىڭمۇ بولى- دىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ ياخشى-يامانلىقى ئۇنىڭ ئىسمى-فا- مىلىسىگە باغلىق بولمايدىغانلىقىنى، ھەر قانداق ياخشى ئا- دەمنىڭمۇ بەزىدە مەلۇم سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزۈپ قويىدىغانلى- قىنى ئېنىق بىلىدىغان يازغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز قەھرىمان- لىرىنى ياراتقاندا تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىل-

مايدىغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

ئىنساننىڭ تۈپكى خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدىغان خاراكتېر خاسلىقى، مۇرەككەپلىكى، كۆپ تەرەپلىمىلىكى، نىسپىي مۇقىملىقى ئىگە بولغاچقا، رومان ئىجادىيىتىدە ئۇنى توغرا ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش يازغۇچىدىن تۇرمۇشقا سادىق بولۇشنى جەمئىيەتتىكى خىلمۇ خىل شەخسلەرنىڭ مىجەز- خۇلقىنى ئىنچىكە كۆزىتىشنى، يېتەرلىك بەدىئىي ماھارەت ئىگىلەشنى، ئىنتايىن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشنى ۋە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى تىپىك خاراكتېر تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. رېئال تۇرمۇشتىكى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى بولسا بىر - بىرسىدىن روشەن پەرق قىلىدۇ. يېتەرلىك بەدىئىي ماھارەت بولمىسا، بىر - بىرسىدىن پەرقلىنىدىغان بۇ خىل خاراكتېرلارنى تىپىكلەشتۈرۈپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى بىلەن قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. روشەن خاسلىققا ئىگە تىپىك خاراكتېرلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىش- يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى يېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى. جاپا- مۇشەققەتتىن قورقماي، ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگەن يازغۇچى بۇ خىل ماھارەتنى چەزمەن ئىگىلىيەلەيدۇ. ماھارەتلىك يازغۇچى ياراتقان تىپىك خاراكتېرلار رومانغا چەكسىز ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. دۇنيادا تىپىك خاراكتېرلار يارىتىلمىغان بىرمۇ مەشھۇر رومان يوق. بۇ خىل ھادىسە ئەدەبىياتنىڭ كىشىلەرنى ھاياجانلاندۇرۇش، تەسىرلەندۈرۈش ۋە تەربىيىلەش رولى پەقەت جانلىق، كونكرېت ھەم تىپىك ئوبرازلار ياكى خاراكتېرلار ئارقىلىقلا ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى خاراكتېر ئۈستىدە ئىشلەشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ۋەزىپە-

گە سەل قارىغان ياكى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان، يازغۇچى مەيلى
قانداقلا تىرىشىپ مۇراجىئەت قىلمىسۇن، بەرىبىر مەغلۇبىيەتتىن خا-
لى بولالمايدۇ. روماندا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكلەر ھەر قان-
چە ئەھمىيەتلىك بولمىسۇن، ھەتتا بىر مەزگىل كىشىلەرنى ئۆزى-
گە جەلپ قىلالىسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇنىڭ ئاي-
لا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. تىپىك خاراكتېرلار بولسا، كىشى-
لەرنىڭ ئېسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش-
نى ئۆزگەرتىشىگە ھەم يېتەكلىشىگە ئىلھام بېرىدىغان قۇدرەتلىك
مەنىۋى كۈچكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا بىز رومان ئىجادى-
يىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يازغۇچىلىرىمىزدىن ئۆزلىرىنىڭ
پۈتكۈل زېھنى كۈچىنى تىپىك خاراكتېر يارىتىشتىن ئىبارەت
مۇشۇ ھالقىلىق مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، بەدىئىي غايىسىنى ئو-
ڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

بىز ئادەتتە بەزى يازغۇچىلارنىڭ ياكى ھەۋەسكارلارنىڭ
ئاغزىدىن «مەندە ھازىر رومان قىلىپ يازغۇدەك ۋەقەلىك بار،
لېكىن يېزىشقا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن» دېگەنگە ئوخشاش
گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمىز. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ رومان ئىجادى-
يىتىنى بەكمۇ ئاددىي چاغلاۋاتقانلىقىنى، ۋەقەلىك بولسىلا، رو-
ماننى چوقۇم ئوبدان يېزىپ چىققىلى بولىدۇ، دەپ قارايدى-
غانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. مېنىڭچە، رومان ئىجادىيىتى-
گە كىرىشكەن ياكى كىرىشمەكچى بولىۋاتقان ھەر بىر ئاپتورنىڭ
ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىدە رومان يازغۇدەك، بولۇپمۇ تىپىك
خاراكتېرلارنى يارىتالىغۇدەك بەدىئىي ماھارەتنىڭ يېتىلگەن يا-
كى يېتىلمىگەنلىكى ئۈستىدە ئەستايىدىلراق، ئەتراپلىقراق باش
قاتۇرۇپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ماھارەتنى
يېتىلدۈرمەي تۇرۇپ، ھەر قانداق مول ۋە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر-

دىنمۇ ئۆتۈملۈك پايدىلانغىلى بولمايدۇ.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ رومان ئىجادىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتى تىپىك خاراكتېر يارىتىشنىڭ ئۆت- چىۋالا ئوتتاي ئەھمىيەتلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىزدە ھازىرغىچە يېزىل- غان ئون نەچچە رومانىنىڭ ئىچىدە تىپىك خاراكتېر يارىتىلغان- لىرى ناھايىتى ئاز. مېنىڭچە، ياش رومانچىلىقىمىزدا ئىپادى- لىنىۋاتقان بۇ خىل ئاجىزلىقنى پەيدا قىلىۋاتقان ئاساسلىق سەۋەبلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى ئاپتورلىرىمىزنىڭ تىپىك خاراكتېر يارىتىشنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى دېگەندەك روشەن ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ پىكرى، كۆپ ھاللاردا، كىتابخانلارغا رومان ۋەقەلىكىنى بايان قىلىپ بېرىشكىلا مەركەزلىشىپ قالىدۇ ياكى ئۇلار ئەسەر قەھرىمانلىرى- نىڭ كونكرېت ھايات پائالىيىتىنى تەسۋىرلەشكە، بولۇپمۇ ئۇلار- نىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنى يارىتىشقا يېتەرلىك سەھىپە ھەم زېھنى كۈچ ئاجراتمايدۇ. نەتىجىدە ئۆزى يارىتىۋاتقان قەھرىمانىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئۆزى چۈشەنمەيدىغان، ئۆز قەھرىمانلىرىنى قىلمىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارغا زورلاپ، كى- تابخانلار ئالدىدا كۈلكىگە قويىدىغان بىنورمال ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ.

ئىككىنچى، يازغۇچى بىلەن يازغۇچى تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەسەر قەھرىمانىنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى ئاتا-ئانا بىلەن پەر- زەنتىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان پەرزەنتلەرنىڭ خاراكتېرىمۇ، تەقدىرىمۇ ئوخشاش بولماي- دۇ. ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قانداق ئۆسۈپ-يېتىلى- گەنلىكىنى، مىجەز-خۇلقىنى باشقا ھەر قانداق كىشىگە قارىغان- دا ئوبدانراق بىلىدۇ. يازغۇچىمۇ ئەنە شۇنداق قابىلىيەت

بولۇشى كېرەك. ئۇ ئۆزى يارىتىۋاتقان قەھرىمانلارنى خۇددى ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى چۈشەنگەندەك چۈشىنىشى لازىم. چۈنكى ئۆزى تاپقان پەرزەنتىنىڭ مىجەزىنى چۈشەنمەيدىغان ئاتا-ئانىنى كىشىلەر ھەرگىزمۇ ماختىمايدۇ، بەلكى ئەيىبلەيدۇ. يازغۇچىنىڭ ئەھۋالىمۇ خۇددى شۇنداق. ئەگەر ئۇ ئۆزى يارىتىۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق بىلمىسە ياكى ئۇنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسە، كىتابخانلارمۇ ئۇنى تەنقىدلەشكە تامامەن ھەقلىق.

ئىككىنچى، بەزى ئاپتورلار تىپىك خاراكتېر يارىتىش رومان ئىجادىيىتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيدۇ، لېكىن يېتەرلىك بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە ئەمەس. روماندىكى ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ، بولۇپمۇ باش قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى روشەن خاسلىققا ئىگە قىلالماسلىق بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى. مەلۇمكى، خاراكتېر خاسلاشمىسا، پېرسوناژ ئوڭايلا سۈنئىيلىككە، جانسىزلىققا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىگە خاس خاراكتېرغا ئىگە بولمىغان پېرسوناژ، ئەمەلىيەتتە، ئۇقۇملاشتۇرۇشنىڭ ياكى تەقلىدچىلىكنىڭ مەھسۇلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن تىپىكلىكىنى ياكى ئۇنىڭ خاسلىقى بىلەن ئورتاقلىقىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش، ھەتتا قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويۇۋېلىش تامامەن خاتا. خاسلىق قانچە گەۋدىلىنىدىكەن، پېرسوناژ شۇنچە تىپىكلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورتاقلىقىمۇ شۇنچە گەۋدىلىنىدۇ. ھەر قانداق خاسلىق تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ھەر قانداق ئورتاقلىق پەقەت مۇئەييەن خاسلىق ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىز، ئادەتتە، خاراكتېر ئۈستىدە توختالغاندا، ئاساسلىقى، ئۇنىڭ خاسلاشقان ياكى خاسلاشمىغانلىقىغا قارايمىز.

يازغۇچى پېرسوناژ خاراكتېرىنى روشەن خاسلىققا ئىگە قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بىلەن ماھىيىتىنى مەلۇم تەرەپتىن يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان سان-ساناقسىز سۆز-ھەرىكەت، خىيال ۋە كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە ماھىيەتلىك تەرەپلەرنىلا تاللىۋېلىپ ۋە پىششىق تاۋلاپ، خاسلىقنى ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ خىل خاسلىق بىر تەرەپتىن پېرسوناژنى جانلىقلىققا، تەبىئىيلىككە، چىنلىققا ھەم ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچىنىڭ بەدىئىي غايىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

بەزى يولداشلار پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر خاسلىقىنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك بەدىئىي ۋاسىتىسى روھىي ھالەت تەسۋىرىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، بۇ خىل قاراشتا بىر ئاز بىر تەرەپلىمىلىك بار. چۈنكى يازغۇچىلارنىڭ خاراكتېر يارىتىش سەنئىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر پورترېت تەسۋىرىگە، بەزىلەر دىئالوگ تەسۋىرىگە، بەزىلەر ھەرىكەت تەسۋىرىگە، بەزىلەر روھىي ھالەت تەسۋىرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدۇ. بۇ خىل بەدىئىي ۋاسىتىلارنىڭ بەزىلىرىنىلا تەكىتلەپ، بەزىلىرىگە سەل قاراش ياكى يازغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر تۈرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشكە قىستاۋېرىش خاراكتېر يارىتىشنىڭ يېڭى قېلىپىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا يازغۇچىلارنى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر خاسلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ

بېرەلەيدىغان خىلمۇ خىل بەدىئىي ۋاسىتىلاردىن ئۈنۈملۈك ھەم تولۇق پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا ئىنتىلمالاندۇرغان ياخشى. ھەركىم ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى ھەم ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرسە، تىپىك خاراكتېر يارىتىشنىڭ خىلمۇ خىل يوللىرى ئېچىلىدۇ، خىلمۇ خىل ئۇسلۇبلار مەيدانغا كېلىدۇ. بىزدە دېتاللىق تەسۋىردىن پايدىلىنىپ، تىپىك خاراكتېر يارىتالايدىغان تىل سەنئەتكارلىرىمۇ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق كىتابخانلار قەلبىنى زىلزىلىگە سالالايدىغان پسىخىك تەسۋىر ماھىرلىرىمۇ، ئوبرازلىق تىل ۋاسىتىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ تىپىك بەدىئىي سۈرىتىنى سىزىپ بېرەلەيدىغان ئۇستا رەسساملارمۇ، پېرسوناژلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قانداق خاراكتېرگە ئىگە شەخسلەر ئىكەنلىكىنى كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ماھارەت ئىگىلىرىمۇ كۆپلەپ يېتىلسە، رومانچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىن تېخىمۇ زور ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ماھارەتلىك يازغۇچى خاراكتېر يارىتىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەرقاندىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدۇ.

ئۈچىنچى، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز تىپىك خاراكتېر يارىتىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا مەيدانغا چىققان ئىجابىي ھەم سەلبىي تەجرىبە-ساۋاقلارنى ۋاقتىدا ھەم ئەتراپلىق يەكۈنلەپ تۇرالمىغاچقا، رومانچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا دېگەندەك ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب يەنىلا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە، جۈملىدىن رومان ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىرىگە سەل قاراش ۋە توغرا تەنقىدنىمۇ قوبۇل قىلمايدىغان ناتوغرا كەيپىياتنىڭ ئە-

جادىيەتچىلەر قوشۇنىمىز ئىچىگە خېلىلا يامراپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت. مېنىڭچە، بۇ خىل ناتوغرا كەيپىياتنى يەڭمەي تۇرۇپ ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلماي تۇرۇپ، تىپىك خاراكتېر يارىتىش مەسىلىسى ئۈستىدىكى پايدىلىق ئىلمىي مۇھاكىمىنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا نورمال قانات يايدۇرغىلى بولمايدۇ.

مەلۇمكى، ئەدەبىي تەنقىد بىلەن رومانچىلىق قوشكېزەك، سەپداش، ئۇلار بىر - بىرىنى يېتەكلەيدۇ ھەم بىر - بىرسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يازغۇچىلار يازغان رومانلار ۋە ئۇلاردا يارىتىلغان خاراكتېرلار توغرىسىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چۈنكى يازغۇچىلارغا بېرىلگەن ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلەرگىمۇ بېرىلگەن. ساغلام قانات يايدۇرۇلغان ئىلمىي مۇھاكىمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى نەتىجىسىدە، رومانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ھەم يېتەرسىزلىكلىرى، جۈملىدىن ئۇلاردا يارىتىلغان خاراكتېرلارنىڭ تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن- كۆتۈرۈلمىگەنلىكى بەرىبىر ئايدىڭلىشىدۇ. بۇ خىل ئىلمىي مۇھاكىمە رومانچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى توغرا يەكۈنلەپ، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن پايدىلىق. شۇڭلاشقا ھەر قانداق يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەسىرى ئۈستىدە قانات يايغان نورمال ئىلمىي مۇھاكىمىدىن چۆچۈپ، ئەنسىرەپ كېتىشى ھاجەتسىز. ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى ماختىغانلارنىلا يېنىغا تارتىپ، تەنقىدلىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىلا چەتكە قاقىدىغان قىلىق، «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دېگەن شەرەپلىك نامنىڭ ئىگىسىگە قىلچە ياراشمايدۇ. بۇخىل قىلىق يازغۇچىنىڭ جەمئىيەتتىكى، كىشىلەر

ئارىسىدىكى ئابروينى تۆكمەي قالمايدۇ. قىسقىسى، ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان نەرسە تەنقىد ئەمەس، بەلكى تەنقىدتىن قورقۇش، تەنقىدنى بوغۇش ھەم مەزھەپچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش. بۇ خىل نا توغرا كەيپىياتنى تۈزەتمەگەندە، قايسى رومانلارنىڭ ياخشى يېزىلغانلىقىنى، قايسى رومانلارنىڭ ياخشى يېزىلمىغانلىقىنى ۋە قايسى رومانلاردىكى خاراكتېرلار تېپىكلەشتۈرۈلگەن ياكى تېپىكلەشتۈرۈلمىگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش قىيىنلىشىدۇ، توغرا بىلەن خاتالىق، ئاق بىلەن قارىنىڭ چەك - چېگرىسى ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

تېپىك خاراكتېر يارىتىلغان ياكى يارىتىلمىغانلىقى ئۇستىدىن ئەسەرنىڭ ھەجىمىگە قاراپ ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. «رومان» دەپ ئاتالغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدىلا تېپىك خاراكتېر بولىۋەرمەيدۇ، لېكىن بەزى يولداشلار بۇ نۇقتىغا بەكمۇ سەل قاراپ، كۆرۈنگەنلا پېرسوناژنى «تېپىك خاراكتېر» دەۋالىدۇ، ھەتتا ئەسەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلماي، بەلكى ئۇنىڭ ئاپ- تورىغا قاراپ، قارىسىغىلا كەپ قىلىدۇ، ياكى ئەسەردە يارىتىلغا خاراكتېرلارنى كەلسە - كەلمەس ماختاپ، بىراقلا ئەرشىئەلاغا چىقىرىۋېتىدۇ، ياكى ئورۇنسىز ئەيىبلەپ، بىراقلا تەكتى - تەسرا چۈكۈرۈۋېتىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان بۇ خىل يېتەرسىزلىكلەرمۇ رومان ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق.

خۇلاسىلىغاندا، تېپىك خاراكتېر يارىتىش مەسىلىسى رومان ئىجادىيىتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئورتاق مۇھاكىمە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا مەن يۇقىرىدا ئۆزەمنىڭ بۇ جەھەتتە ئويلىغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. يولداشلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## رومانچىلىقىمىزنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم

ماخمۇتجان ئىسلام

ئەسىرلەردىن بۇيان شېئىرىيەت جەھەتتىكى ئاجايىپ ئۇتۇقلىرى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ، بۇساھەدىكى نادىر ۋەكىللىرى بىلەن جاھان ئەدەبىياتى سەھنىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان پروزا ساھەسىدە مەزمۇت قەدەم بىلەن تېز ئىلگىرىلەپ ھېكايىچىلىق، پوۋېستچىلىقتىن رومانچىلىققا ئۆتتى. ئازادلىقتىن بۇرۇن لوتپۇللا مۇتەللىپ، ئەخمەت زىيائىيلارنىڭ رومان، پوۋېست يازغانلىقىنى ئاڭلىغان، بىراق، ئۇلارنى كەڭ جامائەت كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن نىم شېھىت، تۇرغۇن ئالماس، ئەرشىدىن تاتلىق، قەييۇم تۇردى قاتارلىقلار رومان يازغان ۋە يېزىشقا تۇتۇنغان بولسىمۇ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەنىدى. ئەدەبىياتىمىزدا پروزا ئاجىز ھالقا بولۇپ، يېزىلغان نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ سانى بارماق بىلەن سانىغۇچىلىكلا ئىدى. پەقەت يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، نەۋباھار قۇياشىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاشلا رومانچىلىق تېزدىن بارلىققا كەلدى ۋە دەسلەپكى مېۋىلىرى بىلەن دىلىمىزنى، خەلقىمىزنى خوش قىلدى. بەش ـ ئالتە يىل ئىچىدىلا ئار-

قا- ئارقىدىن ئون نەچچە رومان نەشر قىلىنىدى. رومانلىرىمىز-
نىڭ سانى تېخى ئاز، رومانچىلىقىمىز تېخى بىخ - نوتا ھالى-
تىدە بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ بۇ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيىتىمىز
بىزدە ئۈمىدلىك رومانچىلارنىڭ بارلىقىنى، رومانچىلىقىمىزنىڭ
پات ئارىدا گۈللەپ ياشنايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ كەڭ، پارلاق
ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى. ھازىر بىز كۆرۈپ
ئۆتكەن بۇ رومانلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، رومانچىلىقىمىزنىڭ
تېما دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولدى. ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش-
نىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلىقى ۋە مۇرەككەپلىكى جەھەتتىن ئالغاندىمۇ
تارىخىي تېمىدىن تارتىپ ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھە-
لىرىگە قاراپ يۈزلىنىش شەكىللەندى. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى
شۇكى، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئۆز رومانلىرىدا بىلىش قانۇنىيىتى
ۋە سەنئەت قانۇنىيىتىگە ئاساسەن يېڭىچە تىپ قاراشلىرىنى ئىش-
قا ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇلار ئىجادىيەت داۋامىدا ئابستراكت
ماھىيەت بويىچە ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ماھىيىتى بارلىق ئىج-
تىمائى مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى دېگەن تونۇش بويىچە، تۇر-
مۇشتىكى جانلىق تىپلارنى ئىزلىدى. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى-
نى ئېچىش، روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇشقا كۈچ سەرپ قىلدى.
دېمەكچى بولغان ئوي- پىكىرلىرىنى ئۇدۇللا بايان قىلىپ بې-
رىشتىن پېرسوناژلارنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىپا-
دىلەشكە يۈزلەندى. رومانلارنىڭ تىلىنى كاچىلداپ تۇرىدىغان
خام پىياز قىلىپ قويماي، ئالاھىدە پىششىقلاپ ئىش-
لەتكە، ئىمكان بار ئوبرازلاشتۇرۇشقا، ئاپتور تىلى
پېرسوناژ تىلىنى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇشقا تىرىشتى.
يورۇقى ھېكايە، پوۋېستلىرىمىزدا ئىپادىلەنگەن ۋەقەنىڭ
ئەگرى - توقايلىقى، مۇرەككەپلىكى، جىددىيلىكى، ئاجايىپ-

غارايىپلىقىنى قوغلىشىدىغان ئەھۋال ئۆزگەرتىلىشكە باشلىدى. رومانلىرىمىزدا خەلقىمىزنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەرگە خاس تۇرمۇشى خېلى كەڭ دائىرىدە تەسۋىرلەندى. خەلقىمىزنىڭ تارىخى بىرقەدەر چىنلىق بىلەن يورۇتۇلدى. شۇنداقلا، ئەھمىيەتلىك تارىخىي ۋەقەلەر روماننىڭ روھى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. بەزى رومانلاردىكى ۋەقەلىك كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتسە، بەزى رومانلاردا تىل ئالاھىدە گۈزەل، راۋان، جۇشقۇن ۋە لىرىك. بەزى رومانلاردىكى ئايرىم مۇلاھىزىلەر، ئايرىم بۆلەكلەر پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باي شېئىر مىسرالىرىغا، لىرىك نەسىرگە، تېپىككۈر جەۋھەرلىرىگە ئوخشايدۇ. بەزى رومانلاردا مىللىي تۇرمۇش، مىللىي- يەرلىك ئالاھىدىلىك بىر قەدەر ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلدى. بەزى رومانلاردا پېرسوناژلارنىڭ روھىي- ھالىتى، مىجەز- خۇلقى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، ھېس- تۇيغۇ، ئارزۇ- ئىستەكلىرى زوق- ھەۋەس بىلەن تەسۋىرلەندى. بەزى رومانلاردا مۇھىت، مەنزىرە تەسۋىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلدى ۋە ئۇلار ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ روھىي- ھالەت، ئىش- پائالىيەتلىرى بىلەن ياخشى بىرلەشتۈرۈلدى. بەزى رومانلاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بەزى ياخشى ئەنئەنىلىرى بىلەن ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ تەجرىبىلىرى خېلى ئوبدان بىرلەشتۈرۈلدى، بەزى يازغۇچىلىرىمىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن، خەلق ماقال- تەمسىللىرى، خەلق رىۋايەتلىرى، لەتىپىلىرى ۋە قوشاقلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. قىسقىسى، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز رومانلىرىدا توغرا خاھىش بىلەن مۇمكىن قەدەر مۇكەممەل بولغان بەدىئىيلىكنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتى.

ئەمما، يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەر بار يەردە بەزى يېتەرلـ

سىزىلگەرمۇ ساقلاندى. بۇلار ئاساسەن مۇنداق تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ: قۇرۇلما جەھەتتە ئۆزگىچىلىك كەم. ئاتۇرالىزىملىق غايىمىش خىيالىلا ئېغىر. تۇرمۇش دېتاللىرىنى ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىگە خاس ھالدا تاللىماي، دۆۋىلەپ قويىدىغان، ئاساسىي قەھرىماننى خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك خىرەلەشتۈرۈپ قويۇپ، ھەقىقىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرمەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بەزى رومانلىرىمىزنىڭ تىلى خام پىيازدەك كاپىلداپ قالغان، پورترېت، مۇھىت تەسۋىرى يېتەرسىز، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەش، ئۆتكەنكى تارىخىي تۇرمۇشنى زامانىۋى تونۇش بىلەن كۆزىتىش يېتەرسىز. مىل-لىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئىپادىلىنىشى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ئوبرازلارنىڭ ئورتاقلىقىغا-ئومۇملىقىغا ئېتىبار بېرىش كۆپرەك بولۇپ، خاسلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش، خاسلىقىنى كەۋ-دىلەندۈرۈش كەمرەك. ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنى، بولۇپمۇ داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئەكس ئەتتۈرۈش، يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىش يوق دېيەرلىك. رومانلىرىمىزنىڭ تېما دائىرىسىمۇ ئانچە كەڭ ئەمەس.

مېنىڭچە، شېئىرلار، تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇ-چىدا ئىش ھامان ئاشۇنداق بولىدۇ. خۇددى يېڭىدىن ئايىغى چىققان بالا مۆدۈرۈپ-يىقىلىپ ئاخىرى مېڭىشنى، يۈگۈرۈشنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ بالىدىن ئايىغى چىققان ھامان تېز يۈگۈرۈشنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. بىز ئورتاق تىرىشىدىغان، تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ھارماي-تالماي ئىزدىنىدىغانلا بولساق، بىزنىڭ يەخلاقان، نوتا ھالىتىگە كەلگەن رومانچى-لىقىمىز جەزمەن كۆكلەپ، شاخلاپ چېچەكلەيدۇ، مول مې-

ۋە بېرىدۇ.

رومانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ھەرقانداق بىر دۆلەت ۋە ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەربىر مىللەت ئەدەبىياتى-نىڭ تەرەققىياتى، كۆپىنچە، رومانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھەقىقىي ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئوبيېكتى-ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ چىنلىقىدۇر. بۇ چىن-لىق، ئەلۋەتتە، ئادەملەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئادەملەر لايدىن، گەجدىن ياسالغان ھەيكەل ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات-تۇيغۇ ۋە ئاجايىپ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە جانلىق مەۋجۇدات. ئەدەبىيات ئەنە شۇ ئادەملەردە سەمىمىي، پاك ۋە ئالىيجاناب ھېسسىياتنى يېتىشتۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئادەم-لەرنى تەربىيىلەيدۇ، ئادەملەرگە روھىي كۈچ-قۇۋۋەت بې-غىشلايدۇ، ئالغا ئىنتىلدۈرىدۇ. بۇنداق زور مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ھېكايىگە قارىغاندا، رومان بىر قەدەر ئۈنۈملۈك چىقالايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز سەھىپىسىدە تۇرمۇشنى كۆپ تەرەپلىمە، كۆپ پېرسوناژ ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا رومان ئادەم ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پاك، ئالىي-جاناب ھېسسىياتنى يېتىلدۈرۈش، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئوب-يېكتى بولغان ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ چىنلىقىنى كەڭ دائىرىدە ئىپادىلەشتە ناھايىتى زور ئىمكانىيەتكە ئىگىدۇر.

رومان يېزىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنى يېزىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. شۇنداقلا، رومان يازغىلى بولمايدىغان، مەخسۇس ئادەملەرلا يازىدىغان سىرلىق نەرسى-مۇ ئەمەس. پىششىق تۇرمۇش ئاساسىغا، كەڭ بىلىمگە ۋە بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە يازغۇچى جاپالىق ئىزدىنى-

ىدىغان، ئىرىشىدىغانلا بولسا، رومان يازالايدۇ. يېزىشقۇ بىر گەپ، ئۇنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، رومانچىلىقىمىزنى بىر يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش يەنە باشقا بىر گەپ. ئۈنۈپ چىققان ئەرسىنىڭ ھەممىسىلا كۆكتات ياكى زىرائەت، ئۆسكەن ئەرسىنىڭ ھەممىسىلا مىۋىلىك دەرەخ بولمىغىنىدەك، يېزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىلا ياخشى رومان بولۇۋەرمەيدۇ. ياخشى رومان يېزىش ئۈچۈن جاپالىق ئىزلىنىش، چىدام بىلەن ئىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

1

ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، رومانچىلىقىمىزنى ھەقىقىي تۈردە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھەربىر يازغۇچى بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىمىزنى ۋەخەلقىنىڭ تەلىپىنى چۈشىنىشى كېرەك.

بىزنىڭ دەۋرىمىز ئېلېكترون دەۋرى، بۇ دەۋر بۇرۇنقى ھەرقانداق دەۋرگە ئوخشىمايدۇ. بۇ دەۋرنىڭ مۇھىم بـئاھىدىلىكى شۇكى، بۈگۈنكى يېڭى كەشپىيات ئەتىلا كونىرىسە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ئادەملەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيەسى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆسكەن. ئىلمىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ ئىسكەنجىسىدىن، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ مۇستەبىتلىكىدىن قۇتۇلغان، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئارقىلىق يېڭى ئاڭغا ئىگە بولغان خەلقىمىز تۆتىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىغا ماسلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن جانبىدالىق بىلەن ئىشلە

ۋاتىدۇ. ئۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك ئىقتى-
سادىي بازىسقا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلى-
رىگە ئۇيغۇن بولمىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئىسلاھ قىلى-
ۋاتىدۇ، ئۆزگەرتىۋاتىدۇ: ئىدىيەۋى، سىياسىي، تەشكىلى-
لۇشىيەنىنىڭ توغرىلىنىشى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىقتىسادىي سىيا-
سەت ۋە قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن خەلقى-
مىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن
بىر جانلىنىش، گۈللىنىش بارلىققا كەلدى. ئادەملەرنىڭ دۇنيا
قارىشى، تۇرمۇش قارىشى ۋە ئىچكى دۇنياسىدىمۇ ئۆزگىرىش،
يېڭىلىق بارلىققا كەلدى. خەلقىمىز ئەمدى بىر بۇردا زاغىرا
نانىنىڭ، بىر نەچچە موچەن پۇلنىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى
يۈكسەك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ ئىشتىراك-
چىسى ۋە ئاۋانگارتى. شۇڭا خەلقنىڭ ئەدەبىياتقا يازغۇچى-
غا قويغان تەلىپىمۇ ئۆزگەردى. خەلقىمىز ئەدەبىياتتىن
ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى، ئۆز تۇرمۇشىدا مەۋجۇت،
ئەمما ئۆزى تېخى بايقىمىغان گۈزەللىكلەرنى كۆرۈشنى خالايدۇ.
ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۆز زاماندىشىلىرىنىڭ، سەپداشلىرىنىڭ،
تەڭتۇشلىرىنىڭ، ئاغىنە-بۇرادەرلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى،
ئوي-خىياللىرى ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى بىلىشنى، ئۇلارنىڭ
تىكلەنگەن غايىلىرى يولىدا قانداق پىداكارلىق بىلەن كۈرەش
قىلىۋاتقانلىقىنى، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزىم ئۈچۈن قىممەت-
لىك تۆھپە يارىتىۋاتقانلىقى ياكى باشقا بولمىغۇر ئىشلار بىلەن،
ھەتتا خەلققە، سوتسىيالىزىمغا زىيانلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللى-
نىۋاتقانلىقىنى بىلىشنى خالايدۇ. خەلقىمىز ئىنتايىن «سول» لۇ-
شيەن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت مۇستەبىتلىكى ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا
ئەۋج ئالغان قۇرۇق شۇئارۋازلىقتىن، قۇرۇق سىياسىي ئىبارىلەر-

دىن، ئۈزۈلدىن — ئۈزۈلە سوزۇلغان ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەردىن، رېئاللىقتىن ئاشقىرى بولغان، ماشىنا ئادەمگە ئوخشايدىغان جان-سىز خىيالى قەھرىمانلاردىن زېرىككەن. ئەسەرلەردىكى توقۇلۇش-سىزلىقتىن ۋە توقۇلۇش چىقىرىش ئۈچۈنلا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ۋۇنى زىددىيەتلەردىن، سىياسىي ئەيىبىدىن بۇزۇشەندىزۇرۇش-لەردىن، رېئاللىقنى كۆچۈرۈپ زىيادە بېزەشلەردىن زېرىككەن. شۇڭا ئۇلار بىزدىن رېئال ھاياتتىكى جانلىق ئادەملەرنى يېزىشنى، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى مۇناسىۋەتنى، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ غايىسى، غايىۋىلىكتىكى ئىزلىنىشلىرى، ئەخ-لاقىي قاراشلىرىنى ۋە ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يازغۇچىلاردىن پارتىيىنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ۋە گېزىت-ژۇرناللارنىڭ تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئۆزى توقۇپ چىققان ۋەقەلەر ئارقىلىق قايتا بايان قىلىپ بېرىشنى ئەمەس بەلكى ئۇنى جانلىق ئوبرازلار — ھەقىقىي ئادەملەر خۇسۇسىيەتلى-رىگە، كۈچلۈك ھېس-تۇيغۇغا، غايىگە ۋە پىشىپ يېتىلگەن خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلار، گۈزەل بەدىئىي تىل، مۇكەممەل بەدى-ئىي شەكىل ئارقىلىق بەدىئىي زوق پەيدا قىلىپ يۈرەكلەرگە سىڭدۈرۈ-ۋېتىشنى كۈتىدۇ. دەبدەبىلىك ۋاقە — ھادىسىلەر بىلەن بولۇپ كەتمەي، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشنى كۈتىدۇ. بىز مانا مۇشۇنداق رېئاللىق ۋە تەلەپنى بىلمىسەك ياخشى رومان يازالماي قالىمىز. يازغانلىرىمىز مۇدەۋۋۇر-نىڭ، خەلقنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەي قالىدۇ. يازغۇچىنىڭ بۇرچى، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ يورۇق ۋە قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئۆتكۈر كۆز بىلەن كۆزىتىش ۋە ئۇنى خەلققە تونۇتۇش. بۇنى ھەرقانداق شارائىتتا ئۇنۇتۇپ قالماسلىق كېرەك.

## 2

رومانىنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، روماندا خىلمۇخىل ئوبرازلارنى يارىتىش، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش كېرەك.

ياش ئۇيغۇر رومانچىلىقى، خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەيدانغا كېلىش بىلەنلا تېما جەھەتتە ئانچە چەكلىنىپ كەتمىدى، «ئىز»، «ئۈچەس ئىزلار»، «قايىنام ئۇركىشى»، «موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق رومانلاردا تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر يېزىلدى؛ «كۈرەشچان يىللار»، «ئازادلىقنىڭ ئالدى-كەينىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»، «چالا تەككەن ئوق» لاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە شۇ تارىخىي دەۋرگە خاس ۋەقەلەر بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىق ھالدا تەسۋىرلەندى؛ «ئابرال شاماللىرى»، «قىزىلتاغ چىراقلىرى»، «ئىزدىنىش»، «نۇرلۇق قەلبلەر»، «سۈزۈك ئاسمان» قاتارلىقلاردا 60-، 70-يىللارنىڭ ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. گەرچە تېما جەھەتتە ئاشۇنداق كۆپ خىللىق بولسىمۇ، تېخى تەلەپتىن يىراق. بىز ئۆزىمىزنى تېما جەھەتتە ھېلىھەم كەمبەغەل ھېسابلىساق ئارتۇقچە كەتمەيدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇرەككەپ ۋە كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. جەمئىيەتتە خىلمۇخىل ساھە ۋە كەسىپ بولىدۇ. بۇلار ئەدەبىياتتىن، بولۇپمۇ رومانلىرىمىزدىن چەتتە قالسا بولمايدۇ. بىز تارىخىي رومانلار-

لى يازغان بولساقمۇ، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان 20- ئەسىردىن ئىل-
گىرىكىگە ئۆتەلمىدۇق. جاھاننىڭ مەدەنىيەت غەزنىسىگە ئۆزىمىزنىڭ
شانلىق نەتىجىلىرى بىلەن مول تۆھپە قوشۇپ كەلگەن خەلقى-
مىزنىڭ تارىخىدا رومان قىلىپ يازغىدەك نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ-
قۇ؟! بىزدە ئاجايىپ قەيسەرلىك كۆرسەتكەن قەھرىمانلار، بىزگە
شانلىق ئۈلگە بولالىغىدەك ئەركىنلىك جەڭچىلىرى، مول مىراس-
لارنى قالدۇرغان ئالىملار، سەركەردىلەر، سىياسىئونلار، ئەدىبلەر
ئاز ئەمەسقۇ؟! بىز خۇددى يولداش خۇچىلى ئېيتقاندەك: «تۆت-
نى زامانىۋىلاشتۇرۇش تۇرۇۋاتقان بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھال-
دا پايدىلىق بولغان، جۇملىدىن ئەمگەكچىلەرنىڭ جەڭدىكى خىز-
مەتتىن كېيىنكى كۆڭۈل ئېچىشى ۋە ئارام ئېلىشىغا ياردەم بېرە-
دىغان بارلىق ئەسەرلەرگە مۇھتاجمىز». بۇ مۇھتاجلىقنى قاندۇ-
رۇش ئۈچۈنمۇ تېمىدا خىلمۇ-خىللىققا يۈزلىنىشكە توغرا كې-
لىدۇ. كىشى بىر خىللا كۆلنى كۆرىۋەرسە، بىر خىللا قۇشنىڭ
سايرىشىنى ئاڭلاۋەرسە جەزمەن زېرىكىدۇ. چۈنكى ھەسەلنىمۇ يە-
ۋەرسە ئەمەن تېتىمەيدۇ، ئەمەسمۇ؟! بىزنىڭ ئىجاد قىلغان رو-
مانلىرىمىزدا يېزا - شەھەرمۇ، باغمۇ، تاغمۇ، زاۋۇت - كانمۇ،
سەھنە، مەكتەپ، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىمۇ، ئىجتىمائىي ھا-
دىسىلەرمۇ، تارىخمۇ، ئائىلىۋى تۇرمۇشمۇ، ئەدەپ - ئەخلاق، مۇ-
ھەببەتمۇ، تەبىئەتمۇ... بولۇشى كېرەك. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك،
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئوبيېكتى - ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ
چىنلىقىدۇر. بۇ چىنلىق ھاياتلىققا قارىتا ئۆز چۈشەنچىسى بار،
مول روھىي دۇنيا بىلەن تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە تەقدىرنى بىر-
لەشتۈرەلىگەن ئادەم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. كىتابخانلارنىڭ كىتاب-
تىن ئۆگىنىدىغىنى تۇرمۇش ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات. ھالبۇكى،
ھېسسىياتمۇ ئادەم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئادەملەر بولسا خىلمۇ

خىل بولىدۇ، رەڭگى ـ روھى، بوي ـ تۇرقىلا ئەمەس، ئىچكى
دۇنياسىمۇ خىلمۇ خىل بولىدۇ. رومانلىرىمىزدا مانا شۇنداق
خىلمۇخىل ئادەملەر يېزىلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، يولداش دېڭ
شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز سوتسى-
يالىستىك يېڭى ئادەملەرنى تەسۋىرلەش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە
تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، تېخىمۇ مول مۇۋەپپەقى-
يەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇ-
رۇلۇشىدا ئىگىلىك ياراتقۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشى، ئۇلارنىڭ
ئىنقىلابىي غايە ۋە يۈزلىنىشىدىكى، ئالىيجاناب خىسلەتكە ۋە ئىجاد
قىلىش ئىقتىدارىغا، كەڭ نەزەر دائىرىسىگە ۋە ئەمەلىيەتچىل رو-
ھىغا ئىگە يېپيېڭى قىياپىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك.» مانا بۇ پار-
تىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا قويغان تەلىپى. ھە-
قىقىي تۈردە خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش-
قا بەل باغلىغان ھەر قانداق ئەدىب بۇ تەلەپنى زادىلا يادى-
دىن چىقىرىپ قويالمايدۇ. رومان يازغۇچىلار تېخىمۇ شۇنداق.
سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەر ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، باشقا يەر-
دىنمۇ كەلمەيدۇ ياكى قانداقتۇر «سۇق»، «كۆچ» لەر بىلەنمۇ
پەيدا بولمايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا. ئۇلار قارىماققا
ئاجايىپ، كاتتا ـ كارامەتلىك ئادەملەر ئەمەس، پېشانىسىدە
بەلگىسىمۇ يوق. ئۇلار ئاددىي ئادەملەر، لېكىن ئۇلار ئۇلۇغۋار
غايىگە، يېڭىلمەس جاسارەتكە، ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە. ئۇلار-
نىڭ قىلغانلىرى چاقانى زىل ـ زىلىغا سالىدىغان ئىشلارمۇ ئە-
مەس، ئەمما ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان.
كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەلەيدىغان ئىشلار. ئۇلار بول-
مىسا ھاياتنىڭ قىزىقى، لەززىتى بولماي قالىدۇ. گەپ مانا
شۇلارنى بايقاش، ئۇلار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇشتا،

ئۇلارنى ئۆگىنىش، تىپىكلەشتۈرۈش، بەدىئىي چىنلىققا كۆتۈرۈشتە.
بۇ ئادەملەر دەۋر پويىزىنىڭ پاراۋوزى، دەۋرنى ئالغا سىلجىتقۇچى-
لار، دەۋرنىڭ گۈزەللىكىنى ياراتقۇچىلار ۋە نامايەن قىلغۇچىلار.
بىز ئالدى بىلەن مانا شۇلارنى — ئىشچى، دېھقان، زىيالىي ۋە
ئىنقىلابىي كادىرلارنى يېزىشىمىز، مەدھىيىلىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە،
پاراۋوزلا بولۇپ، ۋاگون، تۆمۈر يول بولمىسا، چىشلىق چاق
ۋە ۋىنتىلا بولۇپ، ئۇلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئەگرى
ئوق-تاسمىلار بولمىسا بولمىغىنىدەك، پۈتۈن بىر ئىجتىمائىي
جەمئىيەت ئۈچۈن تۈرلۈك ساھە، تۈرلۈك كەسىپ بولمىسا بول-
مايدۇ. شۇڭا رومانلاردا ھەر بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىج-
تىمائىي رولىنى كۆرسىتىش كېرەك. بۇنىڭسىز ئەدەبىياتمۇ مۇ-
كەممەل ئەدەبىيات بولماي قالىدۇ. ھەمدە «مەدەنىيەت ئىنقى-
لابى» مەزگىلىدە، ھەممە يەردە «ئۈلگىلىك تىياتىر» لار
قاينىغاندەك زېرىكىشلىك ھالەت شەكىللىنىپ قالىدۇ. بىز ئە-
دەبىياتنى كۆپىنچە ھاللاردا گۈلباغقا ئوخشىتىمىز. گۈلباغدا،
ئەلۋەتتە، خىلمۇخىل گۈل بولىدۇ. بىر خىللا گۈل بولۇپ قال-
سا، ئۇ چەمەن ئادەمنىڭ زوقىنى تارتماي قالىدۇ. ھېچ بول-
مىغاندا، بىر قېتىم شۇ باغنى كۆرگەن كىشى ئۇنى ئىككىن-
چى رەت كۆرۈشكە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش-
لا، رومانلىرىمىزدا بىر خىللا ياكى بىر - ئىككى خىللا ئادەم
تەسۋىرلىنىۋەرسە، زېرىكىشلىك بولۇپ قالىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ئۆ-
زى رەڭدار باغ، بۇ باغدىمۇ خىلمۇ خىل گۈللەر بار، بۇلار
رومانلىرىمىزدىن جەزمەن ئورۇن ئېلىشى كېرەك. يالغۇزلا چاپ-
قان ئاتنىڭ ئېسىللىكى ئانچە بىلىنمەيدۇ، تۈمەنلىگەن ئاتلار
بەيگىگە چۈشكەندىلا ئاندىن ئەڭ ئېسىل ئاتنى تاللىۋالغىلى،
شۇنداقلا باشقا ئاتلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى

بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا خۇددى يولداش دېڭشياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «قەھرىمان شەخسلەرنىڭ تۆھپىلىرىنى، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەمگەك، كۈرەش، قايغۇ ۋە خۇشاللىقلىرىنى ئەدەبىيات-سەنئەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك.»

3

تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش، تۇرمۇشنى ئۆگىنىش، مول تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولۇش كېرەك.

بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى — ئىجتىمائىي تۇرمۇش. «ئىدىيولوگىيە ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى — مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى، — دەيدۇ يولداش ماۋزېدۇڭ، — خەلق تۇرمۇشىدا ئەدەبىيات-سەنئەتكە خام ئەشيا بولىدىغان قېزىلما بايلىقلار ئەزەلدىن مەۋجۇت. بۇلار تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسە، خام نەرسە، لېكىن ئەڭ جانلىق، ئەڭ مول، ئەڭ تۈپ نەرسە؛ بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئالدىدا بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت چېكىنىپ قالىدۇ. ئۇلار بارلىق ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس، بىردىنبىر مەنبەسى.» بۇ — ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخى ئىسپاتلىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت، بۇ قانۇنىيەتنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكىنى يوق. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا، ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىدە، گەرچە خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇ بىر قانۇنىيەتتە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، دەرۋەقە كىشىلەر بۇ ھەقتە خىلمۇ خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن

باشقىچە مەنبەسى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىگەن ھېچكىشى يوق. ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا تۇنجى قەدەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باسالىشىمۇ يۇقىرىقى قانۇنىيەتنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەگەر زەرەپشان ئوغۇل - قىزلىرى ئەينى يىللار «تاغ ئىنقىلابى» ئېلىپ بارمىغان، يولداش قەييۇم تۇردى ئون نەچچە يىلنى زەرەپشان بويلىرىدا مۇخبىرلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، زەرەپشان ئوغۇل- قىزلىرىنىڭ تۇرمۇش، كۈرەش تارىخىنى ئۆگەنمىگەن بولسا «كۈرەشچان يىللار» رومانىنى يازالمىغان بولاتتى: يولداش ئابدۇللا تالىپ لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن زاماندash بولغان چاغلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئولپەتلىرى بىلەن ئۇچراشمىغان، نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىگىلىمىگەن بولسا، «قايىنام ئۆركىشى»نى مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە قىلالمىغان بولاتتى. يولداش زوردۇن سابىر ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرنى بىۋاستە كەچۈرمىگەن، «سول» لۇشيەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان نۇرغۇن زىيالىيلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسا «ئىزدىنىش» ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولاتتى. ئەگەر يولداش ئا. ئۆتكۈر ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىمىغان، نەچچە ئايلىق ۋاقتىنى قۇمۇلنىڭ باغلىرى، تاغلىرىدا ئۆتكۈزۈپ، ئەينى يىللاردىكى قوزغىلاڭغا قاتناشقان، ھازىر ھايات ياشاۋاتقانلار بىلەن ئۇچراشمىغان بولسا، «ئىز» بىز بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن بولاتتى. يولداش زۇنۇن قادىرى 40-، 50- يىللارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەن، كەچۈرگەندىمۇ ھاياتقا يازغۇچىغا خاس كۆزدە قارىمىغان بولسا، «غۇنچەم»، «ماغدۇر كەتكەندە»، «چېنىقىش» قاتارلىق نادىر

ئەسەرلەرنى يازالىغان بولاتتى... يولداش دىڭشياۋپىڭ ئېيتقان-
دەك: «خەلق — ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى.
بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ بەدىئىي
ھاياتى ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەت
ئورنىتىشىدا. ئۇلار بۇ مۇناسىۋەتنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇنىڭغا
سەل قارىسا ياكى ئۇنى ئۈزۈپ قويسا، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ھاياتى
تۈگەشكەنىدۇر.» ھالبۇكى بەزىلەر ئەدەبىياتنى تۇرمۇشتىن
تاشقىرى نەرسە، ئۇنىڭ تۇرمۇش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋى-
تى يوق، دەپ ھېسابلايدۇ. بەزىلەر، تۇرمۇش مېنىڭ
كاللامدا، مەن يازماقچى بولغان نەرسىنى تۇرمۇشتىن
ئەمەس، كاللامدىن ئالىمەن، دەيدۇ. بۇنداق قاراشلارنىڭ
ھەممىسى خاتا. مۇنداق قاراشلار بىلەن بىر-ئىككى پارچە
ھېكايە يازغىلى بولسىمۇ (چۈنكى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۆزى
بىلىپ-بىلمەي توپلىنىپ قالغان تۇرمۇش دېتاللىرى، تۇرمۇش
تەجرىبىلىرى بار) رومان يېزىش مۇمكىن ئەمەس. خۇددى
بېلىنىسكىي كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئەگەر سەنئەت ئۆزىنىڭ
كىچىككىنە، پەۋقۇلئاددە زېمىندىلا ياشايدىغان، تۇرمۇش
بىلەن ئورتاقلىقى بولمىغان ساپ نەرسە سۈپىتىدە قىياس
قىلىنسا، بۇنداق قىياس ئابستراكت ۋە بىھۇدە بولىدۇ.
بۇنداق سەنئەت ھېچقانداق ۋاقىتتا، ھېچقانداق جايدا مەۋجۇت
ئەمەس.» شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تاۋۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن
تۇرمۇش ئېقىمىغا چۆكۈشىمىز، يېزىلارغا، كارخانىلارغا، قىسىملار-
غا، ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ۋە
كۈرەش قىلىۋاتقان جايلارغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن پىششىق
تونۇشىشىمىز، ئۇلارنى تەتقىق قىلىشىمىز، شۇئارقىلىق مېڭىمىزنى
مول تۇرمۇش بىلىمى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بىلەن تولدۇرۇش-

مىز كېرەك. بىر قاپاقتا ئېلىنغان سۇ تۇرۇۋەرسە خورايدۇ، سېسىپ كېتىدۇ. ئىشلىتىلىۋەرسە، ھەرقانچە كۆپ بولغىنى بىلەنمۇ تۈگەيدۇ. سۇ تۈگىسە قاپاق قۇرۇپ قالىدۇ. شۇڭا قاپاقتىكى سۇنى داۋاملىق ئىشلىتىپ، يېڭىلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. يازغۇچىنىڭ كاللىسىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭغا قاچىلانغان تۇرمۇش بىلىمى بىرەر رومان بىلەن ئاسان تۈگەيدۇ، يېڭى رومان يېزىش ئۈچۈن يەنە داۋاملىق تۇرمۇش ئۆگىنىش زۆرۈر.

بۇيەردە شۇ بىر نەرسىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھەربىر رومان ئىجادىيەتچىسى تۇرمۇش ئۆگىنىشتە ياكى ئىجادىيەتتە بولسۇن، ئىمكان بار ئۆزىگە پىششىق تونۇشلۇق تۇرمۇش بىلەن ھەپىلەشكىنى تۈزۈك. يولداش ياڭ مۇ «ياشلىق ناخشىسى» نى يېزىشتىكى تەسىراتلىرى ئۈستىدە توختالغىنىدا، «دائىم ئويلايمەنكى، ئەگەر مەن ئۆسمۈرلۈك ــ ياشلىق دەۋرىمدە كومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كونا جۇڭگودا ياشىمىغان، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ھەدەپ ھۇجۇم قىلغانلىقى تۈپەيلى ئوقۇشىمىز، ئىشىمىز قېلىپ، ھايات يولى تاپالماي قالغىنىمدا كومپارتىيىگە يولۇقمىغان بولسام، پارتىيە مېنى قۇتقۇزمىغان تەربىيىلىمىگەن بولسا، مەن «ياشلىق ناخشىسى» نى زادىلا يازالمىغان، لىن داۋجىڭ، لۇجاچۇەن، لىن خوڭدەك پېرسوناژلار- نىمۇ يارىتالمىغان بولاتتىم. شۇڭا مېنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتىم شۇكى، تۇرمۇش بولمىسا، بولۇپمۇ رومان يېزىشتا مول تۇرمۇش جۇغلانمىسى بولمىسا كېرەك» دېگەنىدى. ئىلىيا ئېرېنبورگمۇ: «يازغۇچى نېمىنى، كىمنى يېزىشنى خالىسا شۇنى يېزىۋەرمەيدۇ. ئۇ ۋەقە (سيۇژېت) ۋە پېرسوناژ تاللاشتا چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، ھەربىر يازغۇچى، ھەتتا گېنىئال يازغۇچىمۇ

پەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىنى ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت بەلگىلەيدۇ. ئەمما يازغۇچىنىڭ ئىجادىـيىتىنى، شۇ بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا، ئۇنىڭ كەچۈرمىشى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ئۇنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدۇ، دېگەندى. دېمەك، يازغۇچى ئۆزىگە تونۇشلۇق ھايات توغرۇلۇق يازغىنىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. ياغاچچىنىڭ تۆمۈرچىلىكىنى، سەيپۇڭـنىڭ تونۇشالمىغىنى دەرھاللا ئەپلەشتۈرەلمىگىنىگە ئوخشاش، مەكتەپتە ياشاۋاتقان يازغۇچىنىڭ ھەدېگەندىلا سانائەت تېمىسىدا بىر رومان يېزىۋېتىشى، يېزىدا ياشاۋاتقان دېھقان يازغۇچىنىڭ دەرھاللا بىر ئىنژېنېر ھەققىدە رومان يېزىۋېتىشى قىيىن. يازدى دېگەندىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يازالىشى ناتايىن. شۇڭا گونچاروۋ: «مەن ئۆزۈم باشتىن كەچۈرگەن، ئويلىنىپ كۆرگەن ۋە تەسىرات ئالغان نەرسىلەرنى، ياخشى كۆرگەن، ئۆزۈم ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن ۋە بىلگەن نەرسىلەرنى، قىسقىسى، ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىللە بولغان نەرسىنى يازىمەن» دېگەنىدى. يازغۇچى ئۆزى يازماقچى بولغان ئوبيېكتنى پىششىق بىلگەندىلا، چوڭقۇر قازالايدۇ، چوڭقۇر قازالىغاندىلا، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەلەيدىغان، كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ئەسەر يازالايدۇ.

## 4

## روماندا مىللىي ئالاھىدىلىكنى جەزمەن گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

ئەدەبىيات-سەنئەتتە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈ-رۈش-ھەممىگە تونۇشلۇق كونا مەسىلە، شۇنداقلا يېڭى مەسىلە،

بۇنىڭ زورۇرلىكىنى ھەممەيلەن چۈشىنىدۇ. بىراق ئۇنى چۈشىنىشنىڭ يوشۇرۇنلۇقى ۋە دائىرىسى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر، مىللىي ئالاھىدىلىك مۇھىت ۋە پورترېت تەسۋىرىدە ئىپادىلىنىدۇ، دېسە، بەزىلەر، تىلدا، يەرلىك شىۋىلەرنى قانداق ۋە قانچىلىك ئىشلەتكەنلىكتە ئىپادىلىنىدۇ، دەيدۇ. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىي ئالاھىدىلىك بولۇپ كەتمەيدۇ. بىردىر قىزنى قاشلىق، قاڭشالىق، ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن قىلىپ تەسۋىرلەش، غولجا، قەشقەر، خوتەن ياكى تۇرپان، قۇمۇل شىۋىسىدە بىر قانچە ئېغىز سۆزلەتكەن بىلەن بىر ئۇيغۇر قىزىنى مىللىي ئالاھىدىلىكتە ئىپادىلىگەندى، دېگىلى بولمايدۇ. ئاق ئۆيدىن چىققان، ئۇلىدا! قامچا تۇتقان، يۈگىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان تېرە جۇۋا! كىيگەن ئادەمنى تەسۋىرلەش ئارقىلىقلا بىر قازاق چارۋىچىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەندى، دېگىلى بولمايدۇ. بۇلار پەقەت مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىنلا ئىبارەت. مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ يادروسى ۋە ئىچكى مەزمۇنى خەلقنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتى، مىللىي خاراكتېرى ۋە ئۆزگىچە پسىخىك سۈپىتىنى تەسۋىرلەشتە. مىللىي ئالاھىدىلىك دەۋردىن ئىنسانىيەتتىن ھالقىغان ئابستراكت ياكى ئۆلۈك نەرسە ئەمەس، ئۇ خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئىنكاسى، يازغۇچىنىڭ مىللىي نوقتىدىن كۆزىتىشى ئارقىلىق مىللىي تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتىنىڭ جەۋھىرى، كونكرېت ئەمگەك ۋە كۈرەشنىڭ ھەقىقىي ئىنكاسى.

يېقىندىن بۇيان ئەسەرلەرنى «مەملىكەت سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈش»، «خەلقارا سەۋىيەگە يەتكۈزۈش» دېگەندەك گەپلەر خېلى كۆپ بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئەدەبىياتتا مەملىكەت سەۋىيەسى مۇنداق بولىدۇ، خەلقارا سەۋىيە ئۇنداق بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمە يوق، شۇنداقلا مۇنداق بەلگىلىمىنىڭ بولۇشىمۇ

مۇمكىن ئەمەس. بۇيەردىكى كەپ ئەسەرلىرىمىزنىڭ سەۋىيەسىنى
ئۆستۈرۈپ، ئۇنى مەملىكەت ۋە دۇنيا خەلقىگە تونۇتمىش. شۇھال-
غا كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئامىلى — رومانلىرىمىزدا (باشقا
ئەسەرلەردىمۇ) مىللىي ئالاھىدىلىكىنى، يەرلىك پۇراقنى ھەقى-
قىي تۇردە كەۋدىلەندۇرۇش. چۈنكى بەدىئىي ئەسەردىكى مىللىي-
لىك شۇ ئەسەرنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىك چىققان-چىقمىغانلىقىنى
بەلگىلەيدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىك روشەن ئىپادىلەنگەن ئەسەرنى
شۇ بىر مىللەت كىشىلىرىلا ئەمەس، باشقا مىللەت كىشىلىرىمۇ
سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئۇنداق ئەسەردىن شۇ مىللەت كىشىلىرى ئۆز
تۇرمۇشىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى، سۆيۈملۈك كىشىلىرىنى كۆ-
رۈپلا قالماي، باشقا مىللەت كىشىلىرى دۇنيادا شۇنداق بىر مىل-
لەتنىڭ — ھەم ئۆزىگە ئوخشايدىغان ھەم ئوخشىمايدىغان مىل-
لەتنىڭ بارلىقىنى، ئۇ مىللەتنىڭ تارىخىي، مىللىي خۇسۇسىيىتى
ئۆرپ - ئادىتى، مىجەز - خاراكتېرى ۋە باشقىلارنى بىلەلەي-
دۇ. «بىر ئادەم ئەگەر ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ۋە تارىخىنى يوقات-
سا، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتسا، ئۇ ئىستانەتمەن
قۇلغا ۋە ئىستانەتمەن ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەيدۇ
سوۋېت قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋ. — ئۆز مىللىتى-
مىزنىڭ مۇزىكىسى، ناخشىلىرى، ئۇسسۇللىرى، كىتابلىرى، رەسسا-
لىرى بىر خىل سەنئەت، مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە
باشقا مىللەتلەرنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە ئىھتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسە-
سەر بولالىغىنىدا، بىز ھەر بىر كىشى مىللىي غۇرۇرغا ۋە ئىپ-
تىخارلىققا چۆمىمىز... ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىمىز، خۇسۇسىيىتى-
مىز بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەت سەنئىتىگە گۈل - نەقىش سىزىش-
مىز، رەڭ - تۈس بېرىشىمىز كېرەك.» چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ
پۈتۈن دۇنيادا شۆھرەت قازىنالىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ

بىرى ئۇلارنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق ۋە مۇھىم مەن-
بەسى بولغان مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللەتكە خاس ئوبرازلىق
تەپەككۇرغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەسەرلىرىدە مىللىي ئالاھىدىلىكنى
روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىگەنلىكىدۇر. مىللىي ئالاھىدىلىك-
نى گەۋدىلەندۈرۈشكە سەل قاراش يازغۇچىنى، بولۇپمۇ
رومان يازغۇچىنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. مىللىي ئالاھى-
دىلىك مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ئاددىيلا قوشۇلمىسى ئەمەس،
بەلكى ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ماس ھالدا جانلىق بىر-
لەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئۇ ماھىيەتنى تۇتۇپ، شەكىلنى ئەكس
ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت سەنئەت تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. شۇڭا
رومانلاردا روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى نامايەن قىلىش ئۈ-
چۈن ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئېچىش كېرەك. دۇنيادا
مىللەتنىڭ ئۆمرى ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بە-
لەن ئەڭ ئالدى بىلەن سىنىپ، ئاندىن پارتىيە، دۆلەت، ئەڭ
ئاخىرىدا مىللەت يوقايدۇ. (بۇنى ئېيىش تارىخ دەلىللىشى كېرە-
ك) مىللەت ئۇزۇن يىللىق تارىخ جەريانىدا شەكىللەنگەن.
ھەر بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىلا
ئەمەس، ئالدى بىلەن ماھىيىتىدە، ئەسىرلەردىن بۇيان شەكىل-
لەنگەن مىللىي پىسخىكىسىدا، جاھان مەدەنىيىتىگە قوشقان شان-
لىق تۆھپىلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. مېنىڭچە، ئەسەردە مانا شۇنداق
مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىمىگەن يازغۇچى شۇ بىر مىل-
لەتنىڭ ياخشى يازغۇچىسى دېمەك قىيىن.

5

بەدىئىي ماھارەتنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش كېرەك.

ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ناھايىتى كۆپ مەزمۇنلار-
نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدى بىلەن ماركسىزم - لېنىنىزم-
نى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ماھىيەت بىلەن شەكىلنى، ئاساسىي ئې-
قىم بىلەن تارماق ئېقىمنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىمىزنى
ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ بىر يازغۇچى ئۈچۈن، شۇنداقلا ياخ-
شى رومان يېزىش ئۈچۈن ھالقىلىق مەسىلە. ئاندىن ئەدەبىيات-
سەنئەت نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك. كۆپچىلىك
يازغۇچى، شائىرلار ئەدەبىيات كەسپىدە مەخسۇس ئوقۇغان، ئە-
دەبىيات نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن ئەمەس. ئوقۇدى،
ئۆگەندى دېگەن ھالەتتىمۇ، ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ
كەتتى. دەۋر راۋاجلاندى. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى خېلى كۆپ-
لىگەن قاراشلار ئۆزگەردى. نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەر ئوتتۇرىغا
قويۇلدى. بىز بۇلارنى بىلمىسەك، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلەن
ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرمىساق، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىي-
يەتلىرىنى، ئەدەبىياتنىڭ يېڭى دەۋردىكى تارىخىي بۇرچىنى
بىلمىسەك، بۈگۈنكى تۇرمۇشقا، بۈگۈنكى ئەدەبىياتقا ئۆتكەنكى
كونا قاراشلار بىلەن مۇئامىلە قىلساق، ھەرگىز ياخشى رومان
يازالماي قالىمىز.

ماھارەتنى ئۆستۈرۈشتە كلاسسىكلىرىمىزنى ئەينەك قىلى-
شىمىز، مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ
ۋە دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ئەدەبىياتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى
كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشىمىز كېرەك. كۆپ مىللەتلىك سوۋېت
سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تە-
سىرى ئۆتكەنكى دەۋرلەردە ناھايىتى چوڭ بولغان. بىزنىڭ
نۇرغۇن يازغۇچى، شائىرلىرىمىز سوۋېت ئەدەبىياتى تۈرتكىسىدە
ئەدەبىيات يولىغا ماڭغان. بىزنىڭ دەسلەپتە ئوقۇغان رومانلىرى-

ىمىزمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رومانلىرى ئىدى. ھېلىھەم ئەدە-
بىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈشتە سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ئۇتۇقلۇق
تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش كېرەك. ئەلۋەتتە، «ئۆگەن-
دىم» دەپ شەخسىنى قارا قويۇقلا بىر تاياقتا ھەيدىمەي،
پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئۇنى ئۆز تەجرىبىلىرىمىز، ئۆز ئە-
ھالىيىتىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشى-
مىز كېرەك.

«بىزنىڭ ھېلىقى ئەدەبىياتىمىزدىكى ۋە شەرقنىڭ ئەدەبىي
ئەسەرلىرىدىكى بىر كەمچىلىك، — دەيدۇ ئايتماتوۋ، — سۆز ئى-
بارىلەر ھەددىدىن زىيادە دەبدەبىلىك. سۆز، جۈملىلەر مۇرەككەپ،
ئېغىر ۋە ئۇزۇن، ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش سۆزلىرى بەك كۆپ،
سۈۋارىسىغا يېيىپ بايان قىلىش كۆپ. سۆز ئىبارىلەر چېچىلاڭ-
غۇ بولۇشتەك ئەھۋاللار تۇپەيلىدىن، باش قەھرىمانلار ئادەت-
تىكىدىچە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى تەبرىك سۆزى
سۆزلەۋاتقاندەك ئەھۋاللار سادىر بولىۋاتىدۇ.» بۇ يەردە بەدىئىي
ماھارەت جۈملىسىگە كىرىدىغان مۇھىم مەسىلە — بەدىئىي ئەسەر-
دىكى تىل مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ياخشى رومان يېزىش
ئۈچۈن تىل ئۈستىسى بولۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ
تۇرمۇش تىلىنى پىششىق بىلىش، چىن مەناسى بىلەن ئىگىلەش،
توغرا ئىشلىتىش زۆرۈر. ھەممەيلەن ئۆز رومانىدىكى پېرسوناژ
تىلى، ئاپتور تىلى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشى، ھەدېگەندىلا دەب-
دەبىلىك سۆزلەرنى مارجاندەك تىزىۋېتىشسىلىكى، ئاڭلىۋالغان
ماقال- تەمسىللەرنى قاتارىسىغا تىزىپ قويماسلىقى كېرەك. قىس-
قىسى، ئەدەبىياتنىڭ تىل- سەنئىتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق
لازىم.

«يېزىش ماھارىتى، — دەيدۇ ئا. پ. چېخوۋ، — يېزىشقا

ئۇستا بولۇشنىلا ئەمەس، بەلكى يامان يېزىلغانلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ماھىر بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ.» بىز رومان يېزىشقا تەييارلانغاندا، تۇرمۇشتىن ناھايىتى كۆپ دېتاللارنى يىغىمىز. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىتابقا كىرگۈزۈۋەرسەك، كىتابىمىز ۋەقەلەر دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن ئىدىيەۋى خاھىشىنىمۇ، باش قەھرىمانىنىمۇ تاپالماي قالىمىز. كىتابخانىنىمۇ تۇرۇق نەرسىلەر بىلەن زېرىكتۈرۈپ قويىمىز. شۇڭا بىزدە ياخشى بەدىئىي دىت بولۇشى كېرەك. بۇ دىت بىرى ئەسەرگە تېمىك، زۆرۈر بولغان، قەھرىمان خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە نەپلىك بولغان دېتاللارنى تاللاش، يەنە بىرى ئەسەر پۈتۈپ قايتا ئوقۇغاندا زۆرۈرسىزلىكى ئىسپاتلانغان نەرسىلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن چىقىرىپ تاشلاشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولىدۇ. ياخشى بەدىئىي دىت بولمىسا ۋەقەلىك ھەر قانچە ياخشى بولغىنى بىلەنمۇ ياخشى رومان يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ. بىز دېتالنى ئوبدان تاللاش، ئۆزىمىزنى ۋەقە دۆۋىلىرى ئىچىدىن ئازاد قىلىپ، زېھنى كۈچىمىزنى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، خاراكتېرىنى يورۇتۇشقا قارىتالايمىز، شۇنى بىلىش كېرەككى ئايتماتوۋ ئېيتقاندەك: «سەنئەتكار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ مۇھىمى، ئۆزى ياراتقان باش قەھرىمانىنىڭ خاسلىقىنى ئېچىپ بېرىش، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋە تەبىئىتىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىش» تۇر.

6

ئۇيغۇر رومانچىلىقىنى كۆللەندۈرۈش ئۈچۈن يازغۇچى، ئوبزورچى، مۇھەررىردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى

توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەش لازىم.

يازغۇچى، ئوبزورچى ۋە مۇھەررىر — بىر-بىرىگە تىلەكداش ھەم يۆلەكداش يولداشلار، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىدىغان سەپداشلار. بۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى — ئورتاق نىشان ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇناسىۋەت. بۇ مۇناسىۋەت كۆپلۈك ئىلمىيلىق ۋە پرىنسىپاللىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى بولۇش — بولماسلىقى ئوبزور، رومانچىلىقىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، بىزنىڭ نۇرغۇن يازغۇچىلىرىمىز ئەسەرنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا يازىدۇ. بۇ ئەسەرلەرگە ئۆزىنىڭ زېھنى قۇۋۋىتى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدۇ. بۇ تولىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان قىممەتلىك روھ. ئون-يىگىرمە، بىر نەچچە يۈز، ھەتتا بىر نەچچە مىڭ بەتلىك ھېكايە، پوۋېست، رومانني يېزىپ چىقىش ئاسان ئەمەس. شۇڭا مۇھەررىرلەر، ئوبزورچىلار يازغۇچىلارنى خۇددى باغۋەن كۆچەتلەرنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشى، ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

ئوبزورچىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىمۇ يازغۇچىلارنىڭ ھالىغا ئوخشاش. ئۇلارمۇ بىر ئوبزور يېزىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دوستلىرى بىلەن بولىدىغان ئۇچرىشىش، كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش، سەيلە-تاماشىلارنى قۇربان قىلىدۇ. ئوبزورنى يازماقمۇ ناھايىتى تەس. بىر رومان توغرۇلۇق بىر نەچچە بەتلىك ئەقىلگە ۋە ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق ئوبزور يېزىش ئۈچۈن ئوبزورچى شۇ بىر ئەسەرنى نەچچە-نەچچە رەت ئوقۇپ چىقىدۇ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئەسەرلەرنى كۆرىدۇ، ئوبزورنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئويلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىق، نوقسان-

لىرى، نەزەرىيەۋى مەسىلىلەر توغرىسىدا يازغۇچىلار بىلەن، شۇنداقلا مۇھەررىرلەر، كەڭ كىتابخانلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ روناقچىلىقىمىزنىڭ گۈللىنىش يولىنى تېپىشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيەت ۋە ئوبزورچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن تەركىب تاپقان. ئەدەبىيات قىران بۈركۈت بولسا، ئىجادىيەت ۋە ئوبزورچىلىق ئۇنىڭ بىر جۈپ قانىتى. بۈركۈت ھەرقانچە كۈچلۈك بولغىنى بىلەنئۇ بىر قانىتى بىلەن ئۇچالمايدۇ. دېمەك، ئوبزورچىلىق بىلەن ئىجادىيەت بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت تۇرمۇشتىكى گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن يېتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇنى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى كەڭ جامائەتچىلىككە كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئوبزورچى بىلەن يازغۇچى بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشى، قولغا قولنى تۇتۇپ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى بولمىسا ئوبزورچىلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى بولمايدۇ، ئوبزورچىلىق بولمىسا ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ئالغا باسالمايدۇ، بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ، ھەتتا چېكىنىدۇ. يازغۇچىلىرىمىز، ئوبزورچىلىرىمىز بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشى كېرەك. ئەدەبىي ئوبزوردا ياخشىلىق، توغرىلىق، ئالىيجانابلىقنى مەدھىيىلەش بىلەن بىللە نۇقسان ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىش كېرەك، لېكىن خەلققە قارشى ئەسەر بولمىسىلا، ئىدىيەۋى خاھىش جەھەتتە ساغلام ئەسەر بولسىلا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ توغرا تەرەپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش،

ئالدىن ئۇنىڭ يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقىنى تەنقىدلەش ھەمدە ئۇنى تۈزىتىشنىڭ يوللىرىنى قىزغىنلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. لۇشۇن ئېيتقاندەك، تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسى زىيانلىق شاخلارنى قىرقىشلا ئەمەس، بەلكى ئېسىل گۈللەرنى سۇغىرىش، يۇمران كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلەشتۇر. «تەنقىدچى يازغۇچىغا يولداشلارچە كۆيۈنۈش پوزىتسىيەسىدە بولۇشى كېرەك، — دەيدۇ يولداش جۇيياڭ، — قاتتىق تەنقىد بىلەن قىزغىن ئىلھاملاندۇرۇشنى، قاتتىق تەلەپ بىلەن يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت تەقدىرىگە سەمىمىي كۆيۈنۈشنى توغرا بىرلەشتۈرۈش كېرەك.» بىز ياخشى پەزىلەتلىك، ئوبيېكتىپ باھا بېرىدىغان ئوبزورچىلارنىڭ بولۇشىنى، ئەدەبىي سەۋىيەسى يۇقىرى، سەنئەت قانۇنىيىتىنى بىلىدىغان ۋە يازغۇچىغا ئوخشاش تۇرمۇش بىلىمى بىر قەدەر مول، شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ شادلىقى ۋە دەردىنىمۇ چۈشىنىدىغان ئوبزورچىلارنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. تەنقىدچى يازغۇچىغا قارىغاندا ئېگىزدىرەك تۇرۇشى، يىراقنى كۆرۈشى، كۆپرەك بىلىشى، ئەسەرگە باھا بەرگەندە ياخشى يېرىنى ياخشى، يامان يېرىنى يامان دېيىشى، ھەرگىزمۇ ئوبزورغا شەخسىي غەرەزنى ئارىلاشتۇرماسلىقى كېرەك. ئاپتور-يازغۇچىنىڭ كۈتىدىغىنى ئىجادىي، دىل ۋە ئىلمىي تەنقىد. خۇددى شايەن ئېيتقاندەك: «قىچىشقان يەرگە بارىدىغان تەنقىت. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا ھەل قىلىشى قىيىن بولغان مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، يازغۇچى ھەل قىلماقچى بولۇپ ھەل قىلالمىغان مەسىلە تىلغا ئېلىنغان بولسا، مېنىڭچە تەنقىد قاتتىقراق، سۆزلەر ئاچچىقراق بولغان تەقدىردىمۇ، ئاپتور بۇ تەنقىدچىنى قايىللىق، خۇشاللىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇستازى ۋە دوستى دەپ بىلىدۇ.» بىرەر

تويلام، بىرەر رومان نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن تەنقىدچىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە بىر نەرسە دېمەي جىم تۇرۇۋېلىشى ئاپتور ئۈچۈن ئانچە كۆڭۈللۈك ئىش ئەمەس. خۇددى نېمىس مۇتەپەككۇرى لېسسىڭ ئېيتقاندەك: «ئەڭ تېيىز، ئەڭ ناموۋاپىق، ئەڭ ناتوغرا، ئەڭ زەھەرخەندە تەنقىدمۇ سوغاق مۇئامىلە بىلەن قىلىنغان ھۆرمەت-ئىززەتكە قارىغاندا، كۆپ قىممەتلىك.»

مۇھەررىر-نامسىز قەھرىمان. كىشىلەرنىڭ مىۋە يېگەندە باغۋەننى يادىغا ئېلىپ كېتىشى ناتايىن. ھەيۋەتلىك، بۈكباراقسان دەرەخ تۈۋىدە سايىدىغاندا، شۇ دەرەخنى شۇ ھالەتكە كەلتۈرگەن يىلتىزنى يادىغا ئېلىشىمۇ ناتايىن. توي ئاخشىمى ئاجايىپ بۇزۇر ياسانغان قىزنى كۆرگەندە ئۇنىڭ ھۆسنىگە ياراشقان كىيىملەرنى تىككەن ماشىنىچىنى يادىغا ئېلىشىمۇ ناتايىن. مۇھەررىرمۇ ئەنە شۇنداق باغۋەن، يىلتىز، ماشىنىچىدۇر. ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى كۈچى ۋە يۈرەك قېنى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن مەشھۇر ئەسەرلەر، يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇھەررىرنىڭ ياردىمىسىز تونۇلىيان ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى، ئوبزورچى ۋە مۇھەررىر ھەقىقىي قەلبداشلاردىن بولۇشى كېرەك. مۇھەررىر يازغۇچى، ئوبزورچىلارغا ھۆرمەت قىلىشى، يازغۇچى، ئوبزورچىلار مۇھەررىرلەرگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ سەممىي پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىشى، ئەسىرىنى قايتا-قايتا پىششىقلىشى، خام نەرسىلىرى بىلەن مۇھەررىرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئالماسلىقى، مۇھەررىرگە ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىق كەلتۈرمەسلىكى، ئۇنى تەڭ قىلمىقتا قالدۇرماسلىقى كېرەك. مۇھەررىر يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلىشى، ئەسەر خاھىش ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە ئاساسەن ياردىغان بولسا بەك ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكى، ئۆز قاراشلىرىنى تاڭماسلىقى كېرەك.

ئىجادىيەت دېگەنلىك يېڭىلىق يارىتىش دېگەنلىكتۇر. رومان يېزىشمۇ يېڭىلىق يارىتىشتۇر. يېڭىلىق يارىتىشتا شەكىلنىلا كۆزدە تۇتۇشقا ياكى كونا نەرسىلەرنى ئويان-بۇيان قىلىپلا «يېڭىلاپ» قويۇشقا بولمايدۇ. شەكىل ئاساسلىق نەرسە ئەمەس. يېڭىلىق-ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىردە بەدىئى تەپەككۇرنىڭ كۆلىمى ۋە ئۇسۇلىدا ئىپادىلىنىشى كېرەك. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان پېرسوناژنىڭ يېڭى ئىدىيىسىنى، خاراكتېرىنى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەسۋىرلەشتۇر. ئوبزورچىلىرىمىز ئۈچۈن زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە نەرسە ھازىرقى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ (رومانمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئادەمنىڭ خاسلىقىنى يارىتىش جەھەتتە قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ئۈستىدە داۋاملىق باش قاتۇرۇشتۇر. شەك-شۈبھىسىزكى، بىز يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلساق، ئۇيغۇر رومانچىلىقى جەزمەن گۈللەپ-ياشنايدۇ.

## رومانلاردا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىدىن توغرا پايدىلىنىش ھەققىدە

تۇرسۇن زەيدىن

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان رومانچىلىقى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەر خىل مەزمۇندا يېزىلغان ئون نەچچە رومان جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ رومانلار بۈگۈنكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا ھەر ساھە كىشىلىرىگە روھىي ئوزۇق بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى.

بىز يېقىندىن نەشر قىلىنغان ئاشۇ رومانلارنى قولىمىزغا ئالغاندا، رومانلارنىڭ قىسىم، باب، پۈلەكلىرىدە، ئابزاس ۋە دىئالوگلىرىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ھالدا قىستۇرۇلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ بىر ئىجادىيەت ياكى يېڭىلىق ئەمەس. چۈنكى يېزىق دۇنياغا كېلىپ، يازما ئەدەبىيات شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ سۈت ئانىسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىيات بىلەن بىللە داۋام قىلدى، بىرلىكتە راۋاجلاندى، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدى. كىشىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، شائىر، يازغۇچىلار شېئىر، داستان،

ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرىدا خىلمۇ خىل زۆرۈرىيەت بىلەن خەلق قوشاقلىرى، ماقال-تەمسىللىرى، تۇراقلىق ئىبارىلەر، يۇمور، لەتىپە، مەسەل، قىسقا چۆچەكلەردىن پايدىلىنىپ كەلمەكتە. ئەسەرلەرگە قىستۇرۇلغان ۋە ئېپىگراپ قىلىپ ئېلىنغان ياكى تېما ئورنىدا پايدىلىنىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى شۇ ئەسەرلەرگە ھۆسن قوشۇپ، مەزمۇنىنى بېيىتتى، تىلىنى جانلاندۇرۇپ، مەقسىتىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بەردى، ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇردى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىنى يازما ئەدەبىياتقا قىستۇرۇش ئېقىمىدا ياكى ھازىرقى زامان رومانچىلىقى باشلانغاندىلا پەيدا بولغان ئەمەس. بۇ ئۆز تارىخىمىزدا ئۆتكەن كلاسسىكلىرىمىزدىن باشلاپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنۋى ئالاھىدىلىك. بىز مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈكنەكى، ئەخمەت ھاجى بەگ قەشقەرىلەردىن تارتىپ ئۇلاردىن بىرنەچچە ئەسىر كېيىن ئۆتكەن موللا مۇسا سايرامى، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا بىلال، تەجەللى قاتارلىق پېشۋالىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىنىڭ ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن قىستۇرۇلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا، بۇ ئىككى ئەدەبىياتنىڭ بىرسى يەنە بىرسىگە سىڭىپ كەتكەن، قوشۇلۇپ كەتكەن، ھەتتا بىرسى يەنە بىرسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. مەلۇمكى، «بەختىيارنامە»، «مىراجنامە»، «تەزكىرە تۇل ئەنبىيا»لار 14- ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە نەمۇنىلىرىدىن ئىدى. ھازىر خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن، بىز «چۆچەك» دەپ ئاتىۋالغان «شاكىر-

شاكىردىم»، «ھەسەن-ھۈسەن-قەسەن»، «بېلىق پادىشاھىنىڭ بالىسى»، «كامال پادىشاھ»، «پادىشاھى زىرەك» قاتارلىقلار ھەمدە، «جامىئۇل ھېكايەت» تىكى ھېكايىلار ئەنە شۇ «بەختىيارنامە» نىڭ پارچىلىرى. غۇلجىدا ئۆتكەن شائىر موللا ئىلى (خالىس) مىلادىيە 1884-يىلى (ھىجرىيە 1302-يىلى) يازغان «يۈسۈپنامە» دېگەن يىرىك داستان قولىيازما سۈپىتىدە خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن. 1941-يىلىغا كەلگەندە ۋاھىددىن باھاۋۇپ «يۈسۈپ-زۇلەيخا» رىۋايىتىدىن پايدىلىنىپ، نەسرى قىسمىنى ئۆزى يېزىپ «يۈسۈپنامە» نىڭ نەزمىي قىسمىدىن ئەينەن پايدىلىنىپ، خەلق داستانى «يۈسۈپ-زۇلەيخا» نى بارلىققا كەلتۈرگەن. يىرىك كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا مانا شۇنداق ئەھۋاللار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىدىن پايدىلىنىشتەك ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكنى ئۈزۈپ قويمىدى. بىزنىڭ مەيلى پېشقەدەم، مەيلى ياش يازغۇچىلىرىمىز بولسۇن، كۆپ ھاللاردا خەلق تەپەككۇرى بىلەن يارىتىلغان، پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان قوشاقلار بىلەن ماقال-تەمسىللەرنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئەسەرگە قىستۇرۇپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ مەزمۇن، شەكىل ۋە بەدىئىلىك جەھەتتىن قىممىتىنى ئاشۇرۇپ كەلمەكتە. بۇلار ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى جانلاندۇردى، مەزمۇنىنى كۈچەيتتى. يېقىنقى يىللار ئىچىدە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان رومانلارنىڭ ئاپتورلىرى ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي دىتى ۋە بەدىئىي ماھارىتى ئارقىلىق خەلق ئىچىدىن ھەرخىل شەكىل ۋە مەزمۇندىكى خەلق قوشاقلىرى، بېيىتلار، ماقال-تەمسىللەر، يۇمۇرلار،

مەسەل ۋە قىسقا چۆچەكلەرنى توپلاپ رومانلارغا قىستۇرغان.

«ئۆچمەس ئىز»، «ئىز» رومانلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قومۇلدا يۈز بەرگەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر بەدىئىي ئۇسۇلدا بايان قىلىنغان تارىخىي رومانلار. بۇ رومانلار. بۇ رومانلاردا قومۇلنىڭ شۇ چاغدىكى زالىم ۋاڭى شاھمەخسۇتنىڭ قومۇل خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى ھەمدە ياڭ زېڭشىڭ قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنى بېسىقتۇرۇش يولىدىكى ھەرخىل ھىيلە-نەيرەڭلىرى پاش قىلىنغان. ۋاڭغا قارشى كۈرەش داۋامىدا خەلق ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان تۆمۈر خەلپە، موللا نىياز قاتارلىق قەھرىمان-باتۇرلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. ھەر ئىككى روماننىڭ ۋەقەلىكى بىر ۋاقىتتا بولغان، بىر ئورۇندا يۈز بەرگەن. بۇ ئىككى روماندا، پېرسوناژلارغا ئالاقىدار نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرى، خەلق ماقال-تەمسىللىرى بار. «ئۆچمەس ئىز» رومانىدا شاھمەخسۇتنىڭ زۇلمى پاش قىلىنغان ئون كۇبلېتتىن كۆپرەك قوشاق بار. قالغانلىرى باشقا مەزمۇندىكى قوشاقلار، بۇ قوشاقلار ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتسىز. ئېپىگراپ ئورنىدا پايدىلىنىلغان قوشاقلار شۇ بابنىڭ مەزمۇنى بىلەن تەبىئىي ھالدا باغلىنىپ كەتمەيدۇ، بەزى قوشاقلار توسۇلدا ئەمەس، باشقا جايلاردا توقۇلغان قوشاقلار، يەنە بىر قىسىم قوشاقلار ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. روماننىڭ يىگىرمىنچى بابىغا مۇنداق بىر قوشاق ئېپىگراپ قىلىپ ئېلىنغان:

زوخاڭدىن چۈشۈپ بېرىپ،
سۇنى چايقاپ ئوخشايمەن،

بەرگىنى زۇلۇق ياماق،
جانى ساتقان ئوخشايمەن.

بۇ ئەسلىدە ئىلى خاڭچىلىرىنىڭ قوشىقى بولۇپ، ئۇنىڭدا يوقسۇزلۇق دەستىدىن سۇنۇق ياماققا مۇھتاج بولۇپ، چېنىنى قولىغا ئېلىپ، يەر ئۈستىدىن يەر ئاستىغا ئىلاجسىز چۈشۈپ سۇ چىپىۋاتقان بىر ئىشچىنىڭ ئوبرازى بار. قومۇلدا شامەخسۇت زامانىدا ئېچىلغان ئوچ خاڭدىكى ئەمگەكچىلەرگە پۇل تۇرماق تاماقمۇ بەرمىگەن. رومانىنىڭ مۇشۇ بابىنىڭ بايانى-دىن قارىغاندا، ئەمگەكچىلەر مىرول قېزى تەرىپىدىن مەج-بۇرلاپ ئېلىپ كېلىنگەنلەردەك تۇرىدۇ. ئۇلارنى پايلاپ تۇرى-دىغان ئاتارمەن - چاپارمەنلەر، پايلار بار. قاتتىق ئىشلىمە-سە خاڭچاغا چاقىدۇ، ئۇرىدۇ، ھەتتا خاڭدىن گاز چىقىپ كەتسىمۇ ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئەمگەكچىلەر: «بىز بولساق كايىدا بىر چۆچەك ئوماچنىمۇ ئىچەلمەيمىز» * دەپ زۇلۇم دەستىدىن زار قاقشايدۇ. ئەمگەكچىلەر مانا شۇنداق چېكىدىن ئاشقان زۇلۇمغا چىدىيالماي، بىرلىكتە خاڭچاغا قارشى كۈرەش قىلىپ، زۇلۇمدىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئاللاھىدىلىك ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ خاڭچاغا قارشى كۈرەش قىلىشىدىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە. بۇ مەزمۇن بىلەن ئېپىگرافتىكى قوشاقنىڭ مەزمۇنى زادىلا ئوخشىمايدۇ، ئىككىسى ئىككى باشقا ئىش بولۇپ قالغان. ئاپتور يۇقىرىدىكى قوشاقنى شۇ بابنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئويلاش-مايلا، «خاڭ قوشىقى» دەپ ئېپىگراف قىلىپ ئالغان.

* «ئۆچمەس ئىزلار» 216 - بەت.

ئاشۇ خالق ئىشچىلىرى ياكى شۇ دەۋرنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، شۇ دەۋركە ئائىت قوشاقلارنى ئىزدەشتۈرۈپ باقمىغان. بۇنداق ئەھۋاللار روماننىڭ باشقا باپ-بۆلەكلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بەزى ئىپىگىراپلاردە پېرسوناژلار ئېغىزىدىن بېرىلگەن قوشاقلارمۇ بۇزۇلغان، ئايرىم جايغا ئازاد-لىقتىن كېيىنكى قوشاق كىرىپ قالغان. مەسىلەن:

ماتتەي تۇلۇم چاشقان،  
ئالۋاڭنى تولا چاچقان.  
يوقسۇلنى تولا ئېزىپ،  
سوخودا تۇلۇپ ياتقان.

بۇقوشاق قەشقەر خەلقىنىڭ ماتتەي زۇلمى توغرىسىدىكى قوشىقى ئىدى. ئېھتىياج تۆپەيلىدىن:

ئىبراھىم تۇلۇم چاشقان،  
ئالۋاڭنى تولا چاچقان.  
ئەللىك قىغان زۇلۇمنىڭ  
دەردىنى ئۆزى تارتقان.

دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شامەخسۇت بىلەن ماتتەي شىنجاڭ-دىكى بىر دەۋركە مەنسۇپ زالىملار. بىراق شامەخسۇت قۇ-مۇلدا، ماتتەي قەشقەردە ئۆتكەن. يۇقىرىقى قوشاق ماتتەي-نىڭ زۇلمىنى ئۆز بېشىدىن بىۋاسىتە ئۆتكۈزگەن قەشقەر خەلقى تەرىپىدىن توقۇلغان. بۇ تارىخىي قوشاقنى بىرىنچىدىن بۇزۇپ، ئىككىنچىدىن يۆتكەپ، قۇمۇلدىكى ۋەقەگە ئارىلاشتۇرۇۋې-لىش مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك. ئاپتۇر قۇمۇل خەلقى ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى قوشاقلارنى

تاپقان بولاتتى.

رومانىنىڭ 143 - بېتىدە:

ئۆستەڭ ياقىلاپ بىرىپ
تېرىۋالدىم ئازاتنى.
قالدۇرمىغىن زالىملار،
بىر بىرىمىز جاجاتنى.

دېگەن بىر كۇبلېت قوشاق بار. بۇ ئازادلىقتىن كېيىن، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە توقۇلغان قوشاق. بۇنداق يېڭى قوشاقنىڭ شامەخسۇت دەۋرىگە كۆچۈرۈلۈشى مۇۋاپىق ئەمەس.

بىز «ئىز» رومانىنى ئوقۇغىنىمىزدا، بۇنىڭدىكى ماقال- تەمسىل ۋە قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىغا خۇددى قومغا سۇ سىڭىپ كەتكەندەك تەبىئىي ھالدا ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. نېمىشقا شۇنداق؟ بۇنىڭدىكى توپ سەۋەب روماندىكى خەلق ماقال- تەمسىللىرى بىلەن قوشاقلارنىڭ ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇندىن توپلانغانلىقى ھەمدە ۋەقەگە بىۋاستە ئالاقىدارلىرىنىڭ بەدىئىي دىت بىلەن دەل جايىغا توغرا قىستۇرۇلغانلىقىدا. روماندىكى قوشاقلارنىڭ ئاساسىي قىسمى رومانىنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى تۆمۈر خەلپە ھەققىدىكى خەلقنىڭ مەدھىيىسى، قالغان بىر قىسمى كۆرەشكە بىۋاستە قاتناشقان قاسىم قىزدىقىنىڭ قومۇل يېغىلىقىنىڭ پالىكانلىرى ھەققىدە توقۇلغان قوشاقلىرى. بۇ قوشاقلار ۋەقە داۋامىدا توقۇلغان بولۇپ، ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئىگە. رومىاندا ئەلىي قەھرىمان شامەخسۇت ھەققىدە پەقەت بىر كۇبلېت قوشاق بار؛ باللار قوشاقلىرى، توي قوشاق - بېيىتلىرى چەك

داۋام قىلىۋاتقان تاغ شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇلغان، بەزى قوشاقلار تەكرار بېرىلگەن بولسىمۇ كىشىگە تەكرارلىقى بىلىنمەيدۇ، ئارتۇقچە سېزىلمەيدۇ.

ئازارلىق سازىمەن،
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن.

قوراي يولى زەردەتلىك،
ئۆلمەك ئىچى ھەيۋەتلىك.
ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن
راجى بالا غەيرەتلىك.

ھاي ـ ھاي باتۇرلار،
ھوشيار بولۇڭلار.
دۈشمەنلەر يېتىپ كەلسە،
جەسۇر بولۇڭلار!

خۇپىا قاتتىق جەڭ بولدى
كۆشۈتىمدىكى دەڭدە.
چىڭتەي* كېتىپ ھوشىدىن،
سېيىۋەتتى بىز جەڭدە.

ئاقچىرى سېپىغا چۈشتۇق،
چېپەن دارىغا ئوق ئاتتۇق.
چېپەن دارىنى زور چېقىپ،
يارداڭ ياقىلاپ قاچتۇق.

* چىڭتەي ـ مانجۇ خانلىقى ئەسكەرلىرىنىڭ بولىك دورىجىلىك ئەمەلدارى.

ئاقېرىق سۈيى ئۆيۈرگەن ،
چىمەن دالىنى بىر چوقۇرگەن .
ئاغىچ پالىگانلار بۈشىدە ،
چىمەن دالىنى قوقۇرگەن .

يۇمەن داشەيىدۇ* كەلگەندە
تولا بوقتى دالقىدا ئېيى ؛
ئاغچىلارمۇ ئەزىن يىگەنىدە
تارتىزالدى جۇڭجاڭى .**

رومانىدىكى بۇ قوشاقلار ئاپتور ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدەك، ئەرگەدەل تۆمۈر خەلپە يېغىلىقىنىڭ خاتىرىسىدەك سىزىلىدۇ. بۇ قوشاقلار شۇ يېغىلىقتا قاتناشقۇچى پالىگانلارنىڭ ۋەدىنامىسى، بىر-بىرىگە، جەڭدىكى قەھرىمانلىقتا ئوقۇغان مەدھىيىسى. بىز بۇ قوشاقلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، قۇمۇلنىڭ قايسى جايلىرىدا قانداق جەڭ بولغانلىقىنى، پالىگانلارنىڭ جەڭدىكى جەسۇرلۇقىنى، روھىي ھالىتىنى، چىمەتەي، چىمەن دارىن، يۇمەن داشەي قاتارلىق ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ جەڭدە ئەسكەر، قورال-ياراقىدىن ئايرىلىپ پاجىئەلىك تۈردە مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

رومانىنىڭ 382-بېتىدە مۇنداق قوشاقلار بار:

يۇقىرى بارغۇم تولا ،
باراي دېسەم تارىم تولا ؛
شۇ غېرىبلىق شەھرىدە ،
جېنىم قەپەزگە مۇپتىلا .

*يۇمەن داشەي — يۇمەن داخۇ .
**جۇڭجاڭ — ھەربىي قورال .

مۆل پاختا، بۇزۇق چىغىرىق،
چەكمەن جاقالىنى ئېيتايمۇ؟
كىشىنىڭ بوزىغا كېلىپ
غېرىپ بولغانىنى ئېيتايمۇ؟!

مەن ئۆلسەم، ئۆلگەندە
تاغدا قويۇڭلار،
تاغ يولى يىراق كەلسە
باغدا قويۇڭلار.

يۈزۈمنى قىبلە سايان
ئاچىپ قويۇڭلار،
بېشىمغا بىر دەستە گۈل
سانجىپ قويۇڭلار!

كەڭ تاغدىن كېلىپ، ياڭ زىڭشىڭنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ جېنى قەپەزگە مۇپتىلا بولغان پالانلار بۇ قوشاقلارنى ئاڭلىغاندا كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. بىرسى قوشاق ئېيتىۋاتقان قاسىم قىزىقنىڭ يېنىغا كېلىپ: «قويىچۇ ئاداش بۇ ناخشاڭنى مېنى يىغا تۇتۇۋاتىدۇ، كۆڭلۈمنى كۆتەرگىدەك باشقا ناخشا يوقمۇ؟» دەپ تەلەپ قىلىدۇ. قاسىم قىزىق «مەن كۆڭلۈمنى قومۇلدا قويۇپ كەلگەن» دەيدۇ. قوشاقنى ئاڭلىغان تۆمۈر خەلپىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىدىن ياش تۆكۈلىدۇ. مۇشۇ تۆت كۇبلىت قوشاق رومانىنىڭ يېشىمى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولۇپ، خۇددى تۆمۈر خەلپە ۋە ئۇنىڭ پالانلىرىنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇپ، كۆزىدىن پۇشايمان يېشى تۆككەندەك، كەڭ كىتابخانلارنىڭمۇ كۆڭلىنى بۇزۇپ، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكتىدۇ، ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىدۇ، چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ.

«ئېزدىنىش» رومانىنى ئېچىشىمىز بىلەنلا، مەكتەپ پۈت-
تۈرگەن بىر قىسىم ياشلارنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇشقا ئاتلىنىش-
ئالدىدا تۇرغانلىقىغا كۆزىمىز چۈشىدۇ. ئۇلار بۇ كۈننى ئۆز
ھاياتىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ھېسابلاپ ھاياجان-
لىنىدۇ، خۇشال ھالدا ماشىنىغا چۈشىدۇ. ماشىنا قوزغىلىپ،
غەربكە قاراپ ماڭىدۇ، بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن بۈك-
باراقسان يېزىلار ئارقىدا قالىۋېرىدۇ. ماشىنىنىڭ تېزلىكى ئاش-
قانسىرى يولدىن توپا كۆتۈرۈلىدۇ. دەل شۇ چاغدا ماشىنا
ئۈستىدىكى سەبداشلار:

ماشىنلار ئۈزۈپ بارا،
توزانى توزۇپ بارا.
بىلەمسىنا - بىلمەيسىنا،
ياش ئۆمرىڭ ئۆتۈپ بارا.

دەپ ناخشا ئېيتىدۇ. بۇ قوشاقنىڭ يۇقىرىقى ئىككى مىس-
راسى توپا توزۇتۇپ، نىشانىغا قاراپ ناھايىتى تېز كېتىۋاتقان
ماشىنىنىڭ يۈرۈشىگە؛ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى ئوقۇغۇچىلىق
ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئىشلىرىغا، ئوقۇتقۇچىلىققا
ئاتلانغان تونۇگۈنكى ئوقۇغۇچى، بۈگۈنكى مۇئەللىملەرنىڭ سەر-
گۈزەشتىسىگە چېتىلىپ كەتكەن. ئاپتور بۇ يەردە ئاشۇ ياش-
لارغا: «بىلىپ قوي، ياشلىقىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، سەن
ۋاقىتنى چىڭ تۇت!» دېمەكچى. ماشىنا گۈزەل تەلكە تېغىنىڭ
ئىچىگە كىرگەندە، تەلكە توغرىسىدىكى قوشاقنى، ماشىنا داۋان-
دىن ئېشىپ سايرام كۆلى بويىغا چۈشكەندە، سايرام توغرىسىدى-
كى قوشاقنى ئوقۇيمىز. ئاپتور بۇ يەردە ئۆز يۇرتىدىن تۇنجى
قېتىم يىراق سەپەرگە ئاتلانغان ياشلارغا ئەمدىلا كۆزنىگە چې-

لىققان تەلكە تېغى، سايرام كۆلى ھەققىدە ئۇزۇن سۆز قىلىدى-
دۇ. پېرسوناژلار ئېغىزىدىن بەرگەن ئىككى كۇبلېت قوشاق
ئارقىلىق ئۇلارغا، جۈملىدىن تەلكە تېغى بىلەن سايرام كۆلىنى
كۆرمىگەن كىتابخانلارغا تەلكە تېغىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى،
داۋىنىنىڭ قىيىنلىقىنى، سايرام كۆلىنى، شۇ ئەتراپنىڭ ھاۋا
كىلىماتىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇلارغا بۇ جايلارنىڭ ئەھۋالى ھەق-
قىدە قىسقىچە بىلىم بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يۇرتىغا،
جۈملىدىن ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ - دەريا، كۆللىرىگە بولغان مۇ-
ھەببىتىنى قوزغايدۇ. بىز رومانلاردا قىستۇرغان ئېغىز ئەدەبى-
ياتى جەۋھەرلىرى كىشىلەرگە ئەنە شۇنداق تارىخىي ئەھۋاللارنى
تونۇشتۇرىدىغان، بىلىم بېرىدىغان، ئۆز يۇرتىغا، ۋەتىنىنىڭ
تاغ - دەريالىرىغا مۇھەببەت، خەلق دۈشمەنلىرىگە نەپرەت قوز-
غىتىدىغان بولۇشى لازىم، ھەرگىز ئارتۇقچە قىستۇرما بولۇپ
قالماسلىقى لازىم.

خەلق بارلىكى جايدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولىدۇ.
تارىختىن بۇيان خەلق ئۆز ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى خىلمۇ-
خىل ئۆزگىرىشلەرنى، بەختىيار ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشىنى،
ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى، خۇشاللىق - قايغۇسىنى، ئۆز دۈشمەنلىرىگ
بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق ھەقىقىي ھالدا
ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇڭا ئاپتورلار بۇ مىراسلارنى ئەستايىدىل
ئۆگىنىشى لازىم. ئۆگەنمەك ، گوركىي: «خەلقنىڭ ئېغىز ئەدە-
بىياتىنى بىلمەي تۇرۇپ ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارىخىنى بىلىش
مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، تارىختىن بىخە-
ۋەر قالمىمىز. چۈنكى خەلق بىرەر خۇشاللىق ۋەقە قاچان يۈز
بەرگەن بولسا، شۇ ھامان قوشاق توقۇپ، ناخشا ئېيتىپ، شۇ
ۋەقەگە ھەمدە بۇ ۋەقەنىڭ قەھرىمانلىرىغا مەدھىيە ئوقۇپ كەل-

گەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ھەر مىللەت خەلقى نا
ھايىتى كۆپ قوشاقلارنى توقۇپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى،
ئۇنىڭ رەھبەرلىرى، گومىنداڭ بىلەن قان كېچىپ كۈرەش
قىلغان، مىللىي ئارمىيە كوماندىر-جەڭچىلىرىنى كۆيلىگەن ۋە
ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇغان. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى كەچۈر-
مىلىرىنى بايان قىلغان، سىياسىي-ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى، ئەمگەك
ۋە تۇرمۇشىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئەپسۇسكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنن-
قىلابى ھەققىدە يېزىلغان «ئىلى دولقۇنلىرى»، «ئاخىرەتتىن
كەلگەنلەر» رومانلىرىمىزنى ئوقۇغىنىمىزدا شۇ دەۋر خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىنى چېلىقتۇرالمايمىز. ئاشۇ ئىنقىلابنىڭ
ھەم جەڭچىسى، ھەم كوماندىرى بولغان پېشقەدەم يازغۇچىمىز
تۇردى سامساق «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانىغا «ئاكۆپ قو-
شاقلىرى»نى قىستۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن. بىراق بۇنى پە-
ەت بىر يېرىم كۇبلېت بىلەنلا ئاخىرلاشتۇرغان. «ئىلى دول-
قۇنلىرى» رومانىغا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى ھەققىدە بىر
كۇبلېتمۇ قوشاق كىرگۈزۈلمىگەن. بۇ ھال ئاشۇ رومانلارنىڭ
كىشىلەرگە بېرىدىغان چىنلىق تۇيغۇسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغان.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى: «يالغان شې-
ئىر بولىدۇ. لېكىن يالغان قوشاق بولمايدۇ»* دەپ تەكىت-
لەپ كەلمەكتە. بۇ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككى ئەدەبىياتنى كۆزىتىش،
بايقاش، تەتقىق قىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. بىز-
نىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزدا يالغان شېئىرلار بار. ئىنتايىن
«سول» لۇشيەنىنىڭ تەسىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىز-
دىمۇ يالغان قوشاقلار پەيدا بولدى. بۇ قوشاقلار رومانلىرى-

* «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، — 23-بەت.

سىزدىنمۇ ئورۇن ئالدى. بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەس. رومانلاردا قىستۇرۇلغان قوشاقلار يالغان بولمىسۇن، راست بولسۇن. چۈنكى ئۇ قوشاقلار رومان بىلەن بىرلىكتە خەلق ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ، مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، ھەرگىز تاسقاپ چىقىرىۋېتىلگەن كېپەككە ئايلىنىپ كەتمەيدۇ.

خەلق ئىچىدە:

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە،
ھەسرەت ئىچىمدە،
ئۆلگىمەس ئوتقا كىرىپ قالدىم،
دەردىم ئىچىمدە.

دېگەن قوشاق بار. بۇ قوشاق «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» دە ئىككى ئورۇندا ئىككى خىل ئىشلىتىلگەن. كىتابنىڭ 115-بېتىدە:

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە،
خىيالىم ئىچىمدە،
ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
دەردىم ئىچىمدە.

دەپ ئېلىنغان بولسا، 317-318-بەتلەردە:

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە،
دەردىم ئىچىمدە،
تۇرۇپ بولماس نالە-زارغا
خەلقىم ئىچىدە.

دەپ ئېلىنغان. بۇ قوشاق خەلق ئىچىدىكى ئەسلى تېكى-

شىڭ ئۇخشىماي قالغان. بۇنى شۇ قوشاقنىڭ ۋارىيانتى دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئاپتور ئۆز مۇددىئاسىغا بويسۇندۇرۇۋالغان. ئاپتور-نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، كىتابىنىڭ باش قەھرىمانى موللا زەيدىن قوشاقنىڭ بىرىنچى خىلىنى باشتىكىم ئىچىدە كېتىۋې-تىپ، تاغ ئۈستىدىكى «تاھىر-زوھرا» نىڭ قەبرىسىنى كۆرگەن-دىن كېيىن، ھەر خىل شېرىن ھېسلارغا بېرىلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىدۇ؛ ئەككىنچىسىنى يەنە موللا زەيدىن بېيجىڭغا خەت ئې-لىپ كېتىۋېتىپ، قاتار-قاتار مەھەللىلەرنى، ساي بويلىرىنى بېسىپ ئۆتمۇۋاتقاندا، ئۆز يۇرتىنىڭ تۇپراقلىرىغا ھوزۇرلىنىش ۋە ئېيتىمخارلىنىش بىلەن قاراپ ئېيتىدۇ. بۇ قوشاقتىن «شېرىن ھېس»، «ھوزۇرلىنىش»، «ئىپتىخارلىنىش» چىقمايدۇ، بۇ پەردە سۆز تېكىستى بىلەن قوشاق تېكىستى بىر-بىرىگە ماسلى-شىپ كەتمىگەن، بىرىنچى ئورۇندىكى تېكىستتە «تاھىر-زوھرا» قەبرىسىنى كۆرگەندىن كېيىنكى شېرىن ھېسلار ئەمەس. موللا زەيدىنىڭ يول بويى ئارتىپ كەلگەن «يول ئازابى، گۆر ئازابى» ئىپادىلەنگەن بولسا، ئىككىنچى ئورۇندىكىسىدە، ئۆز يۇرتىنىڭ تۇپرىقىغا ھوزۇرلىنىش ۋە ئىپتىخارلىنىش ئەمەس، بەلكى خەلق ئىچىدىكى نالە-زار ھەم سەپەردە ئۆز بېشىغا ھەر قانچە مۇشكۈل كۈنلەر چۈشسىمۇ كۈننى تۈنگە ئۇلاپ، ئەرزىنى تېز يەتكۈزۈشتىكى ۋەدىسى ئېچىپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، خەلق قوشاقلىرى ئەسلى تېكىستى بويىچە ئىشلىتىلمەي، خالى-غانچە بۇزۇۋېتىلسە، بىرىنچىدىن سۆز تېكىستىگە ماسلاشمايدۇ، ئىككىنچىدىن، باشقا ئالامەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپتور قوشاقتىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، باشقا نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ.

خەلق قوشاقلىرى ئەدەبىي ئەسەرگە ھاجەت بولسا، ئەسلى

تېكىستى ۋە ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلىنغان ھالدا، ئەينەن ئىپـادىلىنىشى، ئۆزگەرتىلمەسلىكى، كىتابى تىلغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلماسلىقى كېرەك ئىدى. بىزنىڭ بىر قىسىم رومانلىرىمىزدا بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىنغان. ئەكسىچە، يەنە بىر قىسىم رومان، پوۋېستلىرىمىزدا بۇ نۇقتىغا كۆڭۈل بۆلۈنمەي، قوشاقلار قارىسىغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن قوشاقلارنىڭ ئەسلى مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كەتكەن، بەدىئىيلىكىگە، تىلىغا نۇقسان يەتكەن. مەسىلەن:

1. ئاھ ئۇرارمەن، ئىخ پەلەك ①
ئاھلىرىم تۇتىقاي سېنى،
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
يىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

2. تورغاي تولا سايرايدۇ ②
سارۇچىنىڭ قولىدا،
بۇ دۇنيانىڭ تەقدىرى
ئەگەكچىنىڭ قولىدا.

3. مەن بۇياقتا ماڭغاندا ③
ئانام دەرۋازىدا قالغان،
قاچان كېلەرسەن، بالام دەپ
قارا كۆزگە ياش ئالغان.

بۇ قوشاقلارنىڭ ئەسلى تېكىستى مۇنداق:

---

① «كۆزەنچان يىللار» — 14 ـ بەت،
② «ئاۋزال شامالىلىرى» — 537 بەت.
③ «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» 317 ـ بەت.

1. ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرار،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى،
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

2. تورغاي تولا سايرايدۇ،
دوغايتۇنىڭ قولىدا.
ئۆلمەيمەن دېگەن بىلەن،
جان خۇدانىڭ قولىدا.

3. مەن بۇياققا ماڭغاندا
يار ئىشىكتە قالغان.
قاچان كېلەسەن، يار دەپ
قازا كۆزگە ياش ئالغان.

رومانلارغا قىستۇرۇلغان يۇقىرىقى قوشاقلارنى ئەسلى تېكىستى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، سۆز، مىسرالارنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ھەتتا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ باشقا قوشاققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىمىز. بۇنىڭ بىلەن قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى، بەدىئىيلىكىگە كۆرۈنەرلىك ھالدا تەسىر يەتكەن، بەزى ئىشقى قوشاقلار ئاتا-بالا مەزمۇنىدىكى قوشاققا، ئۆلۈم توغرىسىدىكى قوشاق ئەمگەك ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىقتىدارى توغرىسىدىكى قوشاققا ئايلىنىپ قالغان.

ئومۇمەن ئالغاندا، قوشاقلارغا، بولۇپمۇ تارىخىي قوشاقلارغا ھۆرمەت بىلەن قارالماي، قارىسىغا ئۆزگەرتىلىدىغان بولسا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنىڭ ئەينەنلىك رولى، تارىخىي قىممىتى ۋە رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئالاھىدىلىكىگە ئېغىر دەرىجىدە نۇقسان يېتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، خەلقنىڭ زېھنى ئارقىلىق جەملەنگەن پەلسەپىۋى پىكىرلەر بۇ-

رىۋاجلىنىدۇ. بۇنداق پىكىرلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ژانىرلىرىغا سىڭگەن بولىدۇ. بۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشىمىزغا بولمايدۇ.

ماكسىم گوركىي يازغۇچىلارنىڭ خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بىزگە سۆزنى تېجەشنى، تىلنى پىششىق، پۇختا ۋە ئوبرازلىق قىلىشنى ناھايىتى ئوبدان ئۆگىتىدۇ.»* بىز رومانلارغا قارايدىغان بولساق، ماكسىم گوركىي ئېيتقاندەك، ئاپتورلىرىمىزنىڭ خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى توپلىغان، ئۆگەنگەن، ئۇنى دەل جايىدا توغرا ئىشلەتكەنلىكىگە دائىر ناھايىتى نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللارنى تاپالايمىز. مەسىلەن: «ئىزدىنىش» رومانىدا رومانىنىڭ باش قەھرىمانى ئەلا يېتىم قېلىپ، ئىزادىن مۇئەللىمنىڭ ياردىمىدە مەكتەپكە كىرىپ 4-سىنىپتا ئوقۇيدۇ، ئوقۇغۇچىلار: «قاراڭلار، ماۋۇ ئوقۇغۇدەك-ھە» دەپ ئەلانى زاڭلىق قىلىدۇ، بەزى مۇئەللىملەر مەنسىتمەيدۇ. لېكىن، ئەلا ئۆز ئەقىل-ئىدرىكى بىلەن ياخشى ئوقۇيدۇ، بالىلارغا بوزەك بولمايدۇ. ئاخىرى ساۋاقداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ، مۇئەللىملەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. ئەلا كۆپ ئۆتمەيلا سىنىپ ئاتلاپ 5-سىنىپقا چىقىدۇ. ئەلانىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقىنى پەقەت رەقىپ (ئوقۇغۇچى)لا كۆرەلمەي خىرىس قىلىدۇ، ئەلانى ئۇرىدۇ. ئەلامۇ ئۇنىڭغا بوش كەلمەي، رەقىپنى بېشى بىلەن بىر ئۇسۇپ يىقىتىۋېتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان مەكتەپ مۇدىرى (رەقىپنىڭ ئاكىسى) غەزەپلىنىپ، بۇرۇتلىرى تىك-تىك بولۇپ ئەلانى

* «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 43-بەت.

جوڭقۇيدۇ. شۇ چاغدا مۇدىرنىڭ يېنىدا تۇرغان ئۆمەر: «يېتىم
بولۇڭدا، تېرىق تۈلۈمدا دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟» دەپ
ئەلانى ئەيىبلەيدۇ. مانا بۇ ماقال رومانىدا دەل جايىدا،
ئورۇنلۇق ئىشلىتىلگەن. ئەگەر مۇشۇ ماقال شۇ جايغا قىستۇ-
رۇلمىغان بولسا، ئەلا توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن گەپ قىلىپ،
بۇ ماقالىدىكى مەزمۇننى كىتابخانلارغا ئۇقتۇرۇش تەس ئىدى،
ئىناپەت ياكى ئوبراز يەنىلا تازا ئېچىپ بېرىلمىگەن بولاتتى.
«ئىز» قاتارلىق رومانلاردىمۇ مانا شۇنداق ئورۇنلۇق ئىش-
لىتىلگەن ماقال-تەمسىللەر كۆپ.

بىز «چالا تەككەن ئوق» رومانىدا ناھايىتى كۆپ
ماقال-تەمسىللەرنى ئۇچرىتىمىز؛ رومانىڭ بىر قىسىم بەتلىرى-
دە بەش-ئالتە، ھەتتا يەتتە-سەككىز ماقال-تەمسىل بار.
بۇنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قۇتقۇزۇۋېلىش شۇئارى
ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۈگۈنكى كۈندە ئاپتورنىڭ جاپالىق ئەم-
گىكى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ماقال-تەمسىللەرنى بىر-بىرلەپ
يىغىپ، رومان ئارقىلىق يەنە خەلققە يەتكۈزگەن توغرا نىيىتى
قەدىرلەشكە تېگىشلىك، ئەلۋەتتە. لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش
كېرەككى، ئاپتور ئۆز ئەجرى مېۋىسىنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمى-
غان، بەلكى خەلق سۆز سەنئىتىنىڭ بۇ قىممەتلىك بايلىقىنى
يەنە ئۆز قولى بىلەن ئۇنۇمسىز توپىغا كەلسە-كەلمەس
چېچىۋەتكەن. رومانىدا ماقال-تەمسىللەرنىڭ كۆپى ھاجەتسىز
قىستۇرما بولۇپ قالغان، ئورۇن تاپالمىغان. نەتىجىدە خەلقنىڭ
پىكرى جەملەنگەن ماقال-تەمسىللەرنىڭ قىممىتى ئۆچۈپ
كەتكەن، رومانىڭ تىلىنى جانلاندۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش
رولىنى ئوينىيالمىغان، ئەكسىچە، تىلنى، تىلنىڭ راۋانلىقىنى
بۇزۇپ، ئوقۇمنى مۇجمەللەشتۈرۈپ قويغان، رومانىڭ بەدىئىي

يىلىكىگە يەلكىسىلىك تەسىر يەتكۈزگەن. مەسىلەن: شەھىتىدىن ئەلچىگە: «دېۋزەكنى بوزەك قىلمىسا، قىيامەتتە سورىقى بار» دېگەن تەمسىل راست ئىكەندە، تەقسىر، ئىلكىن «ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ» غاپىللىقىنى تويدان بىلىۋالدىم. مەن ئەمدى كەچكىچىلا، سالاغا كەتكەن قېرىنداشىم، بولىۋەرمەيمەن» دەيدۇ. بۇ بىر ئابزاس ماقال — تەمسىللەرنىڭ يىغىندىسىغا ئايلىنىپ قېلىپ، شەھىتىدىننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بەك غۇۋالاشتۇرۇۋەتكەن. بۇ ئابزاستىكى ئۈچ ماقال - تەمسىل نىڭ ئورنىغا پەقەت «ئۆز ماقىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەن بىرلا ماقال قىستۇرۇلغان بولسا كۇپايە قىلاتتى. ئۆز جايىدا، ماقال دەل جايىغا چۈشكەن، جۈملە راۋان بولۇپ، مەقسەت تېخىمۇ ئېچىلاتتى. رومانىنىڭ يەنە بەزى جايلىرىدا «ياغاچ قازان بىر قېتىم قاينايدۇ»، «پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا ساپتۇ»، «ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قېقىپتۇ» دېگەن ماقال - تەمسىللەر «ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ»، «پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلاش»، «ئىچىدىن ئۆرۈپ ئۆپكىسىنى قاقماق چى» دەپ بۇزۇۋېتىلگەن. بۇنداق ئەھۋاللار «چالا تەككەن ئوق» رومانىدا خېلى ئۇرغۇن ئۇچرايدۇ. بۇنى رومانىنىڭ كەمچىلىكى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىر ئوقۇمانى دېيىشكە بولىدۇ.

رومانچىلىقىمىز ئەمدىلا كۆللىنىشكە باشلىدى. مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ ئاجىز ھالقا بۇندىن كېيىن، كۆللەپ - ياشنىشى مۇمكىن. ئەمدى يېزىلىدىغۇسى ھەرقانداق رومان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى چەتكە قايرىپ قويالمايدۇ. ئاپتورلىرىمىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ھۆرمەت بىلەن قاراپ ئەستايىدىل تاللاپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە توغرا، دەل ئىشلىتىپ مۇۋاپىق ئورۇنغا ئىگە قىلىشنى، ھەرگىز سەل قارىماسلىقىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

## «ئىزدىنىش» تىكى گۈزەللىك ئوبرازى ھەققىدە

نۇرمەھەممەت زامان

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» ناملىق رومانىنى ئوقۇشىمىز بىلەنلا، گۈزەللىك بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مېنىڭچە بۇ سوئالغا بىر — ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرىش تەسرەك، چۈنكى ئۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىجتىمائىي مۇھىتتىن تارتىپ ئاپتورنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە رومانىدىكى ھەر خىل ئامىللارغا نەزەر سېلىشقا ھەمدە بۇھەقتە تەھلىل يۈرگۈزۈشكە، تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئادەمنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئادەمنىڭ جانلىق خاراكتېرىنى يارىتىش، يارىتىلغان جانلىق خاراكتېرلار ئىجتىمائىي مەزمۇنغا باي بولۇش، پېرسوناژلار ئىچكى دۇنياسىنىڭ مولىقى، كۆپ خىللىقى، ئۆزگىرىشچانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. يازغۇچى ئەدەبىي ئەسەردە پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى، ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، ئىجتىمائىي ئورنى، ئەخلاق - پەزىلىتى، قىياپىتى، پىسخىكىسى ۋە بەدىئىي تىلىنى توغرا سۈرەتلەپ بېرەلىگەندىلا ئاندىن ئەسەرنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنى بىلەن ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تولۇق، كونكرېت، جانلىق ئىپادىلەپ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى تېمىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، مەزمۇنىنى

كەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى قىلالايدۇ. ئاۋادا يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە ھەر خىل خاراكتېردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەسۋىرلەشتىن ئايرىلمىدىكەن، رېئال تۇرمۇشنى ھەقىقىي، ئىشەنچلىك قىلىپ ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى ھايات ئۆزى باي، رەڭدار، كەسكىن، مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى تۇرمۇشتىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر جەريانىدا تۈزۈلىدۇ ھەم راۋاجلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن زوردۇن سابىر يېڭى دەۋردە ئۆسۈپ-يېتىلىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىش، ئۆسۈپ-يېتىلىش يولىنى يورۇتۇپ بېرىشنى نىشانلىغان رومانى «ئىزدىنىش» تە گۈزەلئايدىن ئىبارەت مۇرەككەپ ئوبرازنى ماركسچە، لېنىنچە ئىنكاس نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن چىقىپ، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن توغرا ۋە تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن قىلىپ يارىتالىدى. ماركسىزم ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، دەپ تونۇيدۇ. شۇ قانۇنىيەت بويىچە ئاپتور گۈزەلئاينى زور، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەقەلەر شادىر بولغان بوران-چاپقۇنلۇق 60-يىللاردىكى ۋەزىيەت ئىچىگە قويۇپ، شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. گۈزەلئاي ئوبرازى ئارقىلىق شۇ دەۋر روھىنى، شۇ چاغدىكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى، تۇرمۇش كۆز قارىشى، پسىخىكىسى، مەنىۋى، ھېسسى-يى پائالىيەتلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلىدى. گۈزەلئاينىڭ پائالىيەتلىرى رومانىدا ئۈچ قېتىم نۇقتىلىق تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ خاراكتېرى بىرقەدەر قايىل قىلارلىق ھالدا ئېچىپ بېرىلگەن.

بىرىنچى قېتىمدا، بىز گۈزەللىنىنى ئەمدىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئاتلانغان، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ۋار ئىستىكىدە ياشىغان بىر توپ ئىرادىلىك ۋە غايىلىك ياشلار قاتارىدا كۆرىمىز. گۈزەللىنىڭ ئۆزگىچە مىجەز - خۇلقى، ئاجايىپ ئۈستۈن خاراكتېرى بىلەن باشقا قىزلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، ھەممە شوخ يىگىتلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىۋالىدۇ. ئۇلاردا ھەرخىل چۈشەنچە، ھەرخىل قاراشنى شەكىللەندۈرىدۇ. باشقا قىزلار ئويۇنچى، خۇشپېئىل، ناخشا خۇمار يىگىتلەرگە يېقىنلىشىدۇ، ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىدۇ، تونۇشىدۇ، چاقچاقلىشىپ كۈلىشىدۇ. تولىمۇ چىرايلىق ۋە ياسانچۇق گۈزەللىنىڭ بولسا يىگىتلەرگە كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويماستىن ھ تاغلارغا، كەچكى شەپەققە ۋە ئاق قىزغۇچ بۇلۇتلارغا قاراپ تۇراتتى، گويا ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ياش يىگىتلەر يوقتەك، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە، ھەتتا چىرايلىق كۆزلىرىنى بوستاندەك ئوراپ تۇرغان كىرپىكلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە زەڭ قويۇپ ئول-تۇرغان مونۇ ئالتە يىگىت گويىكى مۇشۇ قاپتالنىڭ كېرەكسىز تاشلىرىدەك... تەكەببۇر قىز قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، كىشى-نى مەس قىلىدىغان چىرايلىق كۆكرىكىنى ئالدىغا چىقىرىپ، گۈزەل لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، يىراقلارغا قاراپ ماڭاتتى...»*
ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ھاشىرنىڭ قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلۈشى، تاماكىسىنى غەزەپ بىلەن شورىشى، نامەتنىڭ ئۇنىڭ چاچلى-رى، ئىشتىنىڭ بەللىرى ۋە پاقالچەكلىرىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ مېڭىشى قاتارلىق تىپىك ھەرىكەتلەر گۈزەللىنىڭ تۈز،

* «ئىزدىنىش»، 51، 71- بەتلەر.

ساغلام، كۈچلۈك قىزلىق غورۇرىغا ئىگە نازاكەتلىك خاراك-
تېرىنى چۈشىنىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئاپتور رومانىنىڭ
دەسلەپىدىلا ئىنتايىن ئىنچىكە تۇرمۇش دېتاللىرى، قىياپەت
تەسۋىرى، مۇۋاپىق بەدىئىي تىل ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ
بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا چىرايلىق ئەمما نەزىرى ئۈستۈن سۇم-
باتلىق ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەيدۇ.

ئىككىنچى قېتىمدا، گۈزەلئاي لەنجۇ مىللەتلەر شۆيۈەنى-
دە پەيدا بولىدۇ. رومانىنىڭ باش قەھرىمانى ئەلا رەقىپ
ۋە ئادىلەنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق گۈزەلئاي بىلەن تونۇشىدۇ
ۋە دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. «قىز ماڭا قاراپ تۇنجى
قېتىم كۈلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ئادەمنى بىھوش
قىلىدىغان نۇرلار مېنىڭ بەدىنىمگە تەگدى. يۈرىكىم تىترى-
گەندەك، بىرسى مېنى غىدىقلىغاندەك، بەدىنىمدە يوشۇرۇن
بىر ۋەھىمىلىك تەۋرىنىش پەيدا بولدى... مېنىڭ كۆزلىرىم
ھېلىقى چاغدا قىزنىڭ مېنى كەمسىتىپ كالپۇكىنى پۈرۈشتۈر-
گىنىنى، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى كۆرگەن، مېنىڭدە غەزەپ ۋە
نەپرەت پەيدا قىلغان كۆزلىرىم بۈگۈن بىرىنچى بولۇپ ئىرا-
دەمگە بويسۇنمىغىلى تۇردى. دېمەك ھەممىدىن يامىنى كۆز
ئىكەن. بۇ كۆزلىرىم مېنى بالاغا قويىدىسا بولاتتىغۇ...»* بۇ
سۆزلەردە ئەلانىڭ ۋۇجۇدىدا تۇنجى قېتىم پەيدا بولىۋاتقان
يالقۇنلۇق مۇھەببەت سىزىقىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭ يۈرە-
كىنىڭ ئاستىن قاتلاملىرىدىكى ئەندىشىسىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.
لېكىن شۇنىڭغا قارىماي بۇ دوستلۇق ئورنىتىلىدۇ. «گۈزەل-
ئاي يالت قىلىپ ماڭا قارىدى، يۈزىگە شەپەق ئۇرۇلغان-

* «قىزدىنىش»، 130 - بەت

دەك قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئادىلە ئۆلىنىڭ تا-
زۇك قولىنى نېمىشقىدۇ مېنىڭ سۇس تىترەۋاتقان ئالقىنىم-
غا قويدى:

— ھەي گۈزەل، ئەلانى ئوقۇتقۇچى دېسەم، ساۋاقداش
دېسەم بولىۋېرىدۇ، ھەي ئادەم دېسەڭمۇ، ھەي بالا دېسەڭمۇ
قاملىشىۋېرىدۇ، قېنى ئەمسە دوست بولۇڭلار! دوست-دوست،
چەمەن دوست، ئاداش، ئاداش بولايلى، تاپقان ناننى تەڭ
يەيلى، سېنىڭ، مېنىڭ دېمەيلى!...

— يىغلىمايلى، كۈلمەيلى، دۆم تاۋاردەك ئۆگمەيلى، -
قالغىنىنى رەقىپ داۋام قىلدى، -چىنار ئوخشاش كۆكلەيلى،
ئەتىر گۈلدەك كۈلمەيلى، قېرىساقمۇ ئۆلمەيلى.........

— ھا، ھا، ھا......»*

بۇيەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، ئىلىم-
پەنگە ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا تەقەززالىق بىلەن ئىنتىل-
گەن ئەلاغا گۈزەللىكنى تېپىشتۇردۇۋاتقان رەقىپنىڭ نىيىتى
يامان، گەرچە ئۇ تىل-ئەدەبىيات پاكولتېتىنىڭ مۇدىرى،
ئەلانىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولسىمۇ، لېكىن
ئۇ ئەلانىڭ يۇقىرى ئىناۋەتىدىن پايدىلىنىپ گۈزەللىكىنى
ئۆزىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن
ئۇرۇنىدۇ. ئەلانى بۇ يامان غەرىزىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشتا بىردىن بىر ۋاستە، بۇ ئاساۋ ئاتتەك شاش قىزنى
باغلىۋالىدىغان «ئەشەنچلىك موم ياغاچ» قىلىدۇ. مانا مۇ-
شۇنداق خەۋپلىك ۋە بوش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەب-
بەت يالقۇنى ئەلانى قاتتىق ئازابلايدۇ، لېكىن ئۇزۇن سەرگۈ-

* «ئىزدىنىش» 121-122 بەت.

زەشتلەردىن كېيىن مەڭگۈلۈك مۇھەببەتكە ئايلىنىدۇ. چىن
ۋە پاك مۇھەببەتنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ئەلانىڭ رىشتىنى گۈزەل-
ئاينىڭ نازۇك جامالىغا مەھكەم باغلايدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ
بۇ سۆيگۈ ئۇلغىيىپ، كۈچەيگەنسېرى گۈزەلئاينىڭ ئەلاغا
بولغان كىشىلىك تۇرمۇشى جەھەتتىكى تەلىپى كۆپىيىپ،
ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بېسىمى كۈچىيىدۇ. ئەلا توي قىلىش
تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويسا، گۈزەلئاي قالتىس ھەشەمەتلىك
توي قىلىش، بۇنىڭغا ئالدىرىماي پۇختا تەييارلىق قىلىشنى
تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ ئەلا ئاددىيراق تۇرمۇش كەچۈ-
رۈشنى ئويلىسا، گۈزەلئاي توققۇزى تەل بولغان ھەشەمەتلىك
تۇرمۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى ئاشۇ چاغلاردا پۈتۈن
مەملىكەت خەلقى تۈرلۈك ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر تۈپەي-
لىدىن ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغانىدى. ئەلا بولسا قور-
ساقنىڭ ئاچلىقىدىن بېلىدىكى كەمىرىنى قاتتىق تارتىپ
باغلاپ ماغدۇرسىزلىقتىن تىترىگەن ئاياغلىرىنى ئالماشتۇرۇپ،
سوغۇق ئۆيىدىكى قاتتىق ئورۇندۇقتا سەككىز، توققۇز سائەتلەپ
ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. بۇ ئېغىر كۈنلەردە گۈزەلئاي ئۇنىڭ-
غا مەنىۋى جەھەتتە ھەمدەم بولماي، ئەكسىچە ئەلانى تېخىمۇ
زور قىيىنچىلىقلارغا ئىتتىرىدۇ. خىجالەتچىلىك، تەڭقىسلىق
دەردى جاندىن ئۆتۈپ تۇرغاندا، گۈزەلئاي جەنۇبىي جوڭگو-
دىكى ئۆلكىلەرگە ئويۇن قويغىلى بارىدۇ، كۆتۈرەلمىسەڭ
ساڭكىلىتمۇال دېگەندەك، ئۇ يەردىن ئەلاغا مۇنداق خەت
يازىدۇ: «غەيرەت قىلىڭ، بىر ئامال قىلىپ ماڭا يەنە ئىككى
يۈز سوم ئەۋەتىپ بېرىڭ، ئادىلە نېمىنى سېتىۋالسا، مېنىمۇ
شۇنى ئالغۇم كېلىدۇ. ئۇ تۈنۈگۈن بىر يۈز سەكسەن

سۇمغا ئاجايىپ چىرايلىق، ياقۇت كۆزلۈك، جىك ئالتۇنىدىن ياسالغان بىر جۈپ ئۈزۈك سېتىۋالدى. مەن شۇنچىلىك بويى-نۇمنى قىستىمەنكى، يىغىمدىن ياستۇقنى چىلىق-چىلىق ھۆل قىلىۋېتىپتىمەن...»* رومانىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇرلىشىپ، سىيۇ-ژېتلار مۇرەككەپلىككە يۈزلەنگەنسېرى گۈزەللىنىڭ راھەتپەرەس-لىك، ئابروي تالىشىش، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق تەبىئىي ئىللەتلىرى ئاشكارىلىنىشقا، تەرەپ-تەرەپتىن چۈكۈلۈپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. مۇشۇ خىل ئادەمنىڭ بولۇشى رېئاللىققا ئۇيغۇن، بۇ ئەمەلىيەت. ئەينى يىللارنى بېشىمدىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر زىيالىلىرىغا ئايانكى، بىزنىڭ ئىلىم-پەن خادىملىرىمىز كېپەكتىن نان، بېدىدىن سەي يەپ جاپالىق كۈنلەردىكى بەزى مۇشكۈللەرگە تاقابىل تۇرۇپ ۋە ئۇنى يېڭىپ، گۈزەل مەنزىلگە قەتئىي ئىشەنچ، قالتىس جاسارەت بىلەن مېڭىۋاتقان چاغدا، بىر تۈركۈم مەشچانلار ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان، يارىتمىغان، ئۇلار بىلەن مۆرىنى-مۆرىگە تىرەپ، تەقدىرداش بولۇپ كۈرەش قىلىشنى ئويلىماي، ئەكسىچە ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك، بۇ ۋەزىيەت بىلەن قىلچە كارى بولمىغان، ھەتتا ئۇلار بىلەن ئىش-پەش تارتىشىپ قالغانلىرى نومۇس قىلىشماي نۇرغۇن پۇل، زېبۇ زىننەت بۇ-يۇملىرى، پىكاپ، يۇقىرى مەرتىۋە، ئېسىل تۇرمۇش شارائى-تى تەلەپ قىلىشقان ۋە بۇنى مۇھەببەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى. مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش كۆز قارىشى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئېتى كېلىشەلمەي، ئات ئايىل-خانىغا، يول سارىخانىغا بولۇپ كەتمىدىمۇ؟! ئاپتور ئەينى

* «گىرداب»، 333-بەت

يىللارنىڭ بۇ تۇپ خۇسۇسىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ گۈزەللىي-
نىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن .

ئۈچىنچى قېتىم بىز گۈزەللىينى توي مەرىكىسىدىن كېيـ-
ىن كۆرىمىز . بۇ چاغدا ئەلا يالاچاپلىنىپ گەنجە يايلىقى-
غا سۈرگۈن قىلىۋېتىلگەنىدى . ئۇزەللىي غۇلجىغا تۇغقان يوق-
لاپ تويىنىغىلى باردۇ . بۇ سەپەر جەريانىدا گۈزەللىينىڭ
بۇرژۇئا تۇرمۇش كۆز قارىشى ، شەخسىيەتچىلىك ئىدىيەسى
تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ تولۇق ئايان بولىدۇ . گۈزەللىي
غۇلجىدىن ئەلاغا مۇنداق خەت يازىدۇ : « غۇلجا شەھىرى
تويۇن - تاماشىنىڭ كانى ئىكەن . كۈندۈزى توغرا كۆۋرۈك ،
ئۈچ دەرۋازا ، ۋالى قادىرنىڭ بېغى ، ھەتتا تاشلەپكە ، بويىنى
كېسكلەردە توپ - توپ قىز - يىگىتلەر ، يۈرۈشىدىكەن . ئۇلار چىـ
رايلىق كىيىنىشكەن ، خۇشال - خورام ، ئەدەپ - ئەخلاقلىق ،
نەرسە - كېرەك باياشاتلىق ، كەچتە ئىسماقىپنىڭ كۇلۇبىنىڭ ئارقى-
سىدىكى يازلىق مەيداندا تانسا بولۇپ تۇرىدىكەن . ئۇنىڭ
يېنىدىكى تەمەلىك يازلىق ئاشخانىسىدا قىمىز ، پىۋا ، كاۋاپ
سامسىلار بىلەن ھەر قەيەردىن كەلگەن مېھمانلار كۆڭۈل ئېچى-
شىدىكەن ، رويالغا تەڭكەش قىلىنغان گارمۇن ياكى گىتار بىلەن
گارمۇشكا ئاجايىپ لىرىكىلىق . شوخ مۇزىكىلارنى ياڭرىتىپ
تۇرىدىكەن . دوستۇم بىلەن ( ئەسلى « رەقىپكام » دەپ يېزىپتى-
كەن ، ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ ، مەن سىنچىلاپ يۈرۈپ بۇنى
ئوقۇۋالدىم ) ئىككىمىز ھەر كۈنى تانسىغا كېلىپ تۇرۇدۇق .
ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئاجايىپ كۈلكىلىرى ، ناخشىلىرى ھەتتا
مەيداندا پەيدا بولغان ئەتىر - ئادىكالوننىڭ پۇرىقى ، مۇزىكا ،
كەيىپ بولغان يىگىتلەرنىڭ قىتاس - چۇقانلىرى مېنى ئۆزىگە
شۇنچىلىك تارتىۋالدىكى ، زادىلا كەتكۈم كەلمەي قالدى .

ئامالنىڭ يوقىدىن، بويىنۇمدىن باغلاپ سۆرىگەندەكلا بۇيـاققا ماڭدىم ......»* گۆزەلئاينىڭ شەخسىيەتچى ئىددىيەسى مۇشۇنداق مۇتىدىل شارائىت ئىچىدە ئەۋجىگە چىقىپ، ئەلانىڭ رەقىبىگە پۈتۈنلەي تەسلىم بولىدۇ. ئاخىر پاجىئەلىك تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىپ، سۆيۈملۈك ۋەتىنى-ئانا يۇرتىنى تاشلاپ، ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدۇ. گۆزەلئاينىڭ مۇھەببىتى ئەلانىڭ تۇرمۇشىنى كۆزۈتۈپ كېلىۋاتقان پىشقەدەم ئۇستازى ماجۇردىن ئېيتقاندەك «مۇھەببەت مايىللىرىغا چۈشىدىغان ئۈششۈك» بولىدۇ. بۇ ئۈششۈك كۈچلۈك مۇھەببەتنى خاراپ قىلىۋەتتى.

بىز گۆزەلئاينىڭ دەسلەپتىكى ھالەتلىرى بىلەن روماننىڭ ئاخىرىدىكى ھالىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ قارايدىغان بولساق. ئۇنىڭ پىخكىمىدىكى جىددىي تەرەققىياتىنىڭ نەقەدەر تەبىئىي ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز، گۆزەلئاينىڭ ھېسسىياتى، تۇيغۇسى، ئارزۇ-ئىستىككى، خۇشاللىقى، ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادىتى، كەچمىش-كەچۈرمىشلىرى ۋە نازۇك، ئىنچىكە ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئىچكى ھالەتلىرىدىن تارتىپ گۆزەلئاي خاراكتېرىنىڭ تۈپ ئىجتىمائىي ئاساسى بولغان تىپىك مۇھىت بىلەن چەمبەرچەس باغلاپ تەسۋىرلەنگەن. گۆزەلئاي مۇشۇنداق جانلىق، كەسكىن، زىددىيەتلىك تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ باي، مۇرەككەپ چىگىش ھالەتلىرىنى ئۆزىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن، ھەمدە مۇشۇنداق خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆز

* «ئىزدىنىش» 357-358-بەتلەر.

ئەتراپىدىكى پېرسوناژلارغا يېڭى روھ، يېڭى مەزمۇن بېرىپ، ئۇلارنى تولۇقلايدىغان، كۆتۈرىدىغان، دۇشمەنلەشتۈرىدىغان ۋە گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىجادىي ئوبراز بولۇپ شەكىللەنگەن. گۈزەلئاينىڭ كىشىنى قايىل قىلىپ تەسىرلەندۈرىدىغان، ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەللىكى ۋە سېھرى كۈچىدۇ مانا مۇشۇيەردە. ھەرقانداق دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك نەرسىلىرى بولغىنىدەك، پاش قىلىش، تەنقىتلەشكە تېگىشلىك نەرسىلىرىمۇ بولىدۇ. ماھىر ئەدىب مانا مۇشۇ نەرسىلەرنى تاللىۋېلىپ، تېپىككىلەشتۈرۈپ، بەدىئىي ئوبرازنىڭ كۈچى ئارقىلىق كىشىلەرگە ھاياتنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى، ئەينى قىياپىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇلارنى تۇرمۇشتىكى پەسكەشلىك، چاكىنىلىق-لاردىن قاتتىق سەسكەندۈرىدۇ. گۈزەلئاي ئوبرازىدا ئەينى دەۋرنىڭ تېپىك ھالىتى تولۇق ئىپادىلەنگەن. گۈزەلئاي ئەگەرچەندە بۇ تىپىك مۇھىتتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇنىڭ گۈزەللىكىمۇ تۈگەيدۇ. بۇ نازاكەتلىك، تەكەببۇر قىزنىڭ قانداق قىلىپ پاجىئەلىك يولغا ماڭغانلىقىنى شەرھىيلەپ چۈشەندۈرۈشمۇ تەس بولۇپ قالىدۇ. ئاپتور تۇرمۇشتىكى تىپلارنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى دەپ چۈشەنگەنلىكتىن، يېڭى تىپ يارىتىش جەھەتتە كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلارلىق نەتىجىگە ئېرىشكەن.

پېرسوناژ تىلى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى بىلەن تەبىئىي ھالدا بىرلىشىپ كېتەلىسە، ئۇ چاغدا پېرسوناژنىڭ خاسلىقى، ئۆزگىچىلىكى، ئەقلى-تۇرقى ۋە مىجەز-خۇلقىنى ھاياتتىكىدەك ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، شۇ ھالەتنى كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ. گۈزەلئاي چەت ئەلگە ماڭ-

ماقچى بولغاندا ئەلا بىلەن گۈزەلئاي ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەت داۋامىدىكى كەسكىن دىئالوگدىن بىز ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى، روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى، چىرايى ۋە رەڭگىرويىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. گۈزەلئاينىڭ تۇرقى بىزگە گويا بىشەملىك بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان پېرسوناژ تىلىدۇر. بىزنى ئوقۇۋاق ئاسان بولغان بىلەن ئاشۇنداق ئوبرازلىق يېزىش ئاسان ئەمەس.

ئاپتور روماندا يەنە، گۈزەلئاي توغرىسىدىكى بايانىنى بىردەم ئەلانىڭ تىلىدىن، بىردەم گۈزەلئاي، رەقىبلىرىنىڭ تىلىدىن، بەزىدە بولسا خەت يېزىش شەكلى ئارقىلىق بېرىپ، زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى كۈچەيتىپ بارىدۇ. مۇشۇ يول بىلەن بىزنى رومانىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، گۈزەلئاي ۋە باشقا پېرسوناژلار بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل بەدىئىي ئۇسلۇبنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئەۋزەللىكى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاپتور ئۆزىنى بايان ئىچىدىن ئەپچىللىك بىلەن چەتكە ئېلىپ، بۇرۇندىن تەكرارلىنىپ، قېلىپلىشىپ قالغان ئاپتور ھەممىگە ئارىلىشىۋېلىش ۋە چات كىرىۋېلىشتەك ئاۋارىچىلىقتىن خالى بولىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، گۈزەلئاي ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان، ئۇ ئۇيغۇر پروزىسىدا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە تەخلىتتىكى پېرسوناژدۇر. مۇشۇنداق ئۆزگىچە پېرسوناژ قانداق يارىتىلدى؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى تولا. ئەڭ مۇھىمى مۇنۇ سەۋەبتۇر:

«بۈگۈن بىزگە ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بېرىلدى، بىز

خالىغان نەرسىنى، خالىغان ئىدىيە، ئۇسلۇبنى تاللايمىز. ئۆز ھېسسىيات، ھاياجانلىرىمىزنى ئەركىن بايان قىلالايمىز. بىز ھېچقانداق مەمۇرىي بۇيرۇق، زاكازلارنىڭ قۇلى ئەمەس. بىز ئۆز كاللىمىز بىلەن ئىش قىلىمىز. بىزنىڭ بۇ ئەركىنلىكىمىز دەۋرگە خاس، تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى. شۇڭا ئۇ غالىپ، ھەقىقىي ئەركىنلىك. چۈنكى بىزگە ئەركىنلىكنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەردى.» *

* زوردۇن سابىر: «ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن ياخشى بەھرىمەن بولۇپ، ئىجادىيەتنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرەيلى» («ئىجادىيەت خەۋەرلىرى»، 1985-يىل 3-سان 26-، 27-بەتلەر).

# يېڭى زامان ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئابدۇۋەلى كېرىم

بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ-ياشناش سەۋىيىسىگە باھا بەرگەندە، ئالدى بىلەن شۇ مىللەت ئەدەبىياتىدىكى پروزىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراش دۇنيا ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئاللىقاچان مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن مەسىلە. دەرۋەقە، پروزا تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى ئۇنىڭ ئەڭ يىرىك ژانىرى بولغان رومانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا كىلىپ تاقىلىدۇ. ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ 30-يىللاردىن كېيىنكى مۇساپىسىگە نەزەر سالغاندا، ئۇنىڭدا ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاشلا شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. 30-يىللاردىن 70-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان قىرىق نەچچە يىلدىن بۇيان ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرى يېتىشىپ چىقىپ، شېئىرىيەت، پروزا، دراماتورگىيە بويىچە ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلگىنىگە قارىماستىن، ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۇچۇن چوڭ-چوڭ رومان تولغاقلىرى بىلەن ئازابلىنىش تېخى تەقدىردە پۈتۈلمىگەن ئىشتەك، ئالدىنقى بىر ئەۋلاد ئەدىبلىرىمىز بۇ بىر ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. ئۇلارنىڭ پروزا ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلىرى ھېكايىچىلىقنىڭ سىناقلىرىدىن

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، چوڭ ژانىرلارغا قەدەم قويۇشى بىلەنلا تۈرلۈك سىياسىي ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە «سول» لۇشيەن تونجۇقتۇرۇپ نابۇت قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىيىن ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈش تارىخىي يوسۇندا ئىككىنچى ئەۋلاد ئەدىبلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. مۇشۇ نۇقتىدىن مۇلاھىزە قىلغاندا، يولداش قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» رومانى ئۇيغۇر يېڭى زامان رومانچىلىقى ئۈچۈن يېڭى بىر باشلىما بولدى. «كۈرەشچان يىللار» تارىخىي تېمىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى سىنىپ، ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تىپىك پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى، مۇرەككەپ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى كونكرېت تەسۋىرلىنىپ، ئۆزىنى ئازادلىق، ئەركىنلىك ئىشىغا مەردلەرچە بېغىشلىغان ئاشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۈرەشچان ئەۋلادلار بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى، ئۇلار كۈرەش بىلەن ئۆتكۈزگەن يىللارنىڭ كۈرەشچان يىللار بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ مانا شۇنداق كۈرەشچان روھىنى تولۇپ تاشقان مېھرى-مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەش، يېڭى ئەۋلادلارنى ئەجدادلىرىمىز قان كېچىپ، قۇربان بېرىشلەر نەتىجىسىدە بەرپا قىلغان يېڭى جەمئىيىتىمىزنى سۆيۈش، ئاسراش ۋە يۈكسەلدۈرۈش يولىدىكى جاپالىق ئەمگەكلەرگە، يېڭى تۇرمۇش يارىتىش يولىدىكى باتۇرانە كۈرەشلەرگە جەلپ قىلىش رومانىڭ مەركەزلىك غايىۋى مەزمۇنىدۇر.

بۇ رومان يېڭى مەھسۇلات بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە بولغان تونۇشتىكى قاتمال چۈشەنچىلەرنىڭ بېسىمى ۋە ئىدىيىۋى ئازادلىق تولۇق ئەمەلگە

ئويغۇنۇپ كەتمىگەن بىر شارائىتتا يېزىلىپ چىققاچقا بىر مۇنچە كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن خالى بولالمىدى. بۇ «كۆرەشچان يىللار» نىڭ يەككە ئاجىزلىقلىرى بولۇپ قالماستىن، ئەدەبىياتىمىزدا ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئورتاق ئاجىزلىقلارنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ خىل ئاجىزلىق ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ تارىخىي تۈزۈمىش چەكلىمىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئاپتور تاللىۋالغان «ئۈچ تۇتقۇنۇش» («ئىلىدا تالىتىپ ئۆلتۈرۈش»، «ئاتقا سۆرۈتۈپ ئۆلتۈرۈش»، «سۇغا بېسىپ ئۆلتۈرۈش»، «دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش») تۈرلۈك تەسۋىرگە تايىنىپلا توقۇلغان. رومانىدىن مەلۇمكى، دېھقانچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان كىچىككىنە بىر يېزىدا بىر-بىرىگە يېقىن كەلمەيدىغان ئۈچ خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مەۋجۇت. رومانىدا تەسۋىرلەنگەن يېزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا، بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئەسىر قۇللۇق جاھالىتى ھۆكۈم سۈرسە، بىر تەرەپتىن ئۆز ئالدىغا باستۇرۇش-توغدىنىش قوراللىق كۈچى تەشكىللەش، قاراڭغۇ زىندان، سۇ تۈرمىلىرى ياساش ۋە باشقا جازالاش مۇئەسسەلىرىگە ئىگە بولۇشتەك ۋەھشىيلەشكەن فېئوداللىق تۈزۈم ئاساستىكى ھۆكۈم سۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن سودا-سانائەت يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ھەر خىل كۆرۈنۈشتىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ شەھەرلەردىلا بولغان ۋە بولۇشى مۇمكىن بولغان، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىشپىيونلۇق تورلىرىنىڭ رەزىل ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالغان كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ تۈرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى ھۆكۈم سۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ 40-يىللارنىڭ ئاخىرىسىدىكى رېئال

تۇرمۇشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر پەۋقۇلئاددە تۇرمۇش
مەنزىرىسى پەيدا بولىدۇ. بۇ ھال ئاپتورنىڭ ئۆزى يېزىلىـ
ـغان غايىۋى مەزمۇنغا بېرىلىپ كېتىپ رېئاللىقتىن چەتنەپ
كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تۇرمۇشنى ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى دېگىنىمىزدە،
تاللىنىدىغان تېما، ماتېرىيالنىڭ دۇنيەيىن شارائىتتىكى
رېئاللىققا سادىق بولغان ھالدا تاللىنىش لازىملىقى كۆزدە
تۇتۇلىدۇ. ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە بەدىئىي توقۇلما
قىلىشى ئۆز غايىسى بويىچە ئەمەس، رېئاللىققا ئاساسلىنىشى،
كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا ۋە تۇرمۇش چىنلىقىغا بولغان
تونۇش ئۆلچىمىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى زۆرۈر. سۇبيېكتىپ
خاھىش بويىچىلا ئىشلەشكە مۇمكىن بولمايدىغان، ئوبيېكتىپ
شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ۋە بېسىمى ئاستىدا ئىشلەشكە
تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى زورمۇ-زور پېرسوناژلارغا
قىلدۇرماسلىقىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن چىنلىق ئەسەرنىڭ
جېنى بولالايدۇكى ئۇ كىتابخانغا شۇ دەۋردىكى رېئاللىقنى
ئەينەن ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش توغرىسىدىكى
رېئال تونۇش ئۆلچەملىرىگە مۇۋاپىق ئىشەنچلىك تۇرمۇش
دەرسلىكى بولالىشى كېرەك.

رومانچىلىق ئىجادىيىتىگە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەت
بىلەن كىرىپ كەلگەن زوردۇن سابىر 60- يىللارنىڭ بېشىدىكى
سىياسىي-ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىـ
يەتلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان قويۇق يەرلىك پۇراققا
ئىگە «ئاۋزال شامالللىرى» رومانىنى يېزىپ رومانچىلىق
ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى
نامايەن قىلدى.

رومانىنىڭ ئۇتۇقى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ئىجتىمائىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت-توقۇنۇشلار چىنلىق بىلەن تەسۋىرلىنىپلا قالماستىن، مۇھىمى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ داۋاملىق ھەمراسى بولغان ئەمگەك، خىزمەت، ئىستىل، ئائىلە، مۇھەببەت، ئەخلاق قاتارلىق مەسىلىلەردىكى ھەق بىلەن ناھەق، توغرا بىلەن خاتا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىلدى. رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى ئوخشىمىغان خاراكتېرلارنىڭ توقۇنۇشلىرى جەريانىدا ئېچىپ بېرىلدى. بىراق رومانىدا مۇھىم پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقاندا ئۇدۇملاشتۇرۇشقا بېرىلىش، بەزى پېرسوناژلارنى ئالدىن بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە ئەھمىيەتسىز ۋەقەلەر ئىچىگە قويۇپ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلمەسلىكتەك ئاجىزلىقلارمۇ ساقلىنىپ قالدى. بەزى تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىكى تەشەببۇسلارنىڭ ھاياتچانلىقى قىسقا بولدى. ئىلگىرى سۈرۈلگەن خاھىشلار كېيىنكى تۇرمۇشتىكى ئەھمىيىتىدىن ئايرىلىپ، شۇ چاغدىكى سىياسىي يۈزلىنىشلەرنىڭ كونتروللۇقى ۋە چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ ئۆتەلمىدى.

يولداش ئابدۇللا تالىپنىڭ ۋەتەنپەرۋەر، ئوت يۈرەك شائىر ۋە ئىنقىلابىي جەڭچى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى كەۋدىلەندۈرۈشنى ئاساس قىلغان «قاينام ئۇرغۇشى» دېگەن رومانى تارىخىي شەخس ۋە تارىخىي ۋەقەلەرگە بەدىئىي ئىجادىيەت نۇقتىسىدىن نەزەر تاشلىغان ئەسەر. ئاپتور بۇ رومانىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاخىرقى جان تالىشىش پەيتلىرىدە يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئاق تېررورلۇقىنى ئۆتكۈر سىنىپىي، سىياسىي كۈرەشلەر

زېمىنىدا تەسۋىرلەپ، شائىرنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرىگە يولۇققانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر قەدەر چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

رومانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇۋەپپەقىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا تىز پۈكمەس ئىنقىلابىي جەڭچى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قەيسەر خاراكتېرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى رېئال سىزىلىپ، سىياسىي كۈرەشلەر ئارقىلىقلا كۆرسىتىلىپ قالماستىن، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۇزاق ئىجتىمائىي، سىنىپىي، مىللىي زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنىڭ تارىخى بىلەن زىچ باغلاپ گەۋدىلەندۈرۈلدى.

رومانىدىكى ئەڭ مۇھىم يېتەرسىزلىك لۇتپۇللا ئوبرازىغا باشتىن-ئاياغ قارىمۇ قارشى ۋە سېلىشتۇرما بولىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ تراگېدىيىسىنىڭ سەۋەبكارى بولالايدىغان كۈچلۈك سەلبىي پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ يارىتىلمىغانلىقى. لۇتپۇللانىڭ قارشىسىدا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تومۇمىي كوللېكتىپىلا تۇرىدۇ. بەزىلىرى ئىشپىيونلۇق قىلىدۇ، بەزىلىرى ئىش نورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە باشقىلار. ئۇلار تومۇمىي نام بىلەن «يانتاقوپچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى لۇتپۇللانىڭ پائالىيىتىگە ئىچكى جەھەتتىن باغلانماي، سىرتقى تەسىر كۈچ تەرىقىسىدە تەسۋىرلىنىپ، ئەپ بويىچە ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا، خىزمىتىگە، ئىنقىلابىي ۋە ئەدەبىي پائالىيەتلىرىگە بىۋاسىتە ئارىلىشىدىغان، سورۇن، تەپسىلاتلاردا ئىچكى باغلىنىشتا بولىدىغان مۇقىم سەلبىي پېرسوناژلار يوق. بارلىق ھەرىكەت كۆپ ھاللاردا سىرتتىن كۆزىتىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال لۇتپۇللا ئوبرازىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى خاسلىق بىلەن كامال

ئېپىسىنى زورۇر بولغان ئىنچىكە، يوشۇرۇن، ھەم پارتىلاش خاراكتېرىدىكى توقۇنۇش ئىچىدە كۆرسىتىپ بېرىشكە شەرت ھازىرلاپ بېرەلمەيدۇ. روماندا بىز گەرچە ئىنقىلابچى لۇتپۇللانى بىر قەدەر روشەن تونۇپ يېتەلىسەكمۇ، لېكىن شائىر لۇتپۇللانى تازا روشەن كۆرەلمەيمىز.

شائىر لۇتپۇللانىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدىن، ئۇنىڭ ئېچىپ بەرگەن ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرى ۋە كۆتۈرۈپ چىققان جەڭگىۋار ئىدىيىلىرىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئۇنى پەقەت يىگىرمە ئۈچ يىللا ياشىغان بىر ياش ئىدى، دەپ ئىقرار قىلغۇسى كەلمەيدۇ. شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدە مۇشۇنداق بىر تالانت ئىگىسى قانداق مەيدانغا كەلدى؟ ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى خەلقىمىزنىڭ ئەينى شارائىتتىكى ھاياتى بىلەن قانداق تەقدىرداش بولالىغان؟ ئۇيغۇر خەلقى بۇ ئوت يۈرەك شائىرى ۋە ئىنقىلابىي جەڭچىدىن قانداق پەرقلىنىشى لازىم؟ مېنىڭچە، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھاياتىغا بېغىشلانغان بىئوگرافىك رومان بۇ مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق چوڭقۇر يورۇتۇپ بەرگەن بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

تەشكىلاتنىڭ پاش بولۇپ قېلىشى ئون سەككىز-ئون توققۇز ياشلاردىكى تۇرمۇش يولى تاپالمىغان ئوسماننىڭ چۈشكۈنلىشىشىدىن بولىدۇ. ئىشپىيونلار مۇنداق ئاسان تېپىلىدىغان يوچۇق ئارقىلىق تەشكىلاتنى قولغا چۈشۈرۈۋالىدۇ. نەتىجىدە تراگېدىيىگە سەۋەبچى بولىدىغان سەلبىي قەھرىماننىڭ رەزىللىكى، ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمىلىكى، جىنايى ئىشلارغا قابىللىقى چۈشەنچە بويىچە ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئوسمان تەشكىلاتنى پاش قىلىپ بولغاندىن كېيىن تۈرمىدە يەنە ھاخ

ئىن» بولمايمەن، دەپ كەسكىن كۆرەش ئېلىپ باردۇ. تەش-
كىلات پاش قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىنكى بۇ جەريان شۇنچە
كۆپ ۋە جىددىي تەسۋىرلەنگىنىگە قارىماستىن، ئوسماننىڭ گۇ-
ناسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىگىدەك تەسىر بېرەلمەيدۇ. ئەگەر
ئوسماننىڭ قىلمىشىنى بۇنداق تەسۋىرلىمەي، ئىنقىلابىي سەپ
ئىچىدىكى بەزى پېرسوناژلارنىڭ تونۇش جەھەتتىكى چەكلىمىسى،
كونكرېت تۇرمۇش ۋە شارائىت ئىچىدىكى ئىدىيىۋى ھەرىكەت
چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئاجىزلىق، سىياسىي جە-
ھەتتىكى كورلۇق تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان قۇتۇلغىلى بولماي-
دىغان زىددىيەتلەر قاتارىدا تەسۋىرلەنگەن بولسا، بىر قەدەر
ياخشى بولاتتى. ئاپتور تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەينى ۋاقىتتىكى
ئىجتىمائىي شارائىت ۋە شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىدى-
يەۋى تونۇش جەھەتتىكى مۇرەككەپ ئىچكى زىددىيەتلەردىن
پەيدا بولىدىغان، ساقلانغىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەرنى تې-
خىمۇ چوڭقۇر قېزىپ، كىتابخانلارغا تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر ۋە
تەربىيە بېرىدىغان قىلىپ ئىپادىلىگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى
بولاتتى.

روماندا تەسۋىرلەنگەن باشقا ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ
مۇستەقىل پائالىيەتلىرى ناھايىتى كەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار-
نىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز-خۇلقى، مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى،
ئەمەلىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، خاراكتېرى ئىنچىكە تەسۋىر-
لەنمەستىن، ھەممىسىلا لۇتپۇللا ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ھەرىكەت
قىلىدۇ. ھەممىسىلا لۇتپۇللاغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامىغا
سادىق بولۇپ، توقۇنۇشسىز ھالدا بىرلىككە كېلىدۇ. توقۇنۇش-
سىز ھالدا ئىشلارغا ئالدىرايدۇ. لۇتپۇللا خاراكتېرىنىڭ بەزى
تەرەپلىرىنى ۋاسىتىلىق ھالدا تولۇقلىيالمايدۇ.

رومانىدا يەنە زۆرۈرىيىتى ئانچە چوڭ بولمىغان بەزى ۋەقەلەر يەنى ئاشىق قىزنىڭ گومىنداڭغا ئىشپىيون بولۇپ ئۆزۈمچىدىن كېلىپ، قىز-دىرەكسىز يوقاپ كېتىشى، لۇتپۇللانىڭ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالماي، ئويۇنچۇق تاپانچا ئېچىقىپ بېرىش ئۈچۈن يېزىغا چىقىپ، كىتابلىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قارىلىق بىلەن قايتىپ كېلىشى قاتارلىقلار ئەسەر سيۇژىتىنىڭ راۋاجى ۋە قەھرىمانلار خاراكتېرىنىڭ كامال تېپىشىغا ئىشەنچ پەيدا قىلغۇدەك دەرىجىدە ماسلىشىپ كېتەلمىگەن. ئەسەرنىڭ تىلى جەھەتتىمۇ بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك پۇراققا ئىگە تىلى كام. ھەممىسى كۆپۈنچە ئورتاق ئەدەبىي تىلدىلا سۆزلەيدۇ. بەزى پېرسوناژلار ئىككى كېپىنىڭ بىردە خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى ئىشلىتىدۇ. ھەتتا قىسقا بىر دىئالوگدىلا ئىككى-ئۈچ ماقال-تەمسىلنى قاتىرىسىغا تىزىپ، ئۆز پىكىر-تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پورترېت تەسۋىرىدىمۇ قېلىپ بويىچە تەسۋىرلەيدىغان ئاددىي ئۇسۇللار قوللىنىلغان. مەسىلەن: «ئۆزىتىپ قويۇشقا چىققانلارنىڭ ئىچىدىن بېشىغا چىرايلىق ئۈنچە دوپپا، ئۈچىسىغا گۈللۈك چىت كۆڭلەك. كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كۆلرەڭ سارجا كاستيۇم، پۇتىغا چىرايلىق قارا توپلىي كىيىۋالغان، ئىككى تال ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىق، مەڭزى قىزىل، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئىنچىكە ئۇزۇن قاشلىق، قارا كۆز، ئوتتۇرا بوي بىر قىز بىر پارچە كونۋېرتنى ئاستىرتىن ھارۋا ئۈستىدىكى سومەكىگە تاشلىدى.» پېرسوناژنىڭ قىياپىتىنى ئۇنىڭ ھەرىكىتى، سۆزى، ھېس-تۇيغۇسىغا بىرلەشتۈرمەستىن مۇنداق ئۇچۇر-بۇچۇرىغىچە تەسۋىرلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ باشقا سۆز-ھەرىكەتلىرىنى تەسۋىرلەشكە ئۆتۈش، بۇنىڭ بىلەن قىياپەت تەسۋىرىنى

ئۆگىنىپ بولدۇم، دەپ قاراپ، ئۇ ھەقتە ئىككىنچى قېتىم ئېغىز ئاچماسلىق كىتابخانىدا پېرسوناژغا نىسبەتەن دېگەندەك ئېنىق تۇيغۇ ۋە تەسىرات پەيدا قىلالمايدىغان ئاددىي ئۇسۇللىرۇ تولستوي ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە تەسۋىرلەشنى تەنقىت قىلىپ: «تەسۋىرلىنىدىغان ئوبيېكتىپنىڭ ئاساسىي تەرىپىنىلا گەۋدىلەندۈرۈپ، قالغان تەرەپلىرىنى كىتابخانلارنىڭ خالىغانچە تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىشىغا قالدۇرۇش-كىتابخانىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يېتەكلەش بولىدۇ» دېگەنىدى.

يولداش ئابدۇراخمان قاھار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانى ئارقىلىق بۇ ئىنقىلابنىڭ تەييارلىنىش جەريانىنى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ پارتىزانلىق ھالەتتىن پەيدىنپەي زورىيىپ، مۇنتىزىم قوشۇن بولغانلىق جەريانىنى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ رېئال ئۆتۈشىگە ئاساسەن تەسۋىرلەپ، ئازادلىق، ئەركىنلىككە تەشنا ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ پىداكارلىق بىلەن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى بىر قەدەر تولۇق يورۇتۇپ بەردى.

ئاپتور ئەسەردە دېھقان، يىلقىچى، چارۋىچى، ئاددىي زىيالىلارنىڭ كۈرەش جەريانىدا ئۆسۈپ-يېتىلىپ، كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدىغان جاسارەتكە ئىگە ھەقىقىي ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنى تارىخىي چىنلىق ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەشكە تىرىشتى.

بىز «ئىلى دولقۇنلىرى» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە ئۇنىڭ ئاجىزلىقلىرى ھەققىدىمۇ توختالماي ئۆتەلمەيمىز.

رومانىنىڭ ئاجىزلىقى ئالدى بىلەن ئىنقىلابنىڭ تەييار-
لىنىش باسقۇچىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى ئوبراز ئىچىگە سىڭ-
دۈرۈپ، جانلىق تۇرمۇش مەنزىرىسى، ئۆتكۈر سىنىپىي، مىللىي
زىددىيەت ۋە كۆرەشلەر زېمىنىدە، جەددىي دراماتىك توقۇنۇش،
كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان چىن تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئارقى-
لىق تەسۋىرلەپ بېرەلمىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ باش
قەھرىمان نادىم ئوبرازىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ ئومۇم-
لۇق ھەم خاسلىق ئىچىدە ئېچىپ بېرىلمىگەنلىكىنى ئالاھىدە
كۆرسىتىش لازىم. ئۇنىڭ پادىچىدىن رازۋېتچىكلار گۇرۇپپىسى-
نىڭ باشلىقى بولغىچە بولغان جەريان نۇرغۇن ۋەقەلەر ئىچىگە
قويۇپ تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىدىيەۋى تونۇشىنى ئۆي-
ماتقان ۋە ئۇنىڭدا بۇرۇلۇش ياسىغان، يۈرىكىدە كۆرەش
ئوتىنى تۇتاشتۇرغان، كۆرەش جەريانىدا ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە
ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مەنىۋى كۈچ كەسكىن توقۇنۇش بو-
لۇۋاتقان تۇرمۇش ۋەقەلىرى ئىچىدە ئايان بولماي، ئادەتتە،
كۈندە تەكرارلىنىپ تۇرۇۋاتقان سىنىپىي تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق-
چۈششەك ھادىسىلىرى، تۈرمىدىن يېزىلغان خەتنىڭ ھېسسىي
تەسىرى بىلەنلا بولىدۇ. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى مىجەز-خۇلقى،
ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىلىرى باشقىلارغا زادى ئوخشىمايدىغان ئىن-
دىۋىدۇئاللىقى، دېھقان ياشلىرىغا خاس ساددا، كەسكىن ئېغىر-
بېسىق ھەم قەتئىي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئۆزگىچىلىك-
لىرى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا تازا روشەن گەۋدىلەنمەيدۇ. بۇ
ئوبرازنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلمىغانلىقىنىڭ مۇھىم بىر
سەۋەبى، سەلبىي پېرسوناژ ۋارىسجاننىڭ خاراكتېرىنىڭ ئاجىز،
خىرە يارىتىلىپ قالغانلىقىدىن بولغان.

ۋارىسجان ئەختەم باينىڭ ئاغرىق چېقىپ كەتكەن ئەركە

بالىسى، ئۇنىڭدا دادىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن گىمنازىيەدە ئو-
قۇپ قالغانلىقىدىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدىلىك يوق. ئۇنىڭدا
قۇۋلۇق-شۇملۇق، نامەرتلىك، يۈزسىزلىك قاتارلىق رەزىل ئىل-
لەتلەر، ئۆز مەقسىتى، ئېتىقادى، غايىسى يولىدا جان تىكىپ
كۈرەش قىلىدىغان كۈچلۈك قابىلىيەت يوق. بولۇپمۇ ئۇنىڭ
ئاغرىق سەۋەبىدىن كالىسى ئانچە ئىشلىمەيدۇ. مۇنداق سەلبىي
قەھرىمان ئىجابىي قەھرىمانغا ھېچقانچە سېلىشتۇرما رول ئوينى-
يالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇشۇن ھەرىكەتلىرى نادەمگە باغلانغان قى-
لىپ تەسۋىرلەنگەن بولىدۇ، باغلىنىش ئىچىدىكى بۇ ئىككى
خاراكتېرنىڭ توقۇنۇشى ئىنتايىن ئاجىز بېرىلگەن. شۇڭا كى-
تابخاندا سەزگۈر تۈيغۇ، كونكرېتنى نەپرەت ۋە چوڭقۇر ئۆچمەن-
لىك پەيدا قىلالمايدۇ. ئىجابىي قەھرىمان، ئەلۋەتتە، ھەر
جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. بىراق ئۇ تىرىك ئادەم
بولغاچقا ئۇنى ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ ھەر خىل چەكلىمى-
سىدىن خالى قىلىپ قويغاندا، ئۇ رېئاللىق ئىچىدە تۇغۇلۇپ
ئۆسكەن، چىنلىق ئىچىدە ئۆسۈپ كۆكلىگەن ئىجابىي قەھرىمان
بولالماستىن، ئاپتورنىڭ ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىسىدىلا كۈچلۈك بول-
غان ئىجابىي قەھرىمان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە ئۇ دۇچ كې-
لىش ئېھتىمالى بولغان ۋە بەلكى ئاشۇ شارائىتتا ئەگىپ ئۆتە-
كىلى بولمايدىغان تۇرمۇش زىددىيەتلىرىدىن قاچۇرۇلغان بولۇپ
قالىدۇ. سەلبىي قەھرىمان ھامان مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم بولىدۇ،
ئەمما بۇ ھۆكۈم بەك ئاسان ھەل بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە، ئۇ ئىجابىي قەھرىمانغا يۆتىلمەكچىلىك بولمىدىغان، ھەتتا
يېڭىش تەس بولغان ئىنتايىن چوڭ قىيىنچىلىقلارنى پەيدا
قىلالمىسا، ئىجابىي قەھرىماننى تەمتىرىتىپ قويىدىغان كۈچ-
قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىسا، ئۇ ئىجابىي قەھرىماننىڭ كىتابخان

ئالدىدىكى ئىناۋىتىنى تۆۋەنلىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋارىسجانىنىڭ ئادەمگە بولغان قارشىلىقى رەيھاننى تالىشىقىلا قارىتىلغان بولۇپ، ئىنقىلابنى ئەگرى-توقايلىققا باشلايدىغان، ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىگە زىددىيەت، بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، ھەتتا، ئۇلارنى بۆلۈپ تاشلاپ، تەمتىرىتىپ قويىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى تېخىچە يوق. نەتىجىدە ئىنقىلابچىلارنىڭ قارشى تەرىپىدە ئۇلار بىلەن ئىچكى، تاشقى جەھەتتىن زىچ باغلانغان كونكرېت، جانلىق ۋە كۈچلۈك سەلبىي قەھرىمان بولماستىن، پۈتۈن سەپ بويىچە تىركىشىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكىرى كۈچلا تۇرىدۇ. كەسكىن زىددىيەت، توقۇنۇشلار قوراللىق ئېتىشىش جەريانىدا پۈتۈن سەپ بويىچە بولىدۇ. ئەسەر بەدىئىي تىل، پېرسوناژ تىلى، سۇرۇن، كۆرۈنۈش تەپسىلاتلار تەسۋىرى جەھەتتىمۇ ئومۇمىي چۈشەنچىگە بېرىلگەن بولۇپ، كىتابخاننى كۈچلۈك جەلپ قىلىپ، چوڭقۇر بەدىئىي زوق بېرىدىغان بەدىئىي چىنلىق يارىتىش جەھەتتە تېخى قاتتىق تەلەپ ۋە يۇقىرى ئۆلچەمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

يولداش ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار» ناملىق رومانىمۇ ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل جەھەتتە مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ. بۇ روماندا ۋەقەلەرنىڭ بايانى كۆپرەك تارىخىي چۈشەنچە بويىچە بولدى، مۇكەممەل بەدىئىي ئوبراز ئوتتۇرىغا گەۋدىلىنىپ چىقالمىدى، ئىجتىمائىي، مەنىۋىي زىددىيەتلەر چوڭقۇر ئېچىپ كۆرسىتىلمىدى، ئەينى زاماندىكى قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى يېتەرلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلمىدى.

يۇقىرىدىكى رومانلار خېلى جىددىي يېتەرسىزلىكلەردىن خالى بولمىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلار ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز-

نىڭ 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى جۇش ئۇرۇپ گۈللەپ - ياشنىغان يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىپ بەردى.

1984 - يىلى 1 - ئايدا «ئىزدىنىش» رومانى كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. روماندا 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 60 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدىكى بىر تۈركۈم زىيالىي ياشلارنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ ياشلىق ھاياتىنى قانداق قىلىپ مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ، ۋەتەن ۋە خەلققە شان - شەرەپ يارىتىپ، خەلقنىڭ ئىلىم - پەن، مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى جاپالىق ئەجرى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

كىتابخانلارنى ھەقىقىي قايىل قىلالىغان تەسىرى زور بولغان ئەسەرلەرنىڭ ھەر قانداقى ئۆزى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان دەۋر روھىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىپلا قالماستىن، ئەينى دەۋرنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كەلگۈسىگە مەنسۇپ بولغان مەسىلىلەرنىمۇ تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىك قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا يورۇتۇپ، كىتابخانلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تەلىپىگە توغرا جاۋاب بەرگەن. «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ زور بىر مۇۋەپپەقىيىتى دەل مانا شۇ نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، بۈگۈنكى ھاياتنى تېما قىلغان ئەسەر يېزىش تارىخىي تېمىدىكى ئەسەر يېزىشقا قارىغاندا بىر قەدەر قىيىن ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە ۋە جاپالىق ئىش. چۈنكى بۇ خىل ئەسەردە تەسۋىرلىنىدىغان ۋە تەسۋىرلەنگەن كىشىلەر ئارىمىزدىكى ھايات

كىشىلەر، ئۇلار بىز يېزىۋاتقان تۇرمۇشنىڭ ئىگىسى ۋە يارات-
قۇچىسى. شۇڭا ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان تۇرمۇش
ھەققىدە سۆزلەپ بېرىش ئۇلار كۆرمىگەن، بىلمىگەن تۇرمۇش
ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشتىن ھامان قىيىنغا توختايدۇ. كىتاب-
خان يازغۇچىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىكى رېئال مۇناسىۋەتلەرنى قان-
داق تەسۋىرلەپ، دەۋر روھىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى،
كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى تەلەپ-ئېھتىياجلىرىنى قان-
داق يورۇتۇپ ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىۋاستە
سېزىپ، بىۋاستە سېلىشتۇرالايدۇ. ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن يۈزەكى
چۈشەنچە، بىھۇدە كۆپتۈرمە، تۈرلۈك تەسەۋۋۇرلارغا سۈكۈت قى-
لىپ تۇرالمايدۇ. ئۇلار يازغۇچى ياراتقان ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى
مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قىممىتى ھەققىدە يۈزمۇ يۈز باھا بېرەلەي-
دىغان ئادىل سۇدچىلاردۇر. بۇ ئەھۋال يازغۇچىلىرىمىزدىن
ناھايىتى مۇشكۈل ئىجادىي ئەمگەكنى، كەڭ ۋە ئەتراپلىق تۇر-
مۇش بىلىمى، ئەدەبىي ۋە پەننىي بىلىمى بولۇشنى، يۇقىرى
مەسئۇلىيەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇلۇغ روس تەنقىدچىسى بېلىنىسكى ئەدەبىياتنىڭ تۇر-
مۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغىنىدا: «ئەدە-
بىيات يازغۇچىلارنىڭ قۇرۇقتىن-قۇرۇق خىيال سۈرۈشىدىن
ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. بەلكى تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنىڭ تەلەپلىرى
بىلەن ئەركىن ئىلھام ئېلىشتىن ۋە كىشىلەرنىڭ زۆرۈر غەي-
رىتىدىن ھاسىل بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن
يازغۇچى دەۋرنىڭ ئۆزىگە قويغان يۇقىرى تەلىپىنى ۋە مەس-
ئۇلىيىتىنى توغرا چۈشىنىپ تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىك قانۇنىيەت-
لىرى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، رېئال تۇر-
مۇشقا ئاساسەن خاراكتېرى روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تى-

پىك قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق بۈگۈنكى
تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ تەلەپلىرىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ،
دەۋرىمىز كىشىلەر ئالدىغا قويغان ئەمەلىي مەسىلىلەرگە جاۋاب
بېرىشى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى چۈشىنىش، ئۆزگەرتىش، راۋاجلان-
دۇرۇش يولىدىكى كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىشى زۆرۈر.

يازغۇچى زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» رومانىدا يۇقىرىدا
شەرھلەنگەن مۇھىم مەسىلىلەرنى خېلى توغرا ھەل قىلىپ، ئەنە
شۇنداق مەسئۇلىيەت ۋە ئىجادىي قىزغىنلىق بىلەن بىر ئەۋلاد
زىيالىي ياشلارنىڭ ئوخشىمىغان تۇرمۇش يولى ۋە ئوخشىمىغان
خاراكتېرلىرىنى يارىتىپ بۈگۈنكى دەۋر ئالدىمىزغا قويغان
تۈپ مەسىلىلەردىن بىرى — ئىلىم-پەننى زامانىۋىلاشتۇرۇش
مەسىلىسىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك جاۋاب بەرگەن.

ئەسەرنى ئۆزلۈكسىز ھەرىكەتلىنىش كۈچى بىلەن تەمىن-
لەپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسى ئۇنىڭ سيۇژېتىنىڭ
ئۆزلۈكسىز داۋام قىلىدىغان زىددىيەت، توقۇنۇشلار ئىچىدە
راۋاجلاندۇرۇلغانلىقىدۇر. ئەگەر كىتابخاننى ئۆزلۈكسىز يېتەك-
لەپ تۇرىدىغان دىراماتىك توقۇنۇش بولمايدىكەن، بولغاندىمۇ
كۈچلۈك بولمايدىكەن، ئۇ ۋاقىتتا، ئاپتور ئۆز مۇددىئاسىنى
بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزۈندىن-ئۆزۈن چۈشەنچە بېرىش، بىۋاسىتە
ئۆزى سۆزلەپ بېرىشتەك چاكىنا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا كىرىپ-
تار بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، پېرسوناژلارنىڭ
ھايات پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈر ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئىچىگە
يەنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇن، ئەخلاق، مىللىي ئۆرپ-
ئادەت، مۇھەببەت، ئائىلە، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ھەق بى-
لەن ناھەق، توغرا بىلەن خاتا، كونا بىلەن يېڭى ئوتتۇرىسى-
دىكى ئېلىشىشلار ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ روھىي قى-

ياپتىنى ئىدىيەۋى ھېسسىيات جەھەتتىكى ئىنچىكە پەرقلىرىغىچە كۆپ تەرەپلىمە ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىش لازىم.

رومانىنىڭ باش قەھرىمانى ئەلانىڭ ئىلىم-پەن يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى مانا شۇنداق تىنىمسىز زىددىيەتلەر ئىچىدە ناھايىتى ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن. ئەلا دەسلەپ ھەر جەھەتتىن ئوڭۇشلۇق بولغان ئۆگىنىش شارائىتى ئىچىدە ئۇتۇقلۇق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۆگىنىشكە بېغىشلايدۇ، ئىلىم-مەرىپەتكە ئاشنا ئۇستازلارنىڭ ياردىمى ۋە تەربىيىسى ئاستىدا تەشنالىق بىلەن ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. بىراق تۇرمۇش مۇرەككەپ، دەۋر ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ئەلانىڭ بىر مەزگىل داۋام قىلغان تەكشى قەدىمى ئىككى خىل زىددىيەت توقۇنۇشى تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلىنىدۇ. بىرسى، سىياسىي جەھەتتىكى يۈزلىنىشلەر ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنىڭ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى رېئال مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىلىم-پەن ساھەسىگە بولغان تەسىرى؛ يەنە بىرى، ياشلىقنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان مۇھەببەت. ئۇ ئېتىقاد قىلغان، ئۇستاز تۇتقان كىشىلەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئوڭچى، مىللەتچى، ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىنىپ قالپاق كىيدۈرۈلۈشى، تۈرمىگە ئېلىنىشى، سۇيىقەستچى، مەنپەئەتپەرەسلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەر خىل زىيانكەشلىكلەرنى قىلىشى ئۇنىڭ ئىزدىنىش روھىنى تەۋرىتىپ، چىگىش ئىدىيەۋى توقۇنۇشلار ئىچىگە باشلاپ كىرسە، مۇھەببەت ئازابلىرى دىققىتىنى چېچىۋېتىدۇ. ئەلانىڭ بېشىغا كەلگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى كۈلپەتلەر ئۇ ئېرىشكەن ئوڭۇشلۇق شارائىتنى بېسىپ چۈشىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. بۇ كۈلپەتلەرنىڭ رېئال سەۋەبكارى بولغان رەقىپ بىلەن بىرلى-

غان توقۇنۇش ئۇنىڭ سىياسىي تۇرمۇش، ئۆگىنىش ۋە ئائى-
لىۋى مۇناسىۋەتلىرىدە چىداپ تۇرغۇسىز ئەمـغۇسىگە كىرىپتار
قىلىدۇ. دېمەك ئاپتور ئەلانىڭ بىر تەرەپتىن دەسلەپكى روما-
نىك خىياللىرىنىڭ ئەكسىچە بولغان زىددىيەتلەر قاينىمى ئىچىدە
چىنىقىپ يېتىلىدۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن،
ئوڭۇشسىزلىقلار ئالدىدا چارىسىز قالغان يېتىم بالىدەك، تەم-
تىرەپ قالغان، روھىي زەربە ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى چى-
گىش ئىختىلاپلار ئىچىگە قويۇپ، كىشىلەر ئاسانلا سېزىۋالالماي-
دىغان ئىچكى دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدىكى
دراماتىك توقۇنۇشلارنىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئەلانىڭ خاراكتېرىنىڭ مۇنداق ئىنچىكىلىك بىلەن تەس-
ۋىرلىنىشى بىزنى جاراھەتلەرنىڭ ئازابى بىلەن ئازابلاشلا
ئەمەس، بەلكى، ئەسەرنىڭ مۇشۇنداق ئىنچىكە، مۇرەككەپ ۋە-
قەلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىدىيىۋى خاھىش ئۈستىدە ئو-
يلىنىشقا ۋە ئۇنى يېتەرلىك چۈشىنىۋېلىشقا مەجبۇر قىلىشتىن
ئىبارەت. ئاپتور ئىجابىي قەھرىمانغا بولغان ھېسداشلىقنى
تۆپەيلىدىن ئاسانلا پەيدا بولىدىغان، قەھرىماننى زىددىيەت-
لەردىن قاچۇرىدىغان ئادەتتىكى ئۇسۇلدىن ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى
قاچۇرۇپ، ئۇنى شۇ دەۋردە ساقلانغىلى بولمايدىغان زىددىيەت-
لەر قاينىمى ئىچىدە يېتەرلىك ئازابلىغان.

ئاپتور ئەلا ئوبرازىنى ياراتقاندا ئۇنى مەۋھۇم بىر ئو-
قۇم ۋە چۈشەنچىنىڭ قېتىپ قالغان پىكۈرىگە ئايلاندۇرۇپ،
كەم-كۈتىسىز، مۇكەممەل ئادەم قىلىشقا ئۇرۇنماي، تىنىمسىز
زىددىيەتلەر ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر تىرىك شەخس
سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ. لېكىن ئاپتور شۇنى ئۇنتۇمايدۇكى،
ئەلانىڭ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار بىلەن تولغان تۇرمۇشىدا

بىر شانلىق نۇر چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەق-قانىيەتكە ۋەكىللىك قىلىۋاتقانلىقى ھەم ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى-نىڭ ئىككىلەنمەس-سۇنماس غەيرەت ئىرادىسى بىلەن ھەققانىيەت يولىدىكى كۈرەشلىرىنىڭ چەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقى. ئۇلار-نىڭ خەلقنىڭ رايى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى... شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى شۇ يىللاردىكى زىيالىي ياشلارنىڭ ئورتاق تەقدىرى-نىڭ تارىخىي خاتىرىسى بولۇپلا قالماستىن، بۈگۈنكى ياشلىرى-مىزنىڭمۇ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، توغرا دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆگىنىش، خىز-مەت، دوستلۇق، مۇھەببەت، ئەخلاق جەھەتتىكى مۇرەككەپ مە-سىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مول تەربىيىۋى تەسىر پەيدا قىلالايدۇ.

بۇ رومانىنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەنىۋى كۈ-چى، يەنە كىشىلەرگە تەربىيەۋى تەسىرى ئۆتكۈر بولغان ئۇر-تۇلىغان پېرسوناژلارنى ئۆزىگە خاس خاراكتېرلىرى بىلەن ئۇتتۇقلۇق يارىتىپ چىققانلىقىدۇر. لەنجۇ ۋە مەركىزىي مىللەت-لەر ئىنستىتۇتىدىكى ئالىم، پروفېسسورلاردىن تارتىپ، تەكلى-ماكان قۇملۇقىنىڭ باغرىدا «كەتمەننىڭ دەردىنى قول، لەززى-تىنى تىل بىلۇر» دېيدىغان ئەقىدە بىلەن يېشىل بەلباغ پەيدا قىلىپ، مول مەدەنىي مىراسلارنى ساقلاپ قالغان تىرىك قا-مۇس ئايدۇللام مەخسۇمغىچە بولغان پېرسوناژلارنىڭ جانلىق خاراكتېرى، باي تۈرلۈك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە تۈرلەندۈرۈپ، پەرقلەندۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە ھاشىر ئوبرازى ئىنتايىن جانلىق، ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە قىلىنىپ يارىتىلغان. ھاشىر-

نىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشى، ئىدىيىۋى خاراكتېرى باشقى-
ئاياغ ئەلاغا سېلىشتۇرۇلۇپ، ئەلانىڭ خاراكتېرىنى ھەر تەرەپ-
لىمە ئېچىپ بېرىشكە ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان.

سەلبىي ئوبراز رەقىبىنىڭ ياخشى يارىتىلغانلىقى رومان-
نىڭ يەنە بىر ئۇتۇقى. رەقىپ ئوبرازى جانلىق، ھەرىكەتچان،
كۈچلۈك رىقابەتچى تەرىقىسىدە تەسۋىرلەنمىگەنىدە ئەلا ئوب-
رازىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كىتابخانلارغا كونكرېت ھېس قىل-
دۇرۇش قىيىن بولاتتى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مەنىۋى پەزىلىتى-
نىڭ ئەھمىيىتىنى، مەھكۇم بولغان تراگېدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇ-
قىنى تولۇق ئاچقىلى بولمايتتى. ئىككى بوكسيورچى، ئىككى
چېلىشچى ۋە ئىككى كاماندىنىڭ ئېلىشىشى يۈكسەك دەرىجىدىكى
كۈچ تەڭپۇڭلۇقى شارائىتىدىلا تاماشىبىنلارنى شۇنچە جەلپ
قىلىپ، زىلزىلىگە سېلىۋېتەلەيدۇ. ئەگەر بىر تەرەپ ئىككىنچى
تەرەپنى كۈچ سەرىپ قىلمايلا يېڭىۋالسا، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز-
نىڭ كۈچلۈكلىكىنىمۇ تولۇق كۆرسىتەلمەيدۇ. سەلبىي قەھر-
مانىنى ئاجىز، ئەقىلسىز، تەلۋە، نادان قىلىپ تەسۋىرلەپ
قويۇش ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا يەكمۇيەك قارشى كۈرەش قى-
لىۋاتقان ۋە ئۇنى ئاخىرى يېڭىپ چۈشىدىغان ئىجابىي قەھ-
رىمانىنىڭ كۈچىنى ئاڭسىز ھالدا ئاجىزلىتىپ قويغانلىق بى-
لەن باراۋەردۇر.

ئەلا ئوبرازىنىڭ مىڭ ئۆلۈپ – تىرىلگەنلىكىدەك تەقدىر-
گە مەھكۇم بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى رەقىبىگە ئوخشاش ئىج-
تىمائىي كۈچنىڭ جەمئىيەتتە تېخى ناھايىتى مۇستەھكەم ئىج-
تىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى
جاپا-مۇشەققەتلىك كۈرەش ئالدىدا، يېڭىشنى يارىتىشتەك مۈشكۈل
ۋەزىيەتلەر ئالدىدا ھەرگىزمۇ ئاسانلا قولغا كېلىدىغان ئوپتى-

مەزمۇنغا بېرىلمەسلىكى لازىم. يازغۇچىنىڭ مەقسىتى يالغۇز گۈزەللىكنى ئاسراش، كۆرسىتىش ۋە مەدھىيىلەشلا ئەمەس، بەلكى، ئىجتىمائىي مەرەزلەرنى چوڭقۇر قېزىپ، يېتەرلىك دەرىجىدە ئاشكارىلاپ، كىتابخاندا ئۇنىڭغا نىسبەتەن سەزگۈر تۇيغۇ، ھوشيار سىياسىي ئاڭ تۇيغۇتۇشتىن ئىبارەت.

پروزىمىزدا مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك رومانلارنىڭ مەيدانغا چىقالمايۋاتقانلىقىنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى، جەمئىيەتتىكى مۇرەككەپ، ئىنچىكە بولغان سىياسەت، قانۇن، ئەخلاق، مىللىي ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىلىدىغان زىددىيەتلەرنى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق روھ بىلەن تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، چوڭقۇر قېزىشقا جۈرئەت قىلالماي، زىددىيەت-توقۇنۇشلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ ياكى ئۇنى ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇپ، تىپىك پېرسوناژلارنىڭ شۇ زىددىيەتلەردىن پەيدا بولغان مۇرەككەپ خاراكتېرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ بېرەلمىگەنلىكىدە.

يازغۇچى زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» رومانىدا ئۆزىنى زىددىيەتلەردىن قاچۇرماي تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇرەككەپ، چېگىش ۋە زىل مەسىلىلەرنى — «سول» چىل ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ پارتىيىمىزنىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر ئاقىۋەتلىرىنى، رەھبىرى كادىرلارنىڭ ئىدىيە، خىزمەت، ئىستىلىدا ساقلانغان ئېغىر ھالدىكى تۆرىچىلىك، دوگماتىزملىق ۋە باشقا خىلمۇخىل يېتەرسىزلىك-خاتالىقلارنى، تۇرمۇشىمىزدىكى كاپىتالىزمنىڭ چىرىتىشى ۋە فېئوداللىق ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ چوڭقۇر يوشۇرۇنغان زەھەرلىرىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلغان ھەم ئۇنى توغرا نۇقتىئىنەزەردە چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ كۆرسىتىپ بېرەلىگەن.

رومانىنىڭ كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان مۇۋەپ-پەقىيەتلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، رومانىنىڭ پۈتۈن سيۇژېت تەرەققىياتى سورۇن، كۆرۈنۈش، تەپسىلاتلىرىغا قويۇق مىللىي روھ تولۇق سىڭدۈرۈلگەن. شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكۈر يەرلىك پۇراققا ئىگە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، توي-تۆكۈن، مېھماندوستلۇق، ئائىلە، مۇھەببەت، مۇزىكا ۋە ناخشىغا بولغان ئىشتىياق قاتارلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرى كۈچلۈك مىللىي روھ ۋە غۇرۇر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن، شۇنىڭدەك ھەر خىل مىللەتتىن بولغان ئورتاق تەقدىر ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىرادە بىرلىكلىرى بىلەن خاراكتېر تۇقۇنۇشلىرىدىمۇ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ئىزدىنىش» مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئەسەر. ئەنگلىيىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى ئېلزا بىنتا بوۋېن يازغۇچىلارنىڭ بۇرچى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئەگەر يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالىدىغان قىلىمەن دېيدىكەن، ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېتىقادىغا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەسىر قوزغاشقا ۋە ئۇلار بىلەن ئىدىيە بىرلىكى بولۇشقا دىققەت قىلىشى، سەۋىيە جەھەتتىن بۇرۇنقى يازغۇچىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان بولۇشى لازىم» دەپ كۆرسەتكەنىدى. يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆز ئىجادىيىتىگە مانا شۇنداق ئېغىر بۇرچ بېسىمى ئاستىدا تەلەپ قويۇپ كېلىۋاتقان يازغۇچىلارنىڭ بىرسى.

بىز شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزدە ھەقىقىي «تۇرمۇش دەرسلىكى» بولۇش لاياقىتىگە، چوڭقۇر

ئىدىيىۋى تەسىرگە ئىگە رومانلار مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى.
بۇ ئالقىشلاشقا تېگىشلىك زور ئىش. لېكىن مۇنداق ئال-
قىشلاش قۇرۇقتىن-قۇرۇق مەدھىيىلەش بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى، يۇقىرى ئۆلچەمگە ئاساسەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەق-
قىياتىدا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، يۈكسەك بەدىئىي سەۋى-
يە نۇقتىسىدىن پرىنسىپلىق باھالاش بولۇشى لازىم. رومان-
لىرىمىزغا باھا بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ئۇتۇقلىرىنى مۇئەييەنلەش-
تۈرۈپ، كەمچىلىك، ئاجىزلىقلىرىنىمۇ مۇرەسسە قىلماي كۆر-
سىتىپ بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ ساغلام
راۋاجلىنىشى ئۈچۈن توغرا يول ئاچقىلى بولىدۇ.

## رومان ئىجادىيىتىدە سەلبىي ئوبراز يارىتىش مەسىلىسىدە ھېس قىلغانلىرىم

مۇھەممەتىرېھىم ساجى تۇرسۇن

ئىنسانلار ياراتقان مەدەنىيەت تارىخىنى ۋاراقلىساق، رەزىللىك بىلەن ياخشىلىق، گۈزەللىك بىلەن سەتلىك ئىزىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ كەلدى. ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتىگە سازاۋەر بولغان باتۇر ئەزىمەتلەر ئوبرازى كىشىلەرنىڭ لەنەتلىرىدىن چەندىلەر كىيگەن سەلبىي ئوبرازلار بەدىئىي ئەدەبىيات خەزىنىسىنىڭ دۇردانىلىرى قاتارىدا سانىلىپ كىتابخانلارغا ئىستېتىك زوق بەخش ئېتىپ كەلدى.

ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى، سوتسىيالىستىك رىئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئاساسچىسى ماكسىم گوركىي: «دۇشمەننىڭ كۆچىگە يېتەرلىك باھا بېرەلمەسلىك — بۇ تەنتەكلىك ھەتتا جىنايەتمۇ بولىدۇ» («ئەدەبىيات توغرىسىدا» تاشكەنت 1957-يىل نەشرى، 465- بەت) دەپ، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى سەلبىي تىپلارنىڭ رولى توغرىسىدا مۇئەييەن پىكىر يۈرگۈزگەنىدى. ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا سەلبىي ئوبراز يارىتىشتا، «توت كىشىلىك گۇرۇھ» يەر بىلەن يەكسان قىلىنغاندىن كېيىن بۆسۈش خاراكتېرىدىكى نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

سەلبىي ئوبراز — ئەدەبىي ئەسەرلەردە يازغۇچى تەرىپىدىن ھېسداشلىق قىلىنمايدىغان، مەدھىيىلەنمەيدىغان، مۇئەييەنلەشتۈرۈ-

لىدىغان پېرسوناژ ئوبرازىغا قارىمۇقارشى يارىتىلغان پېرسوناژ ئوبرازىدۇر. سەلبىي پېرسوناژ سىياسىي تەتۈر ھەرىكەتچىلەر، خائىنلار، ئىپىنى سېتىپ شۆھرەت تاپقۇچىلار، ساختىپەزلەر، مەككارلار، ۋاپاغا جاپا قىلغۇچىلار، ئەدەپ - ئەخلاق جەھەتتىن بۇزۇلغانلار، كىشىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازىغا ئىنسانلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئېسىل ئەدەپ- قائىدىلىرىگە سىغمايدىغان ئامىللار سىڭگەن بولىدۇ. يازغۇچى سەلبىي پېرسوناژلارنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ كونكرېتنى، جانلىق، ئىندىۋىدۇئاللىقى بار قىلىپ ئىپادىلەيدۇ. ئادەتتە، پېرسوناژلار ئوبرازى - قەھرىمان پېرسوناژلار، ئوتتۇرىدىكى پېرسوناژلار قالاق پېرسوناژلار، سەلبىي پېرسوناژلار دەپ ئايرىلىدۇ. دېمەك سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازى ئىنقىلابىي خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن قارشىلاشقان سىنىپ ۋە گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

ئىجابىي پېرسوناژلار سەلبىي پېرسوناژلار بىلەن ئېلىشىش ھالىتىدە ياشايدۇ، سەلبىي پېرسوناژلار ئىجابىي پېرسوناژلارنى گەۋدىلەندۇرۇش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن يارىتىلىدۇ. روماندا سەلبىي پېرسوناژلار بىلەن ئىجابىي پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ، سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى مۇكەممەل يارىتىش پېرسوناژلارنىڭ شانلىق خاراكتېرىنى ۋە قەھرىمانلىق خىسلىتىنى شەكسىز كۈچەيتىپ بېرىدۇ. ھەر قانداق مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان سەلبىي ئوبراز تېپىك ئوبرازنىڭ ئاساسىي ئامىلىنى ئۆزىدە ئوبدان ھازىرلىغان، تەتۈر ھەرىكەتچىلەرنىڭ سىياسىي تۈسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، نۇمۇسسىزلىق، چىرىگەن ئەخلاقتىن ئوزۇقلانغان، ئۆزگىچە ئىدىيەۋى ئالاھىدىلىك ۋە ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكنى ئۆزىدە

هازىرلىغان بولىدۇ. ئىجادىيەت جەريانىدا، سەلبىي پېرسوناژنىڭ رەزىل ئىدىيىسىنى، قىلمىشلىرىنى تەھلىل قىلىپ، تەنقىدلەپ رەسۋاسىنى چىقىرىش ئىنتايىن زۆرۈر. ئىجابىي پېرسوناژنىڭ ئۈلگىلىك كۈچ - قۇدرىتى بىلەن سەلبىي پېرسوناژنىڭ كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان، قەھرۇغەزىپىمىزنى قوزغايدىغان رولى ئىنتايىن زۆرۈر. ماكسىم گوركىي: «ئومۇمەن تۇرمۇشتىكى رەزىللىكلەرنى سىلەر كۆرۈۋاتقاندىن كۆپرەك كۆردۈم. بۇنىڭدىن تاشقىرى مەن تۇرمۇش رەزىللىكلىرىنى ناھايىتى قەبىھ پورمىدا كۆرگەنمەن.» «تۇرمۇشتا يامانىنى بىلىش خۇددى ياخشىنى بىلگەندەك پايدىلىقتۇر. مۇمكىنقەدەر كۆپ بىلىش كېرەك. كىشىنىڭ تەجرىبىسى قانچىلىك باي بولسا ئۇ شۇنچىلىك يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ. ئۇنىڭ پىكىر دائىرىسى شۇنچە كەڭ بولىدۇ.» دېگەنىدى. ھايات پاكىتلىرى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. بىز ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغان چېغىمىزدا، مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان سەلبىي ئوبرازلارنى، ئەنە شۇ سەلبىي ئوبرازلارنى مەيدانغا چىقارغان ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى، سىنىپىي يىلتىزىنى، ئىدىيەۋى ماھىيىتىنى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى، ياۋۇزلۇق قىلمىشتىكى چارە-تەدبىرلىرىنى، نۇمۇسسىز، رەزىل، ئىپلاس ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنى ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە دۈشمەنلىرىمىزنى، سىنىپىي رەقىپلىرىمىزنى، تەتۈر ھەرىكەتچى كۈچلەرنى سېزىۋېلىش، پەرق ئېتىش قابىلىيىتىمىزنى ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز. بىزنىڭ رومان ئىجادىيىتىمىزدە سەلبىي ئوبرازلار فورمۇلىلاشتۇرۇپ قويۇلدى. شىيايەن دېگەندەك: «كېلىپ چىقىشى بۇزۇق بولغانلىقتىن، كىچىكىدە بۇزۇلۇپ ھازىرغىچە تۈزەلمىگەن... كىچىكىدىن تارتىپ بىزەڭ ياخشى ئىش قىلمىغان» قىلىپ تەسۋىرلەندى. «قىزىلتاغ باتۇرلىرى» رومانىدىكى

ھۈسەن (سالى)، سۇلايمان، ئامانغا ئوخشاش سەلبىي ئوبرازلار
سىنىپىي كۈرەش نەزەرىيەسى ئىجادىيىتى ھۆددىسىنى
قىلىنغان ئەھۋالدا يارىتىلغانلىقتىن ئۇقۇملاشتۇرۇلۇپ،
فورمۇللاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان. سەلبىي پېرسوناژ ھۈسەن ئازاد-
لىقتىن بۇرۇن گومىنداڭنىڭ ھەربىي ئىشپىيونلۇق ئورگىنىنىڭ
مەخپىي ئەمەلدارى بولۇپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ئىنـ
قىلابقا قارشى جىنايەتچى، «ئازادلىقتىن كېيىن... ئىسمىنى سا-
لىغا ئۆزگەرتىپ، ئىنقىلابى قوشۇن ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئىزچىل
يوشۇرۇندا پىتنە-ئىغۋا تېرىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي شۇملۇق بىلەن
شۇغۇللانغان»؛ ئامان زومىگەر، مۇزەپپەرنىڭ چوڭ ئوغلى. دېمەك،
ھۈسەن، ئامانلار ئۆتمۈشتە يامان كىشىلەر بولغانلىقتىن، ئاما-
زىرغىچە يامان ھەرىكەتلەرنى تاشلىمىغان. رومانىدا بۇ سەلبىي
پېرسوناژنىڭ داۋاملىق قۇتراپ، خەلقنىڭ قورال كۆتۈرۈپ قوزغـ
لاپلا يۈرگەنلىكى بەكمۇ تەكىتلىنىپ، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن
سۈرەتلەنگەن. بۇ يازغۇچىنىڭ سىياسىي خاھىشچانلىقىنى توغـ
را بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقى، رەڭدارلىق، روشەنلىك بىلەن
ئوبرازلىق تەسۋىرلەشنىڭ چىنلىق خاراكتېرىنى، بەدىئىي ئىپا-
دىلەشنىڭ جانلىقلىقىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشى يېتەرسىز
بولغانلىقتىن بولغان. «كۈرەشچان يىللار» رومانىنىڭ بىرىنچى
قىسمىدا، سەلبىي پېرسوناژنى پاش قىلىش، ئۇنىڭ ئۈستىدىن
غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بىلەن قارال-
غان، سەلبىي ئوبرازنىڭ ياۋۇزلۇق، رەزىللىكلىرىنىڭ مۇقەددى-
قىنى، يامانلىقىنى بېرىلىپ ئىپادىلەش مۇھىم بىلىنگەن. رو-
مانىدىكى سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىدىن، ھەربىر
سۆزلىرىدىن دۈشمەنلىك كەيپىياتى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ
تۇرغان - پۈتكىنى دۈشمەنلىك.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوبرازلار رېئال ھاياتتىكى تەتۈر
ھەرىكەتچىلەرنىڭ بەدىئىي ئىپادىلىنىشىدۇر. ھايات ھەقىقەتلىرىنى
چىقىش قىلىش — سەلبىي ئوبرازلارنى يارىتىشتا كىشىلەر دىق-
قەت نەزىرىنى ئالاھىدە تىككەن تۈپ پرىنسىپ. سەلبىي پېر-
سوناژلارنىڭ خاراكتېرى، تۇيغۇ - ھېسلىرى مۇرەككەپ، تۈز-
گىرىشچان بولىدۇ. سەلبىي ئوبرازنىڭ سالاھىيىتى، كەسپى، خا-
راكتېرى پەرقلىق بولىدۇ. رەزىللىكنى ئىپادىلەش ۋاسىتىسى ۋە
شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. دوستلىرىغا، رىقابەتچىسىگە، ئائىلى-
سىگە، پەرزەنتلىرىگە، ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلىرىگە
ھەر خىل قىياپەتتە مۇئامىلە قىلىدۇ. رېئال ھاياتتىكى سەلبىي
ئادەملەر «جاھىل» ۋە «رادىكال بۇزۇق» لاردىن بولۇۋەرمەيدۇ.
جىنايەت سادىر قىلىش داۋامىدا بېشىدىن ھەر خىل كەچۈرمىش-
لەرنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەمدىلا قىڭغىر يولغا
ماڭغان، لېكىن تېخى پاتقاققا پاتمىغان ھالەتتە بولسا، بەزىلىرى
ئەسكى ئىشلارنى بولۇشىغا قىلىغان بولىدۇ. يەنە بەزىلىرى
قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە سەۋەبچى بولىدۇ.
سەلبىي ئوبرازلار ئەسەردىكى ئالاھىدە مۇھىت ۋە ئىدىيىۋى
مەزمۇننىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تېرەلمەك، يۈزەكىلىك دەرى-
جىسى ئوخشىمىغان ھالدا، ھەر خىل ئىپادىلەش شەكلىدە يارى-
تىلىدۇ ۋە شۇنداق يارىتىلىشى كېرەك. شۇنداقلا رېئال تۇر-
مۇشتىكى گىرەلەشكەن زىددىيەت ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى
ئومۇميۈزلۈك ھالدا چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى
بولىدۇ. يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانىدىكى ياڭزېڭ-
شىن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان تىپىك سەلبىي ئوبراز. ياز-
غۇچى چىرىگەن، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، خانلىق تەختى تەۋرەپ
قالغان مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شىنجاڭغا ئە-

ۋەتىلگەن ياڭزىڭشىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا خېلى زور كۈچ چىقارغان. شىنجاڭنىڭ بۇ ئالىي ھۆكۈمرانى پۈتۈن كۈچ بىلەن خۇنۇكلەشتۈرۈلمەستىن، بەلكى ئادەتتىكى كىشىگە ئوخشىمايدىغان تارىخىي شەخس قىلىپ يارىتىلغان. ياڭ زىڭشىن شىنجاڭغا ھاكىملىق قىلىشقا بارلىق نەقىل- ئىدرىكىنى سەرپ قىلىپ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشكە، سىنىپىي زۇلۇم، مىللىي زۇلۇمنى ھەممە-لەپ كۈچەيتىشكە جېنىنىڭ بېرىچە ئورۇنىدۇ. ئاپتور ياڭ زىڭشىنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنى باستۇرۇپ، ھۆرلۈك يالقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ئىنتايىن مەككارلىق ۋاسىتىلىرىنى، ياۋۇزلۇق ھەرىكەتلىرىنى ناھايىتى يۈكسەك ماھارىتى بىلەن تەسۋىرلىگەن. ياڭزىڭشىن ئوبرازىنى ئادەتتىكى كىشىگە، بىر قىسىم ھۆكۈمرانلارغا ئوخشىمايدىغان قىلىپ يارىتىش تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن. ئاپتور تارىخىي شەخسلەر ئوبرازىنى يارىتىشتا، پىشقەدەم دېھقان قوزغىلاڭچىلار بىلەن سىردىشىش، «بەزى ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش»، «ھەممىدىن ئاۋال، تارىخىي چىنلىقنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت» قىلىشتا مەھكەم تۇرغان. ئىزدىنىش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللىرىنى تارىخىي ماتېرىياللىزملىق كۆز قاراشتا تۇرۇپ ئانالىز قىلغان؛ بەدىئىي جەھەتتىن ماھىرلىق بىلەن تەرسىڭدۈرگەن. ئاپتور دادىللىق بىلەن تارىخىي ھايات پاكىتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ياڭزىڭشىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھۆكۈمرانلاردىن تەلىم ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قانلىق مۇستەبىتلىك يوھاللىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلار قوزغىغان قوراللىق قوزغىلاڭنى بەكمۇ قەبىھ، بەكمۇ مەككارلىق بىلەن ئەپچىلدا باستۇرۇش جەريانىدىكى قەبىھ، مۇستەبىت، ئۆزىگىلا ئىشەنىدىغان، گۇمانخور خاراكتېرىنى كۆپ تەرەپلىمە تەسۋىرلىگەن.

بۇ سەلبىي ئوبراز رومانىنىڭ باش تېمىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنىڭ تەتۈر ھەرىكەتچىلەر قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان تارىخىي قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىشتا چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك بولۇپ قالماستىن، ئەسەر خاھىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىمۇ ئوخشاشلا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. مانا بۇ سەنئەت دىئالېكتىكىسى، بەدىئىي ئىپادىلەش نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ، سەلبىي ئوبرازلارنى يارىتىشتىمۇ كەڭ ئىجادىيەت زېمىنى بولىدۇ.

لۇشۈن جۇڭگو كلاسسىك ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلار تەسۋىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ھەققىدە ئېيتىپ: «ياخشى كىشىلەرنى تەسۋىرلىگەندە، كەمچىلىكىنىمۇ يامان يېرى يوق قىلىپ تەسۋىرلەش، يامان كىشىلەرنى تەسۋىرلىگەندە، كەمچىلىكىنىمۇ ياخشى يېرى يوق قىلىۋېتىش، ئەمەلىيەتتە ناتوغرا ئىللەت. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن، پۈتۈنلەي يامان بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن.» دېگەنىدى («جۇڭگو ھېكايىلىرى تارىخىدىكى ئۆزگىرىشلەر»). بۇ قىممەتلىك كۆز قارىشى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. سەلبىي ئوبرازنىڭ ئىدىيەۋى خاراكتېرىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئومۇم گەۋدە بىلەن ئەخلاق، خاراكتېر جەھەتتىكى «يورۇقلۇق توچكىسى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا. ئۇزۇندىن بۇيان ئەدەبىي ئىجادىيەتتە سەلبىي ئوبرازلاردىكى «يورۇقلۇق توچكىسى»نى تەسۋىرلەشكە سەل قارالدى ياكى بۇنىڭدىن ياندىپ ئۆتۈش ئەھۋالى كۆرۈلدى. ئىجابىي پېرسوناژنى يارىتىشتا ھەرگىزمۇ «پاك، مۇتلەق ئاق» قىلىپ قويماسلىق كېرەك. «پاك» دېگەن بۇ

ئۇقۇم، ئىنساننىڭ بىلىشىدىكى مەلۇم تەرەپلەردىكى تارلىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىكنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ» (لېنىن) بىر سەلبىي ئوبرازنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆزگىرىش جەريانىدا، يوقىلىۋاتقان خىسلەتى خاراكتېرىدا «يورۇقلۇق توپچىسى» مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ ھايات ھەقىقەتلىرىگە، مەزمۇن ئېھتىياجىغا، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ راۋاجلىنىش مەنتىقىسىگە مۇۋاپىق بولغانلىقتىن، ئەنە شۇنداق يېزىلغا، ئەنە شۇنداق دادىل ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شىللېر ئۆز ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ: «ئاۋادا جانلىق بىر پېرسوناژنى يازماقچى بولسام، مەن ئۇنى ئىنتايىن ياۋۇز قىلىپ ئىپادىلەيمەن ياكى ئارتۇقچىلىقىنى پۈتۈنلەي كەمچىلىكسىز ھالدا يازمايمەن. مەن يولۋاس ئالدىدا تەيىنىپ تۇرغان كىشىلەرگە ئوقتۇرۇپ يولۋاسنىڭ تېرىسىدىكى گۈزەل، نۇرانە، رەڭدار مەڭگىلەرنى تەسۋىرلەيمەن. كىشىلەر يولۋاسنى ئۇچراتقاندا ئۇنى بىلەلـ- مەيۇ قالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاۋادا پۈتۈنلەي ياۋۇز بولسا، ھەرگىزمۇ بەدىئىي ئوبيېكتنى ھاسىل قىلالمايدۇ، كىتابخانلارنى ئۆزىگىمۇ جەلپ قىلالمايدۇ...» دېگەنىدى. دېمەك سەلبىي ئوبرازنىڭ «يورۇقلۇق توپچىسى» نىمۇ تولۇق كۆرسەتكەندىلا جانلىق ئادەمنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ تۈيغۇسى كىتابخان ئالدىدا شەكىللىنىدۇ. پېرسوناژنىڭ قارانغۇ تەرىپى شۇ چاغدىلا كۈچلۈك سېلىشتۇرما بولۇپ گەۋدىلىنىپ، پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنىڭ كەسكىنلىكى جايىدا يورۇتۇلۇپ، كىتابخانغا بەدىئىي لەززەت بېغىشلايدۇ. تەجرىبىسى كەم ياش كىتابخانلار بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى بىر قىسىم «چىرايىدىن شۇملۇق، ئۇۋۇلۇق» چىقىپ تۇرىدىغان «پۈتۈنلەي ياۋۇز» سەلبىي

ئوبرازلار بىلەن كۆپ ئۇچراشتى. بىراق، ئۇلار ھەقىقىي تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويغان چېغىدا، مۇرەككەپ رېئال مۇناسىۋەتلەر دېڭىزىدا بۇزۇق كىشىلەرنى پەرق قىلالماي قالدى. بىز بۇ ساۋاقلارنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ ياش كىتابخانلار رېئال ھاياتتىكى بۇزۇق كىشىلەرنى تونۇيالماي قالغاندا، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى «بۇزۇق»لار بىلەن رېئال ھاياتتىكى بۇزۇقلارنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزلىرىنى «ئالداپ» كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۆزلىرى ئوقۇغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئۆكۈندى. بۇ ناھايىتى ئاچچىق ساۋاق. يېقىندىن بۇيان بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ ئىلگىرىلەشلەر بولدى. زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى سەلبىي ئوبراز رەقىپنىڭ سىياسىي يانچۇقچى، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتىدىغان مەككار، شىرىن-شېكەر، ياغلىما گەپ بىلەن قىزلارنى قىلتاققا دەسسىتىدىغان پەسكەش، نام، ئەمەل، شۆھرەتكە بېرىلگەن مەنسەپپەرەسلىكى قاتارلىقلار ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى قارانغۇلۇقنى ئىبارەت ئومۇمىي گەۋدە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور يەنە ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقى، پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىسادتىن ساۋاتلىقلىقى، بىردەملىك بولسىمۇ «ئەلانىڭ غېمىنى كۆپ يەيدىغانلىقى»غا دىققەت قىلغان. ئاپتور روماندىكى باش قەھرىمان ئەلانىڭ ئېغىزى ئارقىلىق سەلبىي پېرسوناژ رەقىپ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسىم ئوخشاشلىقنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «بىز كىچىكىمىزدىن قاش دەرياسىنىڭ سۈيىنى بىللە ئىچىپ چوڭ بولغانلار، شۇڭا بەزى ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرىمىزمۇ بار، مەسىلەن: ئىككىمىزلا پۇلنى دوست تۇتىمىز.

ناخشا، كۈلكە ـ چاقچاقنى ياخشى كۆرىمىز. ۋاھاكازالار» «مېنىڭ ئاغىنەم (رەقىپ)... سېنى خۇشال قىلىشىمۇ، ئۇياتقا قويۇشىمۇ بىلىدۇ» («ئىزدىنىش» 90 ـ، 92 ـ، 95 ـ بەتلەر). رومانىدا سەلبىي پېرسوناژ رەقىپنىڭ خاراكتېرىدىكى «تاماخور، ھاكاۋۇر»، «نام چىقىرىش، ياسىنىش، ھوزۇر ـ لىنىشقا ھېرىس، مەككار، پەسكەش، سىياسىي يانچۇقچى» لىقى قاتارلىق قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئۇنىڭ «پۇلنى دوست تۇتمايدىغان، ناخشا، كۈلكە، چاقچاقنى ياخشى كۆرىدىغان» «دوستىنىڭ غېمىنى كۆپ يەيدىغان» لىقىدىن ئىبارەت ئۆچۈۋاتقان «يورۇقلۇق توچكىسى» نى بىللە يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ ھايات پاكىتلىرىغا ماس كېلىدۇ. سەلبىي پېرسوناژنى مۇشۇنداق تەسۋىرلىگەندە، پېرسوناژنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ئاشىدۇ، بەدىئىي ھاياتى ئۇزىرىدۇ. بىراق بۇ «يورۇقلۇق توچكىسى» نى سۈرەتلەش سەلبىي پېرسوناژنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئومۇمىي گەۋدىسىنى پەردازلاش ئەمەس. ئۇ پېرسوناژنىڭ «ئاساسلىق خاراكتېر» ىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. سەلبىي پېرسوناژنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ بۇ «يوروقلۇق توچكىسى» نىڭ نۇرى بارغانسىرى ئاجىزلىشىپ، سۇسلىشىپ، كىتابخاننى تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

سەلبىي پېرسوناژنىڭ شەخسىي ئەخلاقى بىلەن تارىخىي يۈزلىنىشىنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى باغلىنىشىنى سەگەكلىك بىلەن سەزمەسلىك ۋە چۈشەنمەسلىك ئۆزگىچە روھقا ئىگە بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىكى چەكلىمىلىكنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىدە يارىتىلغان نۇرغۇنلىغان سەلبىي ئوبرازلار «يامان ئادەم يامان ئىش قىلىدۇ» دېگەن

مەنتىقلىق مۇناسىۋەتكە يىغىنچاقلانغان، سەلبىي پېرسوناژنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى سۇبيېكتىپ مەنبە «ئەخلاقى بۇزۇق» ۋە «شەخسىيەتچىلىكى بەكمۇ يامان» دېگەنگە باغلاپ قويۇلغانىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان بىز ئۇچراتقان ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى گومىنداڭ، شېڭ شىسەي، ئەمەلدارلار، خائىنلار، مىللىي مۇناپىقلار، ئىشپىيونلار، جاسۇسلار، پومىشچىكلار، باي دېھقانلار تارىخىي ئەكسىل ئىنقىلابچىلار، كاپىتالىستلارنىڭ ئوبرازى ھامان بىزگە ھەممە نېمىگە زىيان سالىدىغانلىقى، ئىنسانپەرۋەرلىكىنىڭ نابۇت بولغانلىقى، ھەرىكىتىنىڭ ياۋۇز، ئەخلاقىنىڭ قەبىھلىكى قاتارلىق ئورتاق خۇسۇسىيىتى بىلەن تونۇش ئىدى.

«ئىز» دىكى ياڭ زىڭشىن، شامەخسۇت، «ئىزدىنىش» تىكى زەقىپ، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» دىكى ياڭ تۇەنجاڭ، «چالا تەككەن ئوق» تىكى زامانقۇلغا ئوخشاش سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئاچكۆزلىكى، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشنىلا ئويلايدىغان نومۇسسىزلىقى، ئىپلاسلىقى، ئەخلاقىدا ناچارلىقى، ئۆزىنىلا ئويلاپ خەلق بىلەن كارى بولماسلىقى قاتارلىق رەزىللىكلىرى ئۇلارنىڭ مۇھىم ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكى. «يامانلار يامان ئىش قىلىدۇ» دېگەنلىكمۇ سەلبىي ئوبراز يارىتىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەنئەنىۋى مەزمۇن ۋە ئالاھىدىلىك. بىراق بۇ فورمۇلا ئەمەس ياكى ھەممىگە ماس-مىزان ئەمەس. «يامانلار يامان ئىش قىلىدۇ» دېگەن تار مەنتىقلىق مۇناسىۋەت دائىرىسىگە كىرىپ قالساق، سەلبىي پېرسوناژنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىنىپىي يىلتىزىنى قېزىشتا پۇت-قولسىز چۈشىلىپ قالىدۇ. بىزنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ

سۆزى، ھەرىكىتى، ئەمەلىيىتىنى كۆزىتىشىمىز چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ماكسىم گوركىي مۇنداق دېگەنىدى: «ئادەم بولادىش سۆيۈشتىمۇ، ناھايىتىمۇ جۇلالىق، كۆز چاقنىتىدىغان قىلىپ تەسۋىرلەنسە، كىشىلەر ئۇنى بىلمەي قالىدۇ؛ ئادەم دۈشمەن سۆيۈشتىمۇ پەقەت قارا رەڭدىلا سۈرەتلەنسە، ئۇ ئەيدى بۇزۇق قىلىپ قويۇلغان بولىدۇ. بۇنداق قىلىشنى مەن ياقتۇرمايمەن». دۈشمەنلىرىمىز ھەرگىزمۇ سامان قورساق، دۆت، سەت، بەتبەشىرە بىر نېمىلەر ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەقىلىسى مۇستەھكەم «ئەزىمەت»لەر، ئىرادىلىك كىشىلەر بار. بۇ كىشىلەر ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن، جاھالەت، رەزىللىك ئۈچۈن قان تۆكىدۇ، تەر ئاققۇزىدۇ. ئۇلار گەرچە تارىخنىڭ تەرەققىيات مۇسابىقىسىنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ، تارىخنىڭ رەھىمسىز چاقىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىسىمۇ، بىراق مۇئەييەن دەرىجىدە يۈتىلىكاشاڭلىق قىلىپ، تارىخنىڭ ئالغا بېسىش چاقىنى توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن بىز دۈشمەن بىلەن بولغان جان تىكىپ ئېلىشىشتا زور قۇربانلارنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. يېقىندىن بۇيان ئېلان قىلىنغان تارىخىي تېمىلاردىكى رومانلاردا يۈسۈش بولدى دېيىشكە بولىدۇ. «ئىز» رومانىدىكى ياڭ زىڭشىن، شامەخسۇت تېپىك سەلبىي پېرسوناژلار. ئاپتور بۇ سەلبىي پېرسوناژلارنى ئەسەردە مۇئەييەن ئورۇنغا قويۇپ، كەم بولسا ھەرگىز بولـمايدىغان زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىدىكى قارىمۇقارشىلىقتا ئۆزگىچە، مۇكەممەل بەدىئىي ئوبراز قىلىپ سۈرەتلىگەن. ياڭ زىڭشىن، شامەخسۇت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قېنىنى ئىچىدىغان قانخور جاللاتلار. ئاپتور تۆمۈر خەلپە باشچىلىـقىدىكى قوزغىلاڭ ۋاقتىدىكى شىنجاڭنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيىتىنى

نامايەن قىلىپ بېرىشتە، كىتابخانىلارغا شىنجاڭنىڭ قالاق
تارىخىنى تونۇتۇش، چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە زور رېئال ئەھمىيىتى
بار. بۇ سەلبىي پېرسوناژلارنى پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ
ياراتقان. شامەخسۇت ياۋۇز، كۆرمانخور، ئەيش-ئىشرەت،
سەيلى-تاماشىغا ھېرىس، قانخور، دۆت، زالىم ھۆكۈمران.
ياك زېڭشىن ساختىپەز، ئالدامچى، قانخور، دېھقانلار
قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا تەدبىرلىك چاللاك. ئۇنىڭ قانخورلۇقى
بىلەن شامەخسۇتنىڭ قانخورلۇقىدا ھەم ئوخشاشلىق ھەم پەرق
بار. ئىككىلىسى ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە قان
ئىچىشكە تەييار. بىراق شامەخسۇت قارام، ئەقىلسىز، قور-
قۇنچاق، ئىشرەتخور؛ ياك زېڭشىن پەملىك، ساختىپەز، ئۆزىنى
تۇتۇۋالغان، تارىخىي بىلىمى بار. ئىككىلىسى شىنجاڭ
خەلقىنىڭ تىنچىدىن قان شورايدىغان زۇلۇكلەر، بىراق قان
شوراش، يېلىكىنى شۇمۇرۇشتا ئۆزىگە خاس رەزىل ۋاستىسى
بار. شامەخسۇت ياك زېڭشىندەك زالىم ھۆكۈمرانلارغا يۆلىنىپ
ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىسە، ياك زېڭشىنغا بولسا شامەخ-
سۇتتەك دۆت، ياۋۇز، مەلىكىي مۇناپىقلار كېرەك. ئەسەردىكى
مۇنۇ بىر نەچچە جۈملە سۆز بۇ ئىككى سەلبىي پېرسوناژنىڭ
ئەھمىيەتلىك ماھىيىتىنى يىغىنچاقلاپ بېرىدۇ: «توغرا،
شامەخسۇت بىزنى قىلىچ بىلەن قىرماقچى ئىدى. ياك جياڭ-
جۈن جانابلىرى قىلىچنىڭ ھاجىتى يوق، ئاۋۋال پۇت-قولىنى
چۈشەپ ئالماق پىچاق بىلەن بوغۇزلىغىلى بولىدۇ دەپ،
ئىشنى ئاسانلاتتى. جياڭ جۈن جانابلىرى چاللاكلىقتا
شامەخسۇتتىن ئۈستۈنراق ئىكەنلا.» شامەخسۇت، ياك زېڭشىنلار
خەلقنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشتا قورال كۈچى يەتمەي قالسا،
دىن ئارقىلىق پۇت-قولىنى چۈشەپ، زۇلۇمغا شۈكرى

قىلدۇرۇشتا ئوخشاش يول تۇتىدۇ. بىراق شامەخسۇت بۇ ۋاستىنى قوللىنىشتا قوپال، رەھىمسىز، ياۋۇز؛ ياڭ زېڭشىن سىلىق-سىپايە، پەملىك. بۇ ئىككى سەلبىي پېرسوناژنىڭ ئۆزگىچە قارىشى، خۇسۇسىيەتلىرى بار. شامەخسۇت دىنىي تونىغا ئورۇنۇۋالغان، ئاغزىدا بىسمىللا، دىلىدا خەپ توختاپ تۇر دەيدىغان قارا نىيەت جاسۇسلاردىن پايدىلىنىپ، قورغاننى ئىچىدىن بۇزۇشنى خام-خىيال قىلىدۇ. «بىر دىندىكى پۇقرالىرىدا تېخى ئىشەنچ بولمىسا... ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن» دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئىچكى جەھەتتىن «قىلىچنى چاپاننىڭ ئىچىگە تىقىپ، يارىشىپ قالايلى دەپ كۈلۈپ بېرىش»، تاشقى تەرەپتىن مۇسۇلمان باتالىيونىنى ئارقىلىق تەھدىت سېلىشتەك رەزىل پىلانى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، «بىز قىلىچنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان قۇرئاندىن پايدىلىنىپ كۆرسەك بولغۇدەك» دەپ بىلىپ، تۇڭگان لى شۇفۇغا: «سىز تۆمۈر ئىسيانىنى تېنىچ ئۇسۇل بىلەن باستۇرۇشتا مېنىڭ ئاخىرقى كوزىرىم بولىسىز. بۇ كوزىرىمنىڭ قىممىتى ئىسلام دىنىدىن پايدىلىنىشنى قانچىلىك بىلىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ» دەيدۇ. ئەمگەكچان، ئەقىللىق خەلقىمىزنىڭ زۇلۇمغا، جاھالەتكە قارشى كۆتەرگەن ھەرقېتىملىق ئىسيانى ھەر خىل سەۋەبلەردىن باشقا، دىن تۈپەيلىدىن نابۇت بولۇپ. ئىسيانچىلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ بەزمىلىرىدە شاراپ بولدى. دىندىن مۇنداق ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش شامەخسۇت، ياڭ زېڭشىندەك سەلبىي ئوبرازلارنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى پاش قىلىپلا قالماستىن، يەنە خەلقىمىزنىڭ نادانلىقىنى، دەھشەتلىك زۇلۇم چېكىشىنىڭ تۈپ ئىلدىزىنى چۈشەندۈرۈپ

بېرىدۇ. تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى قانلىق تارىخىي ساۋاقلارنى كىتابخانلارغا چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە بۇ ئىككى سەلبىي ئوبرازنىڭ رولى ھەقىقەتەن چوڭ. دېمەك بۇ سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى تارىخىي چىنلىقتا ئويغۇن، روشەن، جانلىق، تەبىئىي يارىتىلغان.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىز روشەن خاھىشچانلىقى بار ۋە مۇھەببەت-نەپرەت تۇيغۇسىغا باي ئەدەبىيات. تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ جەمئىيەتتە چىن، گۈزەل، ياخشى شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە، روناق تاپماقتا. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان نەرسىلەرمۇ ھەر خىل، ھەر ياڭزا قىياپەتتە مەيدانغا چىقماقتا. ياخشى، يېڭى، ئىجابىي قەھرىمان پېرسوناژلارنى يارىتىش بىلەن بىرگە، سەلبىي ئوبرازلار سىستېمىسىنىڭ بەدىئىي ئورنىنى، تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ۋە دەۋر خۇسۇسىيىتىنى دەل، جايىدا ئىگىلىشىمىز بۈگۈنكى زامان رومان ئىجادىيىتىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا رومان ئىجادىيىتىدە بۇ ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئاڭلىق يوسۇندا، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش ھەر بىر يازغۇچىنىڭ باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيىتى.

## «ئىز» رومانىدىكى تۆمۈر خەلپە ئوبرازى توغرىسىدا

خۇدابەردى ئابدۇللا

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى» دېگەن داستانى ئۆزىنىڭ جەزبىلىك ھېكمىتى بىلەن كىتابخانلار قەلبىنى قانداق مەھلىيا قىلغان بولسا، «ئىز» رومانى تېمىسىنىڭ مۇقەددەسلىكى، مەزمۇنىنىڭ مولىقى، تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تارىخ ۋە ئىجتىمائىي بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، قەھرىمان ئوبرازلارنى تىپىكلەشتۈرۈش ئاساسىدا جانلىق، كونكرېتنى ياراتقانلىقى بىلەن جەلب قىلىۋالدى. تۆمۈر خەلپە، مۇقەددىمەدە ئېيتىلغىنىدەك، جۇڭگودا ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال خانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، ۋەتەن زېمىنىدا تۇنجى قېتىم جۇمھۇرىيەت بايرىقىنى تىككەن «شىنخەي ئىنقىلابى» نىڭ ئىلھامى بىلەن تىيانشان ئېتەكلىرىدىمۇ ئىنقىلاب بورانلىرى باشلانغاندا، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان ئاجايىپ جەسۇر «بوران قۇشى». ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا قوزغالغان خەلق قوزغىلىڭى ئۈچ يۈز نەچچە يىللىق قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ كويمىقاپىقا ئوخشاپ كېتىدىغان سۈرلۈك ئوردىسى بىلەن ئۈرۈمچى جاڭجۈنلىرىنىڭ قارا دەرۋازىلىق ياموللىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. بۇنداق تارىخىي قەھرىماننى ئەدەبىيات

ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەش، ئىپادىلىگەندىمۇ تارىخقا ھۆرمەت قىلىپ، رېئاللىقى يار بەرگەن دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، يىغىنچاقلاپ، جانلىق، كونكرېتنى ئىپادىلەش ئوڭاي ئەمەس. ئۇ يازغۇچىدىن چوڭ جاسارەت بولۇشىنىڭ ئۈستىگە مول تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي بىلىم جۇغلانمىسى، يېتىشقان ماھارەت بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» رومانىدا دەسلەپكى قەدەمدە مۇشۇ مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى دېيىشكە بولىدۇ.

ئاپتور زۇلۇمغا، ئىزىلىشكە، ھاقارەتكە، زوراۋانلىققا قارشى پاراسەتلىك، قورقماس مىللىي قەھرىمان تۆمۈر خەلپىنىڭ تارىخىي ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ يۈكسەك قىممىتىنى ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن رومانىنىڭ بېشىدا، سەپەرقۇل، ئامانقۇل، ئايقىزغا ئوخشاش بەختسىز كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلىدۇ. بىز نىياز دورغىنىڭ كىچىككىنە ھوقۇقىغا تايىنىپ باشقىلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق ۋە ھاياتلىق غورۇرىنى دەپسەندە قىلىپ خەقنىڭ ئۆيىدىكى قىزىنى تارتىۋېلىشتەك زوراۋانلىقىغا ئېچىنىپ تۇرساق، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چارۋا سانىقىغا دۇچ كېلىمىز، بۇ ساناقتا ھەر بىر پۇقرا ۋاڭنىڭ بېقىمىشقا بەرگەن ھەر بىر قوشقىرى ئۈچۈن بىر قوزا، ئاقتىسى ئۈچۈن تەخەي، ئايغىرى ئۈچۈن تاي، بۇقىسى ئۈچۈن موزاي بېرىشى كېرەك. قىسقىسى، ھەر بىر مال ئۈچۈن ياندۇرۇپ يەنە بىر مالنى «تۇغقان» ھېسابىدا بېرىش كېرەك. بىز بۇ بابنى ئوقۇغاندا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولىمىز، شامەخسۇتقا لەنەت ياغدۇرىمىز. جىگەرلىك بىر ئادەمنىڭ خەلقنى قوزغاپ شامەخسۇت-

تەكلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. دەل مۇشۇنداق پەيتتە زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك دەستىدىن ئۆز يۇرتىدا تۇرالماي سەرسان بولۇپ يۈرگەن تۆمۈر خەلپە سەپەرقۇلىنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولىدۇ. ئايىقىزنى ئامانقۇلغا نىكاھ قىلىپ، ھوشۇر ئىمامنى جامائەت ئالدىدا شەرمەندە قىلىپ، سەپەر قۇل ئائىلىسىدىكىلەرنى زور غەمدىن قۇتقۇزىدۇ. بىز تۆمۈر خەلپىنىڭ بۇ دەسلەپكى غەلىبىسىدىن، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئەقىللىق، تەدبىرلىك، ئاقكۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىلەلەيمىز. تۆمۈر خەلپە ئايىقىز ۋەقەسىدىن كېيىن كىتابتا بارا-بارا كۆپرەك كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ۋەقەلىكنىڭ كېڭىيىپ، مۇرەككەپلىشىدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى كېڭىيىپ، خاراكتېرىدە ئىلگىرى مەلۇم بولمىغان ھالەتلەر سېزىلىشكە، مىجەز-خۇلقى، مەنىۋى ھەرىكەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.

شامەخسۇت توپىلاق يېغىلىقىدىن قورقۇپ، ئالاقزادە بولۇپ كېچىسىنى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن بىخەۋەر يۈەن داخۇاڭ ئۈرۈمچىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇشقا ياردەم سوراپ، پۇقرالاردىن ئەسكەرلىككە ئېلىپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شامەخسۇت مىڭ تەسلىكتە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق پۇقرانى ئەسكەرلىككە مەجبۇرى ئېلىپ خىراجىتىنى تۆۋەندىن يىغىپ كېلىش ئۈچۈن پەرمان چۈشۈرىدۇ. مانا شۇنداق قاتتىق قات ئالۋاڭ-سېلىق، زۇلۇم خەلقنىڭ غەزەپ قاچىسىنى توشتۇرغان پەيتتە، تۆمۈر خەلپە بىر قىسىم غورۇرلۇق يىگىتلەرنى ئەسكەرلىككە مەقسەتلىك يازدۇرۇپ قورالغا ئىگە قىلىش پىلانىنى تۈزىدۇ. بۇ پىلاننى يېقىن سەبداشلىرى قارا بوسۇق، سەيپۇك توختى، ئېلى

پالەكان، لىياز پالەكان، ئەنارلار بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. ئۆزىمۇ قاراپ تۇرماستىن سېتىقچى، پالچى، تەۋىپ، تۆمۈرچى قىياپىتىدە تاغدىن - تاغقا، باغدىن - باغقا بېرىپ خەلق ئىچىدە زۇلۇمغا قارشى تەشۋىق - تەرغىبات ئېلىپ بارىدۇ. خەلقنىڭ رېئاللىققا بولغان نارازىلىقنى قوزغايدۇ، ئىنسانىي غۇرۇرىنى، ياشاش ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. تۆمۈر خەلپە كىتابىنىڭ بېشىدا زۇلۇمغا پەقەت نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىش بىلەن كۇپايىلەنسە، تورپاق يېغىلىقىدا ئۆلگەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئويى بىلەن چەكلەنسە، ئەمدى ئەزگۈچىلەرگە چېقىلىش ئۇلار بىلەن ئېلىشىش، ھېسابلىشىش يولىدا ئىزدىنىدۇ، ئوي - خىيالدىن ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. تونۇشىدا سەكرەش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئويىدا ئۆزگىرىش بولۇشىغا تورپاق يېغىلىقىنىڭ ئاچچىق خاتىرىسى تۈرتكە بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئوتنى چوقچىلاشقىنىمۇ كۇسەي كېرەك، پاشا، چىۋىنىنى قورۇشقىنىمۇ قورىغۇچ كېرەك، تۇرۇق قول بىلەن ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدۇ.» تۆمۈر خەلپىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يۈزدىن ئارتۇق ئادەم يالغاندىن شامەخسۇتقا ئەسكەر بولۇپ تىزىملىنىپ، قوراللىنىپ ئۈرۈمچىگە بېرىش يولىدا، شامەخسۇتنىڭ يېقىن ئادىمى ھاجەر باقى بەگنى باغلاپ قويۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭچىلارغا تەۋەلىك - ئەركىنلىكنىڭ ئۆزى كەلمەيدىغانلىقى، ئۇنى باشقىلاردىن تىلەپ ئالغىلى بولمايدىغانلىقى، ئۇنى پەقەت جان تىكىپ كۈرەش قىلغاندىلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ھاياجانلىق نۇتۇق سۆزلەيدۇ. تۆمۈر خەلپە گەرچە ئىنقىلابىنىڭ قائىدە-يوللىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن چوڭقۇر

چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتنىڭ چېنىقتۇرۇشى بىلەن پىشقان ئىنقىلابچىغا ئايلىنىدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى، ئىنقىلاب قوينىدا تاۋلىنىشى شاھخۇتنى ئەنسىرىتىپ قويىدۇ. شاھخۇت ھەر دائىم ئىش قىلغاندا تۆمۈر خەلپىنى ھېسابقا ئالىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرى ئەلچىلىككە ئادەم ئەۋەتىپ تۆمۈر خەلپە بىلەن سۆزلىشىشكە مەجبۇر بولىدۇ. تۆمۈر خەلپە ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن يەرلىك چېرىكلەر ۋە شىيەتەي چېرىكلىرى-دىن تۆت يۈز كىشىلىك قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ تۆمۈر خەلپە قوشۇنىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىپ مەغلۇپ بولىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تۆمۈر خەلپە قوشۇنى-دىكىلەرنىڭ سانىمۇ كۆپىيىدۇ، ئەلگىرى تۆمۈر خەلپىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، پۈتۈن نىيىتى بىلەن شاھخۇت ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرى بىلەن ئېلىشىشقا توغرا كەلگەن بولسا، ئەمدى ئۆز قوشۇنىدىكىلەرنىڭ ئىدىيەۋى - ھېسسىياتى بىلەن تونۇشۇ-شىغا، ئۇلارنى تەربىيىلىشىگە، قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلى-شىغا توغرا كېلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئىككىنچى قېتىم غەلىبە قىلغاندىن كېيىن خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئاتتەك قىزىپ كېتىدۇ. شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشكە ئالدىرايدۇ. تۇرپاندىكى قوزغىلاڭچىلارغا قورال ياردەم بېرىش توغرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى بولىدۇ. تۆمۈر خەلپە تۇرپاندىكى ۋە قۇمۇلدىكى ئىنقىلابنىڭ بىر مەقسەتتە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، سەيپۇڭ توختى ۋە باشقا غەيرىي پىكىردىكىلەرنى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، تۇرپاندىكى قوزغىلاڭچىلارغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ ۋەقە تۆمۈر خەلپىنىڭ تار دائىرىدىكى قوزغىلاڭچىدىن ئۆزىنىڭ قوزغىلاڭ قىلىشتىكى مەقسىتىنى بىلگەن، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ

ئىنقىلابچىغا، يېتەكچىگە ئايلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۇتۇقلۇق چىققان ياكى چىقمىغانلىقى، ئۇنىڭ تېمىسىغا، نېمىلەرنى يازغان-يازمىغانلىقىغا، ۋەقەلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى ئوبرازلارنىڭ جانلىق يارىتىلغان-يارىتىلمىغانلىقى، قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى، تاشقى قىياپىتىنىڭ روشەن، كونكرېتنى يورۇتۇپ بېرىلگەن-بېرىلمىگەنلىكىگە باغلىق. ئاپتور تۇمۇر خەلپە ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۇنىڭ تارىخىمىزدىكى مەدھىيىلەنگەن قەھرىمانلارغا ئوخشاش قورقماس، پاراسەتلىك، تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنىلا بايان قىلىپ قالماستىن، ئۇنىڭ شەخسىي ئالاھىدىلىكىنىمۇ يازدى. تۇمۇر خەلپە قورقماس باتۇر بولغىنى بىلەن ساددا، ئاسان تەسىرلىنىپ، ئاسان ئىشىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ناتونۇش قارىنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلاپ تېگى-تەيىنى ئېنىقلىمايلا ئۇنى ئىمام قىلىۋالىدۇ. يۇرتىنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرىدۇ. تۇمۇر خەلپىنىڭ شەخسىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇنۇ دېئالوگ چوڭ رول ئوينىغان: يېڭى شەھەرنىڭ ھۇجۇمى تارمار بولغاندىن كېيىن تۇمۇر خەلپە ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاتلىرى بىلەن باركۆلگە قايتۇرۇۋېتىدۇ:

— بۇنىمە قىلغىنىڭ، تۇمۇر ئاكا، — دېدى قارا بوسۇق ئاچچىق بىلەن.

— يىقىلغاننى تەپمەك يوق، — دەپ جاۋاب بەردى تۇمۇر خەلپە.

— ھېچ بولمىسا، ئاتلىرىنى قالدۇرۇۋالساق بولماسمىدى؟ — دېدى ئاماتقۇل.

— يولدا ئىتلىرى ئۆلسۇن دەمسىلەر؟ ئەسكەر بولغانلاردا نېمە گۇناھ؟ — دەپ يەنە سوئال قويدى تۇمۇر خەلپە.

ئۇ ئارىدا ئارقا تەرەپتىن «ئاڭ» قىلىپ بىر پاي ئوق ئېتىلدى. قارىغايغا باغلاپ قويۇلغان يېڭى شەھەرلىك قاتقا ئىلىنىپ تۇراتتى.

— كىم ئاتتى؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى تۇمۇر خەلپە.

— مەن ئاتتىم، — دېدى كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن توربانى ئۆز خوجاھەمەت.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

— دادامنىڭ قىساسىنى ئالدىم، ئەلقىساسۇل مىنەلھەق دېگەن شۇ.

تۆمۈر خەلپە «ئەستەغپۇرۇللا» دەپ كەككە ساقىلىنى تۇتۇپ بىردەم جىم تۇردى-دە، ئامانقۇلغا قاراپ:

— بۇنىڭ مىلتىقىنى تارتىۋېلىڭلار، — دېدى.*

ئاپتور رومانىنىڭ ئاخىرقى بابلىرىدا تۆمۈر خەلپە ئوبرازىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا كىتاب بېشىدىكىگە ئوخشاش تۆمۈر خەلپىنى تولا بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانماي، باشقىچە ئۇسۇل بىلەن يەنى شامەخسۇت ۋاڭنىڭ تۆمۈر خەلپىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ساراسىمىگە چۈشكەنلىكى، تۆمۈر خەلپىنى چاپىناپ يۈرگەۋەتكۈسى كېلىپ ئالاشلىرى ئارقىلىق كۆرسەتمەكتە. بۇنداق تەسۋىرلەش تۈز تەسۋىرلەشكە قارىغاندا ياخشىراق. چۈنكى شامەخسۇت — تۆمۈر خەلپىنىڭ دۈشمىنى. تۆمۈر خەلپىنى قانچىلىك يامان كۆرسە بىز ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى شۇنچە ياخشى ھېس قىلىمىز. شىنجاڭدىكى ۋاڭلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ زور ھوقۇققا ئىگە، بېيجىڭ پادىشاھىنىڭ ھوجرىسىغا تۇسالغۇسىز كىرەلەيدىغان شامەخسۇتنى ئاپتور مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئۇ جەڭدىن كېيىن شامەخسۇتمۇ خۇددى ئاۋۇ ئۈستىدە ھەممىنى ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان قىمارۋازغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ ئەمدى قۇمۇلدىكى ئابال ۋە دارىنلارنىڭ كۈچى بىلەن قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇشتىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۆز بېشىنى قوغداشنىڭ غېمىگە چۈشۈپ قالدى.

— مۇنداق خورلۇقنى ھېچقاچان كۆرمىگەنىدىم، تۆمۈر دېگەن ئوغرى چېنىمغا زەخ بولۇپ تۇرمىغان بولسا، بۇ تېخىمەللەرنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپ قوياتتىم! — دېدى شامەخسۇت خورسىنغان ھالدا.

---

* «ئىز»، 200-بەت.

بۇ كىتابنى ئوقۇغان بەزى دوستلىرىم: «كىتاب ياخشى
يېزىلىپتۇ، لېكىن تۆمۈر خەلپىنى ياڭ زېڭشىننىڭ ئالدام خال-
تىسىغا چۈشۈرۈش ۋە تۆمۈر خەلپىنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىش تازا
قامالاشماپتۇ، تارىخ شۇنداق بولسىمۇ، ئىنقىلابىي رومانتىزم
بويىچە ـ ئۇنى شامەخسۇت بىلەن كۈرەش قىلدۇرۇپ، غەلىبىگە
ئېرىشتۈرۈپ تۈگەتسە بولاتتى» دېيىشتى. بۇ يولداشلارنىڭ دې-
گىنى ئورۇنلۇقتەك تۇرسىمۇ، ئاپتور ئۇنداق قىلسا بولمايت-
نى. ئاپتورنىڭ تۆمۈر خەلپىنىڭ تەقدىرىنى تارىخىي پاكىتلار
ئاساسىدا ھەل قىلغىنى ناھايىتى ياخشى بولغان. بۇ تارىخىي پاجىئەنى
ئۇ دەۋۇردىكى ۋەزىيەتكە باغلاپ تەھلىل قىلغاندا توغرا خۇلاسە چى-
قارغىلى بولىدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ بىرقانچە شەرتنى قويۇش ئاساسىدا
توختامغا قول قويۇشى، شۇچاغدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت بىلەن
مۇناسىۋەتلىك. تۆمۈر خەلپە شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بى-
لەن ئويغىنىپ، دېھقانلارنى قوزغىلاڭغا ئويۇشتۇرغاندا، «يەر-
لىكتىكى ۋاڭلارنىڭ يىلتىزى ـ پايتەختتە، بېيجىڭ خانى غۇلىسا،
يەرلىكتىكى ئەمەلدارلىرىمۇ ئۆرە تۇرالمايدۇ. ئۇچاغدا بىز
ۋاڭلارنى ئۆز خاھىشىمىز بويىچە تۈزىتەلەيمىز» دەپ قارايتتى.
كېيىنكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ خىيالىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. ئەگەر
تۆمۈر خەلپە شامەخسۇتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ھالەتتىمۇ، بېي-
جىڭ ھۆكۈمىتى كۈچلۈك قوشۇن ئەۋەتىپ تۆمۈر خەلپىنى ئاغدۇ-
رۇپ، شامەخسۇت ھاكىمىيىتىنى تىكلەيتتى. ئەگەر تۆمۈر خەلپە
قارامىلىق قىلىپ شامەخسۇتنى ئاغدۇرماقچى بولسا نۇرغۇن چىقىم
تارتاتتى، خەلق نۇرغۇن تالاپەت چېكەتتى. شۇڭا تۆمۈر خەلپە
غەم، ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۈرۈمچىگە باردى ۋە ئۇ يەردە
مەرتلىك بىلەن قۇربان بولدى. ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ غايى-
سى ئۆلمىدى. جېنىدىن كېچىش پەيدىلىگە قارا كۈچلەر ئۈس-

ئىدىن غەلىبە قىلدى. ئۇ ئىرادىسىدىن قايتمىدى، بۇنى ياڭزېڭشىن بىلەن قىلغان مۇنازىرىسىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشىدا تۆمۈر خەلپىنىڭمۇ، ئاپتورنىڭمۇ جاۋابكارلىقى يوق. بۇنى تارىخنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان دەپ بىلىش كېرەك. ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىشنى لايىق كۆردۈمكى، «ئىز» خەلقىمىزنىڭ قەھرىمان ئوغلانى تۆمۈر خەلپە توغرىسىدىكى تۇنجى رومان، بونداق رومانىنى يازغان ئاپتورغا رەھمەت ئېيتىش كېرەك. لېكىن ئۇتۇقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە يېتەرسىزلىكلىرىنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. بىرى، ئەسەردە تۆمۈر خەلپىنىڭ پورترېتى تولۇق سۈرەتلەنمىگەن. جانلىق ۋە كونكرېت بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتا پېرسوناژنىڭ پورترېتىنى بەدىئىي سۆز بىلەن سىزىپ كۆرسىتىشنىڭ رولى چوڭ، كىتابخان پورترېت ئارقىلىق ئوبرازنىڭ ئۆزىگە خاس تاشقى قىياپىتى بىلەن تونۇشىدۇ، ئوبرازنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئاپتور تۆمۈر خەلپىنىڭ پورترېتىنى سىزمايمۇ قالمىغان، ئاز سىزغان، يېتەرلىك سىزمىغان. شۇڭا كىتابخان تۆمۈر خەلپىنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا تولۇق كەلتۈرەلمەيدۇ. يەنە بىرى، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىچكى دۇنياسى، خۇلقى-مىجەزى تولۇق ئىپادىلەنمىگەن. ئاپتور ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىلا تەسۋىرلەپ، قەلبىنى قېزىشقا تازا دىققەت قىلمىغان. ئەدەبىيات — ئىنسانشۇناسلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوبرازنى ھەر تەرەپلىمە جانلىق كۆرسىتىپ بېرىشتە قەلبىنى، خۇلقى-مىجەزىنى بارلىق كۈچ بىلەن يېزىش لازىم ئىدى. بىز تۆمۈر خەلپىنىڭ قەھرىمانىلىقى، پاراسەتلىكلىكىنى بىلسەكمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە ساقلىنىۋاتقان ھېس-تۇيغۇسىنى بىلەلمەيمىز. بىلسەكمۇ قانائەت ھاسىل قىلالمايمىز. بۇ ئاپتور سەل قارىسا بولمايدىغان مەسىلە.

# «ئىزدىنىش» ۋە «ئىز» رومانلىرىدىكى ئۈچ مۇھىم تەركىب توغرىسىدا

ئەركىن نىزامى

«ئىزدىنىش»، «ئىز» رومانلىرى تەرەققىي تېپىۋاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ نادىر نامايەندىلىرى. مەن جامائەتچىلىك ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان بۇ ئىككى روماندىكى ئۈچ مۇھىم تەركىب ـ سيۇژىت قۇرۇلمىسى، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى ۋە مۇھىت تەسۋىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1

رومان سىغىمچانلىقى ئەڭ زور، ھەجمى ئەڭ كەڭ بولغان، بەلگىلىك تارىخىي دەۋرنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان چوڭ تىپتىكى بىر خىل نەسرى ئەسەر بولغاچقا، ئۇنىڭ سيۇژىت قۇرۇلمىسىمۇ نىسبەتەن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇشنىڭ كەڭلىكى ۋە ھەر تەرەپلىمىلىكى، پېرسوناژلارنىڭ كۆپلىكى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى رومان سيۇژىتىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى-

نى شەكىللەندۈردى. بۇ ھال روماندا بىر ياكى ئىككى ئەمەس،
بەلكى بىر قانچىلىغان سىيۇژېت لىنىيىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ
قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى مەركىزىي سىيۇژېت لىنىيە-
سى، قالغانلىرى تارماق سىيۇژېت لىنىيىسى بولىدۇ. ھەرقاي-
سى تارماق سىيۇژېت لىنىيىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەزمۇن ئالا-
ھىدىلىكى بولۇشتىن سىرت، مەركىزىي سىيۇژېت لىنىيىسىنى
تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. سىيۇژېت
لىنىيىلىرىنى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇل ۋە
شەكىللىرى بار. كۆپرەك قوللىنىلىدىغىنى ئۆز ئارا گىرەلەشتۈ-
رۈپ ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر.
«ئىزدىنىش» رومانى ئازادلىقتىن كېيىنكى بەلگىلىك بىر
تارىخىي دەۋرنىڭ بىر قىسىم تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئۆزىگە ئې-
جا قىلغان، روماندا ئەلا باشچىلىقىدىكى بىر توپ ياشلارنىڭ
ئىلىم - پەنگە بولغان تەشنالىقى، مەرىپەت چوققىسىغا ئۆرلەش
ۋە ھەقىقىي تۇرمۇش يولىنى تېپىش ئارزۇسىدا ئىزدىنىشى، ئىزدە-
نىش جەريانىدا نۇرغۇن چاپالىق، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ
ئۆتۈپ ئاجايىب ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەنلىكى نامايەن قىلىنىپ، بۇ
ئارقىلىق ئىلىم - پەننىڭ ئۇلۇغۋار ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئى-
كەنلىكى، ئىلىم - پەن ئارقىلىقلا جەمئىيەتنى ۋە مىللەتنى
تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقتىن ئىبارەت كۆز قا-
راش مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. روماننىڭ سىيۇژېتى ئەلا ۋە ئۇنىڭ
سەبداشلىرىنىڭ ئىزدىنىش يولىدىكى ئۇچرىغان تۇرمۇش سەر-
گۈزەشتىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان. روماندىكى بىر قانچە سىيۇ-
ژېت لىنىيىسى ئىچىدە، باش پېرسوناژ ئەلانىڭ ئىزدىنىش يو-
لىدا بېسىپ ئۆتكەن مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - توقاي تۇرمۇش
يولى مەركىزىي سىيۇژېت لىنىيىسى بولۇپ، قالغانلىرى ئەلا

بىلەن گۈزەلنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، بىر تۈركۈم توغرا نىيەتلىك ئىقتىداس ئىگىلىرى بىلەن ناتوغرا سىلچىل لۈشيەنىڭ بىر قىسىم قوغدىغۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن ئىددىيىۋى كۈرەش، ئەلا بىلەن رەقىپ ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە ئېلىشىش، ئەلانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بىر تۈركۈم ساۋاقداشلىرىنىڭ توختىمىغان تۈرمۈش كەچۈرمىشلىرى... قاتارلىقلار تارماق سىيۇزۇت لىنىيەلىرىدۇر. ئاپتور مەركىزىي سىيۇزۇت لىنىيەسىنى ئۈزۈپ قويماسلىقتا باشتىن - ئاخىر دىققەت قىلغان، ئۇنىڭدىن زادىلا يىراقلاشمىغان. تارماق سىيۇزۇت لىنىيەلىرى ئاساسىي غولدىن شاخلىتىش، ئۆز ئارا خەت ئالماشتۇرۇش ۋە پېرسوناژلارنى تەبىئىي ياكى تەسادىپىي ئۇچراشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ مۇلاھىزىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن رومانىنىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىپ كۆرەيلى:

رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى «قىممەتلىك ياشلىق»تا ئەلا باشچىلىقىدىكى بىر گورۇپپا ياشلارنىڭ 1957- يىلدىن 1965- يىلغىچە بولغان سەككىز يىللىق ئىلىم - پەن ئىگىلەش ۋە توغرا تۇرمۇش يولىنى تېپىش ئارزۇسىدىكى ئىزدىنىش سەپىرىدە باشتىن كەچۈرگەن مۇرەككەپ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇ قىسىم تۆت چوڭ بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەر بىر بابقا ماۋزۇ قويۇلغان. «خەير، دوستلار» سەرلەۋھىلىك بىرىنچى باپتا، ئەلا قاتارلىقلارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىققانلىقى، ئۈرۈمچىدىكى بىر قانچە كۈنلۈك يېڭى تۇرمۇشنىڭ ئۇلارغا بەرگەن تەسىرى ۋە خىزمەت تەقسىماتى جەر-

يادىكى جىددىي ئىدىيىۋى كۆرەشلەر تەسۋىرلەنمىدۇ، ئاپتور كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى ئاستا ـ ئاستا باش پېرسوناژ ئەلاغا جەلپ قىلىدۇ. ئەلا دەسلەپتە ئۈرۈمچىگە ئېلىپ قىلىنـغانلىقىغا ئانچە خۇرسەن بولمايدۇ. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭگەن ئۇقۇم چەت يېزا ـ قىشلاقلاردا، ئەڭ جاپالىق شارائىتتا ئىشلىگەندىلا سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۆپرەك ھەسسە قوشقىلى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. دەل مۇشۇنداق پەيتتە ئاپتور ئۇنى كەسكىن كۆرەش بىلەن تولغان ھايات تورىغا باشلاپ كىرىدۇ. ھەممە ساۋۇتۇپ ئوبرازىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئەلانىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا ۋە ئىلىم ـ پەنگە بولغان توغرا ئىدىيىۋى ـ ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئەلا توغرا تۇرمۇش يولىنى تاللاشتىكى دەسلەپكى چۈشەنچىسىنىڭ ئۈزە ۋە بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئاز ئۆتمەي غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرسى بولغان ماجۇرىنىڭ ياردىمى بىلەن شۆيۈەنگە قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلۇغ ئارزۇ-ئىستەكلەر بىلەن قاناتلىنىدۇ.

«بىلىم كويىدا» سەرلەۋھىلىك ئىككىنچى بابتا، ئەلانىڭ غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەندىكى قىزغىن ئۆگىنىش بىلەن باشلانغان كۆڭۈللۈك ھاياتى سۈرەتلىنىدۇ. ئىلىم ـ مەرىپەت يولىدىكى ئىزدىنىش، پروفېسسورلار بىلەن بولغان ئىلمىي سۆھبەتلەر ۋە ئىلمىي مۇنازىرىلەر بىلەن تولغان شۆيۈەن ھاياتى ئەلانى تەمكىن، پاراسەتلىك، ئىجتىھاتكار بىر ستۇدېنتقا ئايلاندۇرىدۇ. ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يېڭى بىر خاھىشى كۈچ بۆسۈپ كىرىدۇ. ئۇ گۈزەلئايغا مۇھەببەت باغلايدۇ. گۈزەلئاي ئۆز ئىسمىغا مۇناسىپ

چىرايلىق قىز بولۇپ، ئەلانى ھەقىقىي يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن تىكەنسىز گۈل بولمىغاندەك، بۇ ئىككى ياشنىڭ ساپ مۇھەببىتى ئارىسىغا رەقىپ ئىسىملىك «تىكەن» ئۈنۈپ چىقىدۇ. رەقىپ گۈزەللىنىڭ زېبۇ زىننەتكە ۋە ئويۇن—تاماشىغا ئامراقلىقى، ئازغىنا تۇرمۇش دولقۇنلىرىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان مەنىۋى ئاجىزلىقىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ ئۇنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەلا پاك سۆيگۈ بىلەن رەشك ئوتىنىڭ ئازابىغا قالىدۇ. رومانىدا ئەلا بىلەن گۈزەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەمدە ئەلا بىلەن رەقىپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆزىگە خاس تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئىگە تارماق سىيۇژىت لىنىيىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ مەركىزىي سىيۇژىت لىنىيىسى ئاساسىدىن شاخلىنىش يولى بىلەن راۋاجلاندۇرۇلغان.

رومانىڭ «كەلگۈسى ئۈچۈن» سەرلەۋھىلىك ئۈچىنچى بابىدا ياش تەلەپكار ئەلانىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ماددىي ۋە مەنىۋى كۆلپەتلەر بىلەن تولغان ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كارتىنىسى سۈرەتلىنىدۇ. «ئۈچىنچىلارغا قارشى كۆرەش» تە ئەلانىڭ كۆرەشنىڭ ئوبيېكتى قىلىنىپ «ئاق مۇتەخەسسىسلىكمۇ بولمىغان» «ئۈچىنچى ئوپپورتۇنىزمچى» غا ئايلاندۇرۇپ قويۇلىدۇ. چۈنكى ئاشقان سول لۇشيەننىڭ چاپارمەنى بولغان ئىككى يۈزلىمىچى پۈرسەتپەرەس رەقىپ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە ئۇسۇللار بىلەن ئەلاغا زىيانكەشلىك قىلىپ قارا ماتېرىيال توپلاپ ئۇنى كەنتكە ئەمگەككە ئەۋەتىۋېتىدۇ. ئۈستى-ئۈستىلەپ كېلىۋاتقان سىياسى ۋە ئىقتىسادىي بېسىم بۇ ياش تەلەپكارنى ئۆز غايىسىدىن چەتنىتەلمەيدۇ، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ساھەسىدىكى ئىزدىنىشتىن توختىتىپ قويالمايدۇ. ئۇ جاپالىق

ھەم زېرىكمىلىك تۈن ۋە كۈنلەرلى ئوقۇش-يېزىش بىلەن ۋە
ئايىلى گۈزەللىكىگە باغلىنىشلىق شېئىرىي ئەسلىمىلەر قوينىدا
ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن كۈتۈلمىگەندە گۈزەلئاينىڭ شىنجاڭغا كېتە-
ۋېلىشى ئۇنىڭ چىدامسىزلىقى ۋە ئەلا بىلەن بىر يولدا ماڭ-
مايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن بېرىلگەن
بۇ ئويۇقسىز زەربە بوران-چاپقۇنغا قارشى مەغرۇر قەد كۆتۈ-
رۈپ تۇرغان ياش نوتىنى نابۇت قىلىشقا تاسلا قالىدۇ.

«ئايرىلىش» سەرلەۋھىلىك ئاخىرقى بابتا ئەلا گەننەدىن
قايتىپ كېلىپ تەنھا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.
جىسمانى ۋە مەنىۋى خورلۇق ئۇنى كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ.
سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلەر-
دىن قول ئۈزۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىش، يېزىش ۋە ئىل-
مىي تەتقىقات ئىشىغا بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقات ساھەسىدىكى
ئۇتۇقلىرى ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوز-
غايدۇ. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى توغرىسىدا دوكلات بېرىش
ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە كېلىدۇ. ئۇرۇمچىدە گۈزەلئاي بىلەن كۆرۈ-
شىدۇ. ئەمما بۇ كۆرۈشۈش ئۇنىڭغا خوشاللىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.
گۈزەلئاي ئاجرىشىش تەلىپىنى قويىدۇ. ئەلا ئايىلى بىلەن ئۆ-
زى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان قېلىن تاغ پەيدا بول-
غانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق سېزىدۇ. ئۇ ئۇرۇمچىدە ۋە جەنۇبىي
شىنجاڭنى ئايلىنىش جەريانىدا ئەينى يىللىرىدىكى ساۋاقداشلىرى-
نىڭ كۆپچىلىكى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئۆز-
گىچە قىزىقارلىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكى-
نى كۆرىدۇ. ئارزۇ بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور
پەرقنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئاپتور ئەلانىڭ
ھاشىر قاتارلىق ساۋاقداشلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئائىت بول-

غان تارماق سىيۇژېت لىنىيەلىرىنى خەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆز ئارا ئۇچراشتۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلار ياردىمى بىلەن يورۇ- تۇپ بەرگەن.

«ئىز» رومانىدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن مەشھۇر دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈش سەۋەبى، تەرەققىيا- تى، مەغلۇب بولۇش ۋە مەغلۇب بولۇشىدىكى ئاچچىق تەجرىبە- ساۋاقلار ئاساسىي تېما قىلىنغان.

«ئىزدىنىش» بىلەن «ئىز» رومانىنىڭ سىيۇژېتى ۋەقەلىك- نىڭ سىستېمىلىق راۋاجلىنىش تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ۋەقەلىكنى رېئال تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇپ، ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلىمەك دەرىجىدە سۈ- رەتلەش جەھەتتە ئومۇملۇققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن كەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئىككى رومانىنىڭ سىيۇژېت قۇرۇلمىسىدىكى خاسلىقتۇر. «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ سىيۇژېتى بەدىئىي توقۇلمىغا تايىنىپ تىپىك ۋەقە، تىپىك پېرسوناژ ۋە تىپىك شارائىت يارى- تىش پرىنسىپى بويىچە تاللاپ ئىشلىنىغان تۇرمۇش ماتېرىيالى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسا، «ئىز» رومانىنىڭ سىيۇژېتى قىسمەن بەدىئىي ئىش قوشۇش ئارقىلىق تولۇقلانغان ئەينەن تارىخىي چىنلىق ئۈستىگە قويۇلغان. «ئىزدىنىش»كە قارىغاندا «ئىز» رومانىنىڭ سىيۇژېت قۇرۇلمىسى نىسبەتەن زىچراق، دراماتىك توقۇنۇشلار ئاشكارە ۋە كەسكىن. «ئىزدىنىش»تە باش پېرسو- ناژ ئەلانىڭ ئىزدىنىش يولىدا بېسىپ ئۆتكەن مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - توقاي تۇرمۇش يولى مەركىزىي سىيۇژېت لىنىيىسى قىلىنغان بولسا، «ئىز»دا تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوز- غىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ مانجۇ خانلىقى ۋە ئۇنىڭ قول چوما- قى بولغان شامەخسۇتنىڭ قانلىق زۇلۇمىغا قارشى تىغمۇتىغ

ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرەش مەركىزىي سيۇژېت لىنىيىسى قىلىنغان. شامەخسۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئېكسپلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان ئەمگەكچىلەر ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەسىز زىددىيەت، مانجۇ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى قورچاق ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك ۋاڭ شامەخسۇت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئەمەلدارلار ۋە ئەكسىيەتچى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ھەمدە ئامانقۇل بىلەن قازاق قىزى ئايقىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى ... قاتارلىقلار تارماق سيۇژېت لىنىيىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ئاساسەن مەركىزىي سيۇژېت لىنىيىسى بىلەن يانداشقان مۇناسىۋەتتە كەلگەن. تارماق يىپ ئۇچلىرىنى ئۇنۇملۇك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاپتور ئورۇن ۋە لىنىيە يۆتكەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلانغان. دېمەك، سيۇژېت لىنىيىلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپى جەھەتتىمۇ ئىككى روماندا روشەن خاسلىق ۋە پەرقلەر مەۋجۇت.

«ئىز» رومانى مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا يىگىرمە سەككىز بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەر بىر بابقا ماۋزۇ قويۇلغان. روماننىڭ سيۇژېت راۋاجىنى مەزمۇنەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن.

بىرىنچى باسقۇچ، بىرىنچى بابتىن توققۇزىنچى بابقىچە بولغان جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قوزغىلاڭنىڭ ھارپىسىدىكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەت، ھەمدە قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىنىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئونىنچى بابتىن يىگىرمە تۆتىنچى بابقىچە بولغان جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككىنچى باسقۇچتا، تۆمۈر

خەلپە باشچىلىقىدىكى مەشھۇر قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پۈتكۈل جەريانى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ رومانىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ، يىگىرمە بەشىنچى بابتىن يىگىرمە سەككىزىنچى بابقىچە بولغان جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلاردا قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشى يېزىلغان.

رومانىنىڭ خاتىمىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭدا، 1931 - يىلى كۆتۈرۈلگەن، كۆلىمى «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» دىنمۇ كەڭ بولغان خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلىپ، خوجانىياز ھاجىنىڭمۇ تۆمۈر خەلپىگە ئوخشاشلا تەقدىرگە دۇچ كەلگەنلىكى يېزىلغان. تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىغا قاتناشقان، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ قابىل قوزغىلاڭ يېتەكچىسىنىڭ يەنىلا تۆمۈر خەلپىنى قەتلە قىلغان «كونا قورال» بىلەن قەتلى قىلىنىشى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ۋە ئېچىندۇرىدۇ. رومانىنىڭ خاتىمىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان: «تەڭلىك، ئەركىنلىك ۋە ھەققانىي ئىنسانىي تۇرمۇش يارىتىش يولىدا كۈرەش قىلغان خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئىزلىرى ھېچقاچان كۆمۈلمەيدۇ. بۇ كۆمۈلمەس ئىزلارنى بىزگە قالدۇرغان خەلق تارىخىنى ھېچكىم ئۆزۈۋېتەلمەيدۇ، خۇددى ئالدىمىزدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىنى قىلىچ بىلەن ئىككى بۆلەك قىلىپ ئۆزۈۋېتىش ھەرگىز مۇمكىن بولمىغانغا ئوخشاش».

شۇنداق، «ئىز» رومانىنىڭ سىيۇژېتى ھەقىقەتەنمۇ

«تەڭلىك، ئەركىنلىك ۋە خەلققە ئىنسانىي تۇرمۇش يارى-
تىش يولىدا كۈرەش قىلغان خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئىزلىرى»
نى بويلاپ راۋاجلاندۇرۇلغان.

## 2

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى جانلىق، كونكرېت ئوبراز يارىتىش يولى بىلەن رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ۋە ئاپتورنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىدىيەۋى - ھېسسىياتىنى توغرا، ھەقىقىي ۋە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى توغرا تۇرمۇش كۆز قارىشى ۋە ئىستېتىك تۇيغۇ بىلەن تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. بۇ بارلىق ئەدەبىي ژانىر ۋە تۈرلەرگە ئوخشاشلا، يىرىك ئېپىك ئەسەر رومان ئۈچۈنمۇ ئورتاق پرىنسىپ. پېرسوناژلار ئوبرازى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بارلىق ئوبرازلارنىڭ يادروسى. رومان كەڭ ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا، ئۇنىڭ پېرسوناژلىرىمۇ نىسبەتەن كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. ئونلىغان پېرسوناژلارنىڭ ئومۇملۇق بىلەن خاسلىقىغا بولغان تىپىك خاراكتېرىنى يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا رومان ئاپتورلىرى ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ تىپىكلىكى، خاراكتېرىنىڭ يېتىلىش جەريانى ۋە ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان تەبىقە ياكى گۇرۇھنىڭ بەلگىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشىگە مەركەزلىك باش قاتۇرىدۇ.

«ئىزدىنىش» ۋە «ئىز» روماللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا ئوبراز يارىتىشنىڭ بىر قەدەر ياخشى ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى.

«ئىزدىنىش» رومانىدا، ئىلىم-پەن ئىگىلەش ۋە توغرا تۇرمۇش يولىنى تېپىش ئارزۇسىدا ياشلارنىڭ ۋە دۇنيا قارىشى ئوخشاش بولمىغان ئىلىم-پەن خادىملىرىنىڭ ئوبرازلىرى يارىتىلغان. ئەلا رومانىدىكى بىردىنبىر باش پېرسونازدۇر. ئۇ 50-يىللاردىكى ئىلىم-مەرىپەت يولىدا ئىزدەنگەن ۋە ئەگرى توقاي، مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، ئويغانغان زىيالى ياشلارنىڭ تىپى. ئۇنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشى ۋە ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرى تۈپتۈز داغدام يول بىلەن ئەمەس، بەلكى بوران-چاپقۇنلۇق ئەگرى-توقاي يوللار بىلەن قولغا كېلىدۇ.

ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنى پارنىكتىكى گۈل ئەمەس، بەلكى بوران-چاپقۇن ئىچىدە كۆكلەپ ياشنىغان مەزمۇت قارىغاي قىلىپ يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا ئۇنى خىلمۇ خىل ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلتۈرىدۇ. گۈزەلئاي بىلەن ئۇچرىشىش ئەلا دۇچ كەلگەن ئەڭ ئېغىر سىناقلارنىڭ بىرى. تېخى مۇكەممەل تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولمىغان بۇ ياش زىيالى كۈچلۈك مۇھەببەت سېزىمىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزى بىلەن دۇنيا قارىشى، ئارزۇ-ھەۋىسى ۋە تۇرمۇش مەسلىكى بىردەك بولمىغان گۈزەلئايغا تېزلا باغلىنىپ قالىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا كىچىك ئىشلاردىن باشلانغان ئىدىيىۋى توقۇنۇشلار بارا-بارا چوڭىيىپ، ئاخىرى ئۇلارنى ئېغىر جۇدالىققا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭغا بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن سول لۇشيەننىڭ زەربىسى قوشۇلۇپ ئەلانى خېلىلا گاڭگىرىتىدۇ. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنىڭ قەلبىنى ئىلىم-پەندىن ئىبارەت ۋاپادار

يارەغا مەھلىيا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلا پۈتۈن دىققە-
تىنى بىرلا ئىشقا ئىلىم-مەرىپەت يولىدا ھارماي-تالماي
ئىزدىنىشكە بېغىشلايدۇ. ئومۇمەن، ئەلا پارلاق، ئەمما زىد-
دىيەتلىك تۇرمۇش دولقۇنلىرىدا ئۆسۈپ كامالەت تاپقان،
ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان گۇرۇھنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسى-
يەتلىرىنى تولۇق ئومۇملاشتۇرغان ھەمدە ئۆزىگە خاس ئىندى-
ۋىدۇئاللىقى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ھالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك
يارىتىلغان تىپىك پېرسوناژدۇر.

«ئىزدىنىش» رومانىدىكى دىققەتكە سازاۋەر ئوبرازلار-
نىڭ بىرسى گۈزەلنىڭ ئوبرازىدۇر. ئۇ ئۆزىگە خاس خاراكتېر
ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تىپىك پېرسوناژ بولۇشتىن
تاشقىرى، باش پېرسوناژ ئەلانىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ
بېرىشتە ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپ تۇرمۇش يولىنى شەكىللەندۈ-
رۈشتە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. ئۇ سەھنىگە چىقىش بىلەنلا
بىر-ئىككى قېتىملىق يېنىك دەرىجىدىكى يوشۇرۇن ۋە
ئاشكارە توقۇنۇش ئارقىلىق ئەلا بىلەن تونۇشىدۇ. توقۇنۇشلار
ئۇلارنى يىراقلاشتۇرماستىن، ئەكسىچە بىر-بىرسىگە قىزىقىش
تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا ياخشى كۆرۈشۈپ، توي
قىلغاندىن كېيىنلا دۇنيا قاراش، ئارزۇ-ھەۋەس، تۇرمۇش
ئادىتى ۋە مىجەز-خۇلۇق قاتارلىقلاردا ئۆزلىرىنىڭ زىددى-
يەتلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە بىر-بىرلىرىنى
ماقۇللىيالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئاپتور گۈزەلنىڭ
خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلارنى ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئائىلە
شارائىتى، تەربىيەت ئاتا قىلغان جەمئىيەت گۈزەللىكتىن
مەغرۇرلىنىش دېمىسىياتى ۋە كىشىلەر بىلەن بولغان ھەر
خىل مۇناسىۋەتلەردىن ئىزدەيدۇ. ئۇ بىر قەدەر ھاللىق

ئائىلىنىڭ يالغۇز قىزى. شۇڭا پارتىيىدىكى گۈلدەك ئاسراپ،
ئەتىۋارلاپ ئەركە ئۆستۈرۈلگەن. بۇنىڭغا ئۆز گۈزەللىكىدىن
پەخىرلىنىش تۇيغۇسى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا
مەغرۇرلۇق، ياسانچۇقلۇق ۋە ئابرويپەرەسلىك قاتارلىق چاكىنا
ھېسسىياتلار ئۆسۈپ بارىدۇ. ئۇ رەقىپكە ئوخشاشلارنىڭ
پۇۋلەپ كۆككە ئۇچۇرۇشىدىن ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى
دۇنياغا چەكسىز بەخت ۋە ئويۇن-كۈلكە ئىچىدە ياشاش
ئۈچۈن يارالغان دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ. مۇھەببەتنىڭ
سېھرىلىك كۈچى ئەلا بىلەن ئىككىسىنىڭ تۇرمۇش مەسىلە-
كىدىكى زىددىيەتلەرنى دەسلەپتە نىقاپلاپ تۇرالىغان بولسىمۇ،
تويدىن كېيىن تېزلا ئاشكارىلىنىدۇ. «بويتاق ۋاقتىمىزدى-
كىدەك كەچكىچە كىتاب ئوقۇيدىغىنىمىزنى قويۇڭ، بىزنىڭ
ئۆيىمىزدىن كۈلكە، ناخشا، مۇزىكا ئائىلىمىزلا تۇرىدىغان
بولسۇن.» مانا بۇ گۈزەلئاينىڭ تۇرمۇش مەسىلىكىنىڭ يەكۈنى
«كۈنلەر مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرىدىغان بولسا بەش يىلدىن كېيىن
كېرەكسىز ئادەمگە ئايلىنىمەن. گۈزەل ئارزۇلىرىمنى چىرايلىق
ئائىلە ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەتكەن ئەرزىمەس ئادەم بولۇپ
چىقىمەن. ياق، مەن تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولىنى
قىلاي. گۈزەلئاينى ئىرادەمگە بويسۇندۇراي.» مانا بۇ
ئەلانىڭ قايتۇرغان جاۋابى. ئوخشاش بولمىغان بۇنداق ئىككى
خىل تۇرمۇش قارىشى ئاخىرى مۇھەببەتتىن غالىپ كېلىپ
ئىككى ياشنى ئۆز يولى بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.
كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئىرادىسىزلىك، چىدامسىزلىق
ۋە چاكىنا ئارزۇلار ئۈستىگە قۇرۇلغان تۇرمۇش يولى گۈزەل-
ئاينى ئاخىرى سەنئەتتىكى ئىستىداتى ۋە ئۆزى كۈتكەن
بەختتىن مەھرۇم قىلىپ، كېرەكسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ

قويىدۇ. ئاپتور گۈزەلنىڭ ئايىغا نىسبەتەن ئەپسۇسلىنىش ۋە ئېچىنىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. ئۇنى ئەلا بىلەن بىر قاتارغا قويمىغاندەك، رەقىپ بىلەنمۇ بىر قاتاردا قويمايدۇ. دېمەك، گۈزەلنىڭ ئۆزگىرىشچان خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ بولۇپ، جەمئىيەتتىكى توغرا تۇرمۇش يولىنى تاللىيالماسلىق تۈپەيلىدىن ئاچچىق ئاقىۋەتكە قالىدىغان بىر قىسىم ياشلارنىڭ جانلىق كارتىنىسىدۇر.

رومانىدىكى رەقىپ مىجەز-خۇلقى، ئىش-ھەرىكىتى، گەپ-سۆزى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كىتابخان قەلبىدە يىرگىنىش ۋە نەپرەت تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان سەلبىي تىپ. رەقىپ باي ئائىلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. مەئىشەتلىك ئائىلە شارائىتى تۈپەيلى ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا پۇلپەرەس، ئاللاق ۋە شەھۋانىخور بولۇپ تەربىيىلەنگەن. بۇ ئىللەتلەرگە كېيىنرەك ئىككى يۈزلىمىلىك، چېقىمچىلىق، خۇشامەتگۈيلۇق، كۆرەلمەسلىك ۋە ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەر قوشۇلۇپ ئۇنىڭ خاراكتېرى تولۇقلىنىدۇ. رەقىپ غەربىي-شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بارغاندىن كېيىن ھەقىقىي ئىقتى-دارى بىلەن ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ پۇلنىڭ كۈچى، خۇشامەتچىلىك ۋە چېقىمچىلىق بىلەن يۈز تېپىشقا، مەنسەپكە ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن سولچىل لۇشيەن ئۇنىڭ رەزىل قارانىيەت بىلەن تولغان خاراكتېرىنىڭ تېخىمۇ ئېنىق ئاشكارە بولۇشىنىڭ كولمىناتسىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاشكارە سەھنىگە چىقىپ، ئۇرغۇن ئەلىم-پەن خادىملىرىنىڭ ئۈستىدىن قارا ماتېرىيال بېرىپ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئەلا ئۇنىڭ بىردىنبىر كۆرەش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ بەزىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىلىق ئىگە

بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ ئاياللارنى دەپسەندە قىلىدۇ. ئاپتور رەقىپىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە، ئۇنىڭ رەزىل ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمەيدۇ. رەقىپ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۆز ئىچكى دۇنياسىنى ھېلىگەرلىك، ساختا كۆيۈمچانلىق، ساختا دوستلۇق ۋە ساختا خۇشخۇيلۇق پەردىسى ئىچىگە ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرىدۇ. ئۇنىڭ قوي تېرىسىگە ئورۇنۇپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان بۆرە ئىكەنلىكى كېيىنچە ئاستا-ئاستا ئاشكارىلىنىدۇ. ئاپتور رەقىپ ئوبرازى ئارقىلىق، زىيالىلار قوشۇنى ئىچىدىكى ئىلىم-پەن-نىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولغۇچى، قارانىيەت، ئۆزگە-رىشچان، پۇرسەتپەرەس بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مۇناسىپ تىپىنى ياراتقان.

«ئىزدىنىش» رومانىدا يەنە ھاشىر، كېنىدىك جامۇ، ساۋۇتوپ قاتارلىق ئىلىم-پەن خادىملىرىنىڭ ئوبرازلىرىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«ئىزدىنىش» رومانى دۆۋەتتىكى رومانچىلىق ئىجادى-يىتىدە ئوبراز يارىتىشنىڭ بىر قەدەر ياخشى ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى دېگىنىمىز، بۇ نۇقتىدا زادىلا يېتەرسىزلىك يوق دېگەنلىك ئەمەس، ئۇنىڭدا نۇقسانمۇ بار.

قىسسەن ھەجۋى ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەدەبىي ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ ئىسىم فامىلىسى ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى، ياكى جىسمانىي تۈزۈلىشىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ۋەزىپە ئاتقۇرمايدۇ. چۈنكى ئىسىم ئىنسان تۇغۇلۇشى بىلەنلا (ئۇنىڭ خاراكتېرى تېخى شەكىللەنمىگەن چاغدىلا) قويۇلۇپ بولىدۇ. لېكىن «ئىزدىنىش» تە بۇ قانۇنىيەتكە

خالاپلىق قىلىنىپ، ئىسىم پېرسوناژنىڭ ئەسەردىكى ئىجتىمائىي ئورنى ياكى قىياپىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر خىل ۋاسىتە سۈپىتىدە قوللىنىلغان. بىرەر روماندا بىرەر پېرسوناژنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ خاراكتېرىگە تەبىئىي ھالدا ماس كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. لېكىن بىر قانچە پېرسوناژنىڭ بۇنداق بولۇشى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ئەمەس. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى بىرنەچچە مۇھىم پېرسوناژلارنىڭ (ئەلا، گۈزەلئاي، رەقىپ، نامەت قاتارلىقلارنىڭ) ئىسىملىرى قارىماققا ئۇيغۇرلار دائىم قوللىنىدىغان ئىسىملار بولۇش بىلەن بىللە شۇ پېرسوناژلارنىڭ ئۆزلىرىگە ماس كەلگەندەك كۆرۈنىدۇ، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىنىڭ سىغىنچاقلانغان ئىپادىسى بولۇپ قالغان. ئەدەبىيىمىز رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمايدىغان بۇ خىل «نوختىشلىق» نى رېئاللىقنىڭ تېپىك ئىنكاسى بولغان بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئىچىگە زورمۇزور تىقىپ كىرمەسلىكى لازىم.

«ئىزدىنىش» رومانىدا مەركەزلىك مەسىلە ئەلانىڭ ئىلىم-پەن يولىدىكى جانلىق ئىزدىنىشى بولسىمۇ، لېكىن روماندا ئەلا بىلەن گۈزەلئاينىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە كۆپرەك ئورۇن بېرىلىپ كەتكەن، ئەلانىڭ ئىلىم-پەن يولىدا ئىزدىنىشىگە ئائىت ئىش-پائالىيەتلىرى ئاز بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئېرىشكەن ئىلمىي ئۇتۇقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى يەنىمۇ مۇكەممەل يورۇتۇپ بېرىلمىگەچكە كىتابخان بىر ئاز تەسادىپىلىق ھېس قىلىدۇ. بۇ ھال ئەلانىڭ بەلگىلىك بىر غايىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇكەممەل تىپ بولۇشىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەن. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئۆز ئەسىرىنىڭ باش تېمىسى بىلەن بىۋاسىتە

ئۆتمۈشتىكى مەركىزىي ئەنئەنىگە كۆپرەك ئورۇن بېرىشى ۋە باش قاتۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە دائىرىنى يېتەكلەشكە مۇۋاپىق دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

«ئىز» دىكى تۆمۈر خەلپە رومانىدىكى باش پېرسوناژ بولۇپ، ئۇ رېئال شەخس. لېكىن ئاپتورنىڭ ئىش قوشۇشى ۋە تولۇقلىشى ئارقىلىق ئەينى يىللاردىكى بارلىق خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ ئىرادىلىك، قابىل ۋە خەلقپەرۋەر يولباشچىلىرىنىڭ شانلىق تىپى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن تۆمۈر خەلپە شىنجاڭدا سىنىپىي زۇلۇم چېكىدىن ئاشقان ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ زۇلۇمغا قارشى نارازىلىق ۋە قارشىلىق كۈچى كۈنسايىن ئېشىۋاتقان دەۋردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەۋر روھىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ شامەخسۇت ۋاڭغا قارشى قوزغالغان 1907- يىلىدىكى «توپراق يىغىلىقى» ۋە بۇ قوزغىلاڭنىڭ قانداق باستۇرۇلۇشى تۆمۈر خەلپىنىڭ قەلبىدە زۇلۇمغا قارشى كۈچلۈك ئۆچمەنلىك ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل ئۆتكۈزگەن ھاياتىمۇ ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىشىدە، ھەمدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ئۇسۇل-چارىلىرى ۋە مەقسىتىنى تەتقىق قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭنى تەييارلاش باسقۇچى ۋە قوزغىلاڭ داۋامىدا پاراسەتلىك، تەدبىرلىك، كەمتەر، چىقىشقاق ۋە ئاددىي-ساددا شەخس سۈپىتىدە ھەم جەڭ ماھارىتىدە يېتىلگەن قوماندان سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، جەڭ مەزگىلىدە ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى، ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئومۇمىي شارائىتىغا ئاساسەن جانلىق، ئۈنۈمى زور ئىستراتېگىيىلىك پىلانلارنى تۈزۈپ

چىقىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. قىسقىسى، تۆمۈر خەلپە رومانىدا تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، تەپسىلىي ۋە مۇكەممەل سۈرەتلەنگەن قەھرىمان شەخس ئوبرازىدۇر. ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ بۇ باش قەھرىمانىنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا، ئۇنى كەسكىن زىددىيەت ۋە كۈرەش بىلەن تولغان مۇھىت ئىچىگە قويۇپ، ھەرىكەت، گەپ-سۆز، ئىچكى ھېسسىيات ۋە پورترېت تەسۋىرىدىن ئىبارەت ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. شۇنىمۇ ئېيتىش لازىمكى، ئاپتور قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى بىر نەچچە خىل سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدە تۆمۈر خەلپىنىڭ سەھۋەنلىكىنىڭ سالماقلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ھەرگىز يوشۇرمىغان. ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى بىلىم-سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، تارىخنى ياخشى بىلمىگەنلىكى، ۋەزىيەتنى ۋە قوزغىلاڭنىڭ ئىستىقبالىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكى، خۇراپاتلىقتىن تەل تۆكۈس قول ئۈزەلمىگەنلىكى، مۇھىمى تايىنىدىغان كۈچىنىڭ بولمىغانلىقى قاتارلىق تەرەپلەرگە باغلىمىغان. تۆمۈر خەلپە ئۆلۈم ئالدىدا، ئۆزىنىڭ خاتالىقىغا ۋە ئالدانغانلىقىغا ھەسرەت چېكىپ ياڭ زىڭشىنغا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە قارشى قانلىق جەڭگە ئاتلانغان خەلقنىڭ بېشى بولۇپ تۇرۇقلۇق قۇرۇق ۋەدە-قەسەمىڭلارغا ئىشىنىپ، قورالنى سىلەرگە ياندۇرۇپ بەرگەن، ئالدىڭلارغا ئۆز ئايىغىم بىلەن كەلگەن مەندەك ھاماقەتكە بىر ئەمەس، مىڭ ئۆلۈممۇ ئازلىق قىلىدۇ. قېنى، جاللاتنى چاپسانراق قىچار، مېنىڭ ئىسسىق قېنىم ھېچبولمىسا، كېيىنكىلەرگە ئاچچىق ساۋاق بولۇپ قالار...» ئاپتور بۇ تارىخىي شەخسنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى-ھېسسىياتىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپلەر ۋە ئۆزگىرىشلەرنى ئوبيېكتىپ رېئاللىقىغا باغلاپ،

جاللىق ۋە ھېسسىياتلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.
«ئىز» رومانىدىكى مۇھىم ئوبرازلارنىڭ يەنە بىرى ئامانقۇل ئوبرازىدۇر. ئۇ رومان ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ئەڭ كۆپ كۆزگە چېلىقىدىغان پېرسوناژ. كىتابخان رومان ۋەقەلىكى باشلىنىش بىلەنلا ئامانقۇل بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇ تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىغا باشتىن-ئاخىر تولۇق قاتنىشىدۇ، بىر قانچە قېتىملىق جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ. ئاخىردا تۆمۈر خەلپىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولىدۇ. ئاپتور ئۇ-نىڭ قوزغىلاڭغا قاتنىشىشى ۋە قوزغىلاڭنىڭ غوللۇق ئىشتىراك-چىسى بولۇپ يېتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى دۇچ كېلىۋاتقان قاتمۇقات زۇلۇم ۋە مەنىۋى خورلۇقتىن ئىزدەيدۇ. ئامانقۇل ئوبرازىنىڭ خاراكتېرى نوقۇل ھالدا با-يانچى تىلى ياكى پېرسوناژلار تىلى ئارقىلىق ئىزاھلىنىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كونكرېت ئىش-ھەرىكىتى ھېسسىياتى، سۆزى ۋە قىياپىتى ئارقىلىق يارىتىلغان. ئا قىزغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل نومۇسچان ۋە ساددا يىگىت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىسە، ئېيىق بىلەن ئېلىشىشى، جەڭلەردىكى باتۇرلۇقى ۋە ئاخىرقى مىنۇت-لاردىكى كەسكىن قارشىلىق روھى ئۇنىڭ قورقماس، كەسكىن ۋە غەزەپ-نەپرىتى ئېنىق شەخس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ گەرچە ساۋاتسىز بولسىمۇ، سىياسىي جەھەتتىن خېلىلا سەگەك پېرسوناژ سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئۇ تۆمۈر خەلپىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ئالدىن ھېس قىلىپ: «تەقدىرمۇ، ئەمەسمۇ بۇنى مەن بىلمەيمەن. ئەمما، ئەل-يۇرتنى قويۇپ ئۇرۇمە-چىگە چىقمايدىغان ئىش ئىدى» دەيدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ بەلگىلىك ئىنكاسى. خۇلاسىلىغاندا، ئامان-

قول ئوبرازى تارىختىكى زۇلۇمغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى-
نىڭ ئالىي پەزىلەتلىك ئاددىي ئىشتىراكچىلىرىنىڭ تىپىدۇر.
شامەخسۇت - روماندىكى باش سەلبىي پېرسوناژ. ئۇ رېئال
شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ
كېلىۋاتقان خانلىق تۈزۈمىنىڭ سادىق ھىمايىچىلىرى بولغان
پەرلىك ئەكسىيەتچى خان - ئەمەلدارلارنىڭ مۇناسىپ تىپى.
ئاپتور شامەخسۇت ئوبرازىنى تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتە ۋە
ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا ۋاستىلىق ھەم بىۋاسىتە سۈرەت-
لەش ئۇسۇلىنى قوللانغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاسىتە سۈرەتلەش
ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كونكرېت ئىش - ھەرى-
كىتى، گەپ - سۆزى، ئىچكى دۇنياسى، قىياپىتى، تۇرمۇش ئادى-
تى، ئارزۇ - ھەۋىسى ۋە ئائىلە شارائىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ. بۇ تەسۋىرلەردىن كىتابخان، شامەخسۇت ئوبرا-
زىنىڭ تۇرمۇشتا ئىنتايىن چىرىكلەشكەن، پارىخور ھەم شەخ-
سىيەتچى؛ خەلققە قارىتا قاتتىق قول، ۋەھشى، رەھىمسىز، كىشى-
لەرنىڭ ئاھ - زارى ئۈستىگە بەزمە قۇرۇشتىن لەززەتلىنىدىغان،
مانجۇ خاندانلىقىغا قارىتا بېقىنغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى، سادا-
قەتمەن ۋە خوشامەتچى، مىجەز - خۇلقى جەھەتتە تەكەببۇر، تەلۋە،
قارانىيەت ۋە ھىيلىگەر شەخس ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالىدۇ.
«ئىز» روماننىڭ بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىكى يېتەر-
سىزلىكلىرىمۇ يوق ئەمەس. باش پېرسوناژ تۇمۇر خەلپىنىڭ
ئوبرازى روماندا بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاددىي بىر دېھقان كاسىپتىن ھەكۈلىغان
كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان، يۇقىرى جەڭ ماھارى-
تى ۋە تەشكىللاتچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە مەشھۇر قوزغىلاڭ
رەھبىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ بە-

نى ئىجتىمائىي ئاساس قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرەلمىگەن. روماندا پەقەت «تورپاق يېغىلىشى» نىڭ قىسمەن تەسۋىرى، سىنىپىي زۇلۇم تۇغدۇرغان غەزەپ-نەپرەت، ئۈرۈمچىدىكى بىر مەزگىللىك ھاياجان ۋە بىر نەچچە ئىلغار كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش قاتارلىقلار «تۆمۈر مۇجاڭ» نىڭ «تۆمۈر خەلپە» گە ئايلىنىشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساس قىلىنغان، بۇ پاكىتلار تولىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

ئاپتور تۆمۈر خەلپىنىڭ قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى قانداق ئىدىيىۋى تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى، خەلقنىڭ ئېتىقادى ۋە ھۆرمىتىگە ئىگە بولغىدەك قانداق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بارلىقىنى، قانداق يوللار بىلەن رەھبەرلىك سەنئىتى ۋە جەڭ تاكتىكىسىنى يېتىلدۈرگەنلىكىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق، تەپسىلىي ۋە جانلىق ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، بۇ ئوبراز يەنىمۇ مۇكەممەل بولغان بولاتتى.

روماندا، قوزغىلاڭنى تەييارلاش باسقۇچىمۇ كونكرېتنى ۋە ئەتراپلىق ئېچىپ بېرىلمەي قالغان. تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۇيەر بۇ يەرلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ تەشۋىقات ئېلىپ بارغانلىقى ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى باشقا پېرسوناژلارنىڭ كەپ-سۆزى ئارقىلىق ۋاسىتىلىق تەسۋىرلەنگەندىن باشقا، ئۇنىڭ قوزغىلاڭنى ئويۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىۋاسىتە پائالىيەتلىرىگە ئائىت كۆرۈنۈشلەر ناھايىتى ئاز، ھەتتا يوقنىڭ ئورنىدا. ئەلۋەتتە، پۈتۈن بىر ھاكىمىيەتكە قارشى خەلقنى قوزغاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ غەزەپ-نەپرىتىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى قوزغىلاڭنى تەييارلاۋاتقان يېتەكچى كۈچنىڭ مۇئەييەن بىر پىلان بويىچە ئۇزۇن بىر مەزگىل يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا،

ھەر خىل تەشۋىقات قوراللىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدى-
يىسىدە ئاڭلىق بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشىغا، يوشۇرۇن گۇرۇپپى-
لارنى تەشكىللىشى ۋە ئۇلارنى قوراللاندۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ.

روماندىكى پېرسوناژلار ئوبرازلىرى تىپىك شارائىت ئاس-
تىدا تىپىك پېرسوناژ يارىتىش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنغان
ھالدا تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور پېرسوناژلار خاراكتې-
رىدىكى ئومۇملۇققا كۆپرەك ئېتىبار بېرىپ، خاسلىق ۋە ئىن-
دىۋىدۇئاللىققا دىگەندەك يۇقىرى تەلەپ قويمىغان. بۇ ھال
كۆپرەك پېرسوناژلار تىلى ۋە ئادىتىدىكى خاسلىق ۋە ئىن-
دىۋىدۇئاللىقنىڭ يېتەرسىزلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

«ئىز» رومانىدا، پېرسوناژلار تىلىدىكى خاسلىق ۋە ئى-
ندىۋىدۇئاللىقنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن ئوخشاش مەۋقە-
دىكى بىر قىسىم پېرسوناژلار بىر خىل سەۋىيە، بىر خىل
قېلىپتا پىكىر قىلىدىغان ۋە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان.
كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىنسانلار ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادىتىگە
ئىگە. ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژلارمۇ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش
ئادىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم. «ئىز» رومانىدا قوزغىلاڭچىلار
قوشۇنى ئىچىدىكى بىر قانچىلىغان مۇھىم پېرسوناژلارنىڭ
ئىدىيىسى، جەڭدىكى ماھارىتى، قىياپىتى ۋە مىجەز - خۇلقى
قاتارلىقلار خېلى مۇكەممەل تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىكى ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكلىرى
جانلىق ۋە كىرىنكىرىتنى گەۋدىلەندۈرۈلمەي قالغان.

3

بەدىئىي ئەدەبىياتقا مەنسۇپ بولغان بارلىق ئەدەبىي

ئەسەرلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مۇھىم تەسۋىرى بولىدۇ. رومانىدىكى مۇھىت تەسۋىرى باشقا تۈردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ، ئەتراپلىق ۋە خىلمۇخىل بولىدۇ. مۇھىت تەسۋىرى ئادەتتە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى ۋە تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىش بىلەن ئۇلار بەدىئىي ئەسەرلەردە ئۆز ئارا گىرەلەشتۈرۈلۈپ، ياكى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قوللىنىلىدۇ. ئۇ مۇھىت تەسۋىرى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى روشەنلەشتۈرۈش، ئۇلارنى پائالىيەت سەھنىسىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يەنىمۇ تەسىرلىك ئىپادىلەش، سىيۇژېت تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش، ئەسەرنىڭ ئىستېتىك كۈچى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرىدۇ. «ئىزدىنىش» ۋە «ئىز» رومانلىرى مۇھىت تەسۋىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ ئاساسىي ئوي-پىكىرنى جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرەلىگەن.

«ئىزدىنىش» رومانىدا، تاللاپ ئېلىنغان تېمىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرى بېرىلگەن. رومانىدىكى مول ۋە خىلمۇخىل مۇھىت تەسۋىرى ئۇنىڭغا بەدىئىي تۈس بېرىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بىر نەچچە مۇھىم نۇقتىلارنى-پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى، پېرسوناژلار ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئورۇن-جاي، سىيۇژېت تەرەققىياتىغا ماس شارائىت ۋە رومانىنىڭ بەدىئىي كۈچى ۋە زوقلاندۇرۇش كۈچى قاتارلىقلارنى جانلىق ۋە كونكرېتنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان.

رومانىنىڭ باش قەھرىمانى ئەلا غەربىي-شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنىگە بارغاندىن كېيىن، ئىلىم-پەن تەشنالىقى بى-

لەن تولغان ئىزدىنىش يولىدا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرىدۇ.
ئۆزىنىڭ ھېكىر ۋە شېئىرىي تەپەككۇردا قانچىلىك كەمبەغەل
ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنسىرى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئاشىدۇ.
ئاپتور ئەلادىنكى بۇندان جۇشقۇن روھىي ھالەتنى مۇنداق بىر
ئابزاس مۇھىت تەسۋىرى ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلىگەن: «ھا-
ۋىرقى ياتىقىم ئىككى ئېغىز، يەنە شۇ ئۇكۇپىشەن تېغىنىڭ
قاپتىلىدا، ياتىقىمنىڭ ئارقا تەرىپى باغ، ئىچىدە گۈللۈك،
ئۈت، تۇۋرۇكلۇك شىپاڭ ۋە فونتان كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. خىلمۇ
خىل گۈللەر، پىشقان ئالما-شاپتۇللار مېۋىلىك پۇراق چې-
چىپ تۇرىدۇ... تاغ قۇشلىرى خۇددى مېنى خۇش قىلىش
ئۈچۈن تويغۇسىدىن ۋاز كېچىشكەن، ئۇلار ھەر خىل مۇقامدا
تىنىمسىز چۇرۇكلىشىدۇ. بۇلار تەبىئەتنىڭ سېھرى، ئارامبەخش
مۆجىزاتلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇكۇپىشەن تېغىنى ماڭا
ۋۇشۇك قىلىپ بەرگەندەك ۋە مۇشۇ بۆشۈكتە مېنى ئۇخلىتىشقا
ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئىشىكىمنى ئېچىپ قويدۇم.
مەن قاپتالدا بولغاچقا ئۆزۈمنى ئاستىمدىكى بەش قەۋەت بى-
نانىڭ ئېشىل كاھىشلىق دۈمبىسىگە دەسسەپ تۇرغاندەك ھېس
قىلىمەن. ئاستىمدىكى شەھەر بولسا بىر خىلدا جىمىرلاپ تۇ-
رىدۇ، گويا يۇلتۇزلۇق ئاسمان، ھاۋالىق قاپتال، تويغۇسىز
شەھەر، سەگەك دەريا... نومۇمەن تەبىئەتنىڭ ھەممە گۈزەل-
لىكى ماڭا مەدەت بېرىۋاتقاندەك، «توقۇ، تۇغلۇم!» دەۋاتقان-
دەك تۇيۇلىدۇ».

تۆۋەندىكى مۇھىت تەسۋىرىدە، ئەلانىڭ ئۆز يۇرتى گۈزەل
ئىلى ۋادىسىغا بولغان چەكسىز سېغىنىشى ئىلىنىڭ چىرايلىق
تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن: «ئوي-
غۇر ناخشىسى، گۈزەللىكىنىڭ تونۇش ئاۋازى مېۋىلىك زالغا

گۈزەللىك بېغىشلىدى. مەن خۇددى چېچەكلەرگە پۈركەنگەن قىزىلگۈل، ئەتىر پۇرىقى بىلەن تولغان باغدا كېپىنەكلەر بىلەن بىللە سەيلە قىلىپ، بۇلبۇلنىڭ ئارامالىق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم، كۆزۈمنى يۇمۇۋىدىم، كۆز ئالدىمغا ئىلى دەرياسى، ئىلى باغلىرى، تىيانشان تېغىنىڭ ئاق قارلىق چوققىلىرى، قىلىن قارىغايلىق قاپتاللىرى، مەرۋايىت چاچرانلىرى بىلەن تەبىئەتكە ھۆسن بەرگۈچى شاقىراتما، ئويناق سۇلىرى، لەيلى بىلەن تولغان يېشىل يايلاقنىڭ دېڭىزدەك تەۋرىنىشى، باشاقلار بىلەن دولقۇنلانغان ئېتىزلارنىڭ ۋال-ۋۇل قىلىپ كۆزنى چېقىشى ... قىسقىسى، يۇرتۇمدىكى گۈزەللىكنىڭ ھەممىسى بىرمۇ بىر تىزىلىپ كەلدى ...»

روماندا يەنە ئەلانىڭ دوستى ھاشىرغا يازغان خېتىدە تەسۋىرلەنگەن لەنجۇ شەھىرىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى، ئەلانىڭ ئىدىيەۋى-ھېسسىياتىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بېيجىڭنىڭ قىشلىق مەنزىرە تەسۋىرى ئەلا بىلەن گۈزەلئاينىڭ تويدىن كېيىنكى شېرىن ھېسسىياتى ۋە شاتلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھوجرا تەسۋىرى، ئەلانىڭ ئەمگەككە ئەۋەتىلگەن ئورۇندا بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئېغىر، كۆڭۈلسىز كۈنلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان يايلاقنىڭ 12- ئايدىكى زېرىكىشلىك، ھەسرەتلىك تەبىئىي مەنزىرىسىنىڭ جانلىق تەسۋىرى ... قاتارلىق ئونلىغان مۇھىت تەسۋىرلىرى بولۇپ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، جانلىقلىقى، خىلمۇ خىللىقى ۋە گۈزەللىكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

«ئىز» روماندا، روماننىڭ تېمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە كونكرېتنى ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىجتىمائىي مۇھىت

تەسۋىرىگە كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىنغان. رومانىنىڭ ئەدە-
بىي قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە
مۇھىت تەسۋىرىنىڭ ئوينىغان رولىنى چۈشىنىش ئۈچۈن
بىر-ئىككى مىسال كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. رومانىنىڭ
ئۈچىنچى بابىدا «قوراي» ئاتلىق تاغلىق يېزىنىڭ جاي-
لاشقان ئورنى ۋە ئومۇمىي كۆرۈنۈشى تەسۋىرلىنىش بىلەن
ئەينى ۋاقىتتىكى قومۇل يېزىلىرىنىڭ ئومۇمىي ھالىتى
سۈرەتلەپ بېرىلگەن:

«قوراي-قومۇلنىڭ شىمالىدىكى تىيانشان تاغ تىزمى-
لىرى مەركىزىگە جايلاشقان تاغلىق يېزا. ئۇنىڭ شىمال
ۋە شەرق تەرىپى ئېگىز تاغ تىزمىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى...
بۇ ئىقلىمى مۆتىدىل، ھۆل-يېغىن كۆپ، يازلىقى قاتتىق
ئىسسىقتىن، قىشلىقى ئاچچىق سوغۇقتىن خالىراق يەر
بولغاچقا تېرىقچىلىق ۋە مال بېقىشقا ئەپلىك ئىدى.
بىراق تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن ئوتلاقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك
شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن ئۇنىڭ بەگلىرىنىڭ قولىدا ئىدى.
دېھقانلار ئاساسەن يەرلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى...
ئاھالە ئاتمىش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قومۇل بازىرىغا
كۆتەك ھارۋىلاردا ئوتۇن، تەگمە ئاپىرىپ سېتىپ، بىر قىسىم
ئېھتىياجىنى تەمىن قىلاتتى.»

رومانىنىڭ ئالتىنچى بابىدىكى بىر ئابزاس مۇھىت
تەسۋىرىدە نىياز دورغىنىڭ ئۆز قورۇسىدا بىر نەچچە چوڭ-
كىچىك ئەمەلدارلارنى زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالغانلىقى مۇنداق
سۈرەتلەنگەن: «شۇ ئاخشىمى نىياز دورغىنىڭ كەڭ، ئازادە ھوي-
لىسى خۇددى توي كۈنلىرىدەك قىزىپ كەتتى. ئۈچ-تۆت يەرگە
قازان ئېسىلىپ ئارچا، قارىغاي ۋە ئوتۇنلارنىڭ چاراسلاپ

كۆيمىشى بىلەن ھويلىسىنىڭ ئىچى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتكەندى. مەزىلىك تاماقلارنىڭ پۇرىقى ئەتراپقا يېيىلىپ ھەممە كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ تۇراتتى. زىلچا - گىلەم ۋە ئاپئاق كىگىزلەر بىلەن بېزەلگەن چوڭ مېھمانخانىنىڭ سۇپىسىغا قاتلىما نان، توقاچ، مېۋە - چېۋە، قەنت - ناۋات، قايماق - پىشلاق، سېرىق ياغ، قۇرۇت، بوغۇرساق ۋە تۇلاي، كەكلىك گۆشلىرى بىلەن تولغان داستىخان يېيىلغان، داستىخاننى چۆرىدەپ ئون نەچچە كىشى ئولتۇراتتى...» يۇقىرىدىكى مۇھىت تەسۋىرىدە، قامچىسىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلۈشتىن تاشقىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى مېھمان كۈتۈشنىڭ بەزى ئادەت - يۇسۇنلىرىمۇ جانلىق سۈرەتلەنگەن. بۇ تەسۋىرلەر رومانىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى تىكلەشتە بەلگىلىك رولغا ئىگە.

مەن بارلىق قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق «ئىزدىنىش» ۋە «ئىز» رومانلىرىنىڭ سيۇژېت قۇرۇلمىسى، ئوبرازلىرىنىڭ يارىتىلىشى ۋە مۇھىت تەسۋىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە يەنىمۇ كۆپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ئىجادىيىتىدە يېڭى ئۇتۇقلارغا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ھەققىدە

### قاۋسلقان قامىجان

ئالتۇنىنىڭ راست-يالغىنى زەرگارنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن ئايرىلىدۇ. بىرەر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىر كۈچىنىڭ، بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى پەقەت ئۇ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن مەلۇم بولىدۇ.

خەلقىمىز، ئۆز تۇرمۇشىنى، ئۆز تارىخىنى، جاھالەتلىك كونا دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلاش يولىدا ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۈرىشىنىڭ بۈيۈك غەلىبىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، سەممىي، ساداقەتلىك ئىستىلى، ئالىيجاناب پەزىلىتى، گۈزەل ئىچكى دۇنياسى مەدھىيىلەنگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ سۆيۈنىدۇ. پىشقەدەم يازغۇچى تۇردى ساماقنىڭ «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ناملىق رومانى خەلقىمىزنى سۆيۈندۈرگەن ئەنە شۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

رومانىنىڭ خەلقىمىز دىتىغا ياققۇدەك ياخشى يېزىلىشىدىكى سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، يازغۇچى تۇردى ساماق رومانىدا تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى بىۋاسىتە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئۇنىڭدىكى تاللىۋېلىنغان ماتېرىياللار، بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يازغۇچى

ئۆز ئىچىدىن كەچۈرگەن دېمەكچىمۇ بولىمىز. 40 - يىللاردىكى قەشقەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى-لابىنىڭ پۈتۈن ئەھمىيىتى يازغۇچىغا يېڭىدىن ـ يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى ئاچقانلىقى چۈشىنىشلىك. مانا بۇلار ئەسەرنىڭ مۇستەھكەم رېئال ئاسا-سىنى يارىتىپ بەرگەن. تەلەپچان يازغۇچى ئەينى زامانلار-دىن باشلاپ دەۋرنى، تۇرمۇشنى كۆزەتكەن، تىپىك ماتېرىيا-لارنى توپلىغان، ئۇنى ئۇزۇن يىللار كاللىسىدا پىشۇرغان.

ئىككىنچى، يازغۇچى ئىلگىرىدىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيىتى-گە يانداشتۇرۇپ بىر قانچە ئوبدان ھېكايىنى يېزىپ يىرىك ئەسەر يېزىش ئۈچۈن خېلى پۇختا ئاساس سالغان. ئۇنىڭ «بەش تال ئوق»، «تىيانشان باغرىدا»، «قەشقەر گۈزىلى» قاتارلىق ھېكايىلىرىنىڭ تەمى كىتابخانلارنىڭ ئاغزىدىن تاكى ھازىرغىچە چىقىپ كەتكىنى يوق. بۇ ھال يازغۇچىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىتى يۇقىرى بولغان مۇشۇنداق بىر رومانىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلاپ بەرگەن.

ئۈچىنچى، يازغۇچى خەلق تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ تىل بايلىقىنى، تىل ئىشلىتىش ماھارىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇر-غان. ئۇنى «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانى ئارقىلىق بىر قەدەر ياخشى ئىپادىلىگەن.

ئۆردى سامساق تارىخىي پاكىتنىڭ، دەۋر ئېقىمىنىڭ، سا-لام، ئالىيجاناب كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ يارقىن ئىنكاسى بول-غان بۇ رومانىنى يېزىش داۋامىدا، ھەقىقىي، ۋىجدانلىق تىل سەنئەتكارى سۈپىتىدە ئىش تۇتىدۇ. شۇڭا ئۇ تەييار پاكىتلار-نىڭ سايىسىدا قالمايدۇ. تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ، تارىخىي كىشىلەر-نىڭ، ھايات يولىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئە-گىشىپ ھۆكەتمەيدۇ. بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش، بەدىئىي توقۇلما ئۇ-

سۇلىنى قوللىنىپ رومان سيۇژىتىنى قىسىم، بۆلۈم، بابلارغا بۆلۈپ، تەدرىجىي قانات يايدۇرغان.

يازغۇچى «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانىنى يېزىشتا باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئورگىنالىلىققا، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە يولىنى تۇتۇپ، تاللىغان تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى تاسقاش، ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇنى ھەقىقىي تۈردە كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلالايدىغان سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرغان.

باشتا دېگىنىمىزدەك، يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىنىڭ ئارقىسىدا روماندا مۇۋەپپەقىيەتلىك بېرىلگەن تارىخىي چىنلىقنىڭ روشەن، توغرا، بەدىئىي يېشىمى يالاڭ ۋەقەلەر تىزمىسىدىن خالىي ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇنداقلا رومانىنىڭ سيۇژىتىمۇ پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى تەسۋىرلەشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ راۋاجلاندۇرۇلغان.

«ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»دە ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلار ئىچىدىن يازغۇچى ھەممىنىڭ ئالدىغا، ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئەسەرنىڭ مەركىزىي يادروسىدا گەۋدىلەندۈرۈشكىنى ئابدۇراخمان بىلەن گۈلقىزدۇر.

ئابدۇراخمان ئوبرازى بىۋاسىتە تەسۋىرلەنسە، گۈلقىز ئوبرازى ۋاسىتىلىق تەسۋىرلىنىدۇ.

بىر قورساقتىن چىققان بۇ ئىككى ياش ئويغانغان ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر تىپىك ۋەكىلى، شۇنىڭدەك روماندا تەسۋىرلەنگەن، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئالاھىدە قوزغىغان «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»مۇ مانا مۇشۇلار.

گەرچە كىتابخانلارغا روماندا كىشىلەر تەرەپىدىن بىرسىنى قەشقەر تۈمەن دەرياسىدا يۈز بەرگەن كەلكۈن ئاپىتى بىرسىنى زۇلۇم دەرياسى يەپ كەتتى دەپ خۇلاسە قىلىنغان. ئىككى ياشنىڭ پاجىئەلىك ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى بايان قىلىنغاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەسەردە مىللەتنىڭ، ئىنقىلابنىڭ تەقدىرى يېزىلغان. يازغۇچى تارىخ، ئىنقىلاب، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تارىخىي نۇقتىئىنەزەر، دىئالېكتىك نۇقتىئىنەزەر بويىچە كۆزىتىپ ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنىڭغا توغرا باھا بەرگەن، ئۇنىڭدىن ئىلمىي ئاساستا بەدىئىي يەكۈن چىقارغان.

رومانىنىڭ سيۇژېتى چوڭ ئىككى قىسىمغا مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئابدۇراخمان بىلەن گۈلقىزنىڭ تەقدىرى ھەم ئايرىلغان ھەم باغلانغان ھالدا راۋاجلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلار روماننى ئوقۇش جەريانىدا بىردەم گۈلقىزنىڭ تەقدىرى قانداق بولۇر ئىكىن دېسە، بىردەم ئابدۇراخماننىڭ تەقدىرى قانداق بولۇر، دېگەن ئويغا كېلىدۇ. دەسلەپتە يۇقىرىدىكى ئىككى ئاساسلىق قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجىغا تەبىئىي ھالدا ئويغۇنلاشتۇرۇپ بايان قىلىنغان ۋەقەلەر بىر - بىرسىگە ئانچە يېقىن كەلمەيدىغان باشقا - باشقا ئىككى دۇنيادەك ھېس قىلىنىدۇ. لېكىن روماننىڭ كېيىنكى قىسمىغا ئۆتكەندە بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىككى تەرەپتىن ئېقىپ كېلىپ قوشۇلغان دەريا سۈيىدەك بىرلىشىپ، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، سيۇژېت بۆلەكلىرىنىڭ راۋاجى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ ئاساسلىق قەھرىمانلار كۈرەشچان ھاياتىنىڭ زەپەر مارشى ساداسى ئىچىدە بەخت قۇچىقىدا ئۇچرىشىدۇ. تەڭلا كىتابخانلار-

غا باشتا سوئال بولۇپ قالغان ۋەقەلەرنىڭ تۈگۈنىنى يېشىلىدۇ.

يازغۇچى تۇردى سامساق ئۇقۇل ئۇرۇش ۋەقەلىكىنى سۈ-رەتلەش بىلەنلا ئىش كۆرمەيدۇ. ئۇرۇش بىلەن تۇرمۇشنى بىر-لەشتۈرۈپ تەسۋىرلەيدۇ. ۋەقە تەرەققىياتىنى، زىددىيەت، كۆرەش-لەرنىڭ راۋاجلىنىشىنى يۈگەنسىز ئاتتەك قويۇۋەتمەيدۇ. ئۇنى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى، شۇ دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ئاساسىدا راۋاجلاندۇرىدۇ.

يازغۇچى روماندا بىر سەكرەپلا ئۇرۇش ۋەقەلىكىنى تەس-ۋىرلەشكە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. ئۇ ۋەقەلىكنىڭ بىر ئۇچىنى قەش-قەر قىزى ئەدىن باشلايدۇ.

روماننىڭ بۇ قىسمىدا ئۆگىنىپ چوڭقۇر قايغۇ – ھەس-رەت دېڭىزىغا چۆككەن قەدىمى قەشقەرنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، قەشقەر كوچىلىرىدا بولۇۋاتقان مالىمان-چىلىق مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. روماندا مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بارغانسېرى غالجىرلىشىپ، ئىنقىلابى-چىلارنى، ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىدىكى تەرەققىيپەرۋەر، ئادالەت-پەرۋەر كىشىلەرنى قاماش، ئۆلتۈرۈشتەك جىنايەتلىرى پاش قىلىنىدۇ. شائىر، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تە-سىرىدە ئويغانغان سادىق (دىدىل)، لىتىپجان قاتارلىق ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان يوشۇرۇن كۈرەش-لىرى ياندىن تەسۋىرلىنىدۇ.

روماننىڭ بۇ قىسمىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياڭزىڭيۈەن رەزىل ۋاستىلار بىلەن ئوغۇرلاپ ئىچ-كىرىگە ئېلىپ كەتكەن قەشقەر گۈزىلى گۈلقىزنىڭ تەقدىرى كىتابخانلارنى ئۆزىگە قاتتىق تارتقان بولسا، گومىنداڭ ئەك-

ـسەيەتچىلىرى تەرىپىدىن «تۇتقۇتقۇچى» قوبۇل قىلىنىش» دېگەن
ساختا ئۇسۇل بىلەن ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىلگەن ئابدۇراخ-
مانىنىڭ تەقدىرىنى شۇنچىلىك تارتىدۇ.

«ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن ئىجابىي
قەھرىمان ئابدۇراخمانىنىڭ ئۆمرى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئىچى-
دىمۇ، ئىنقىلابىي كۈچلەر ئىچىدىمۇ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىچىدە تايانچلىق رول ئوينايدۇ.
كىشىلەردە كومەندانتىنىڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنى ئىچىدە تەربىيە-
لەنگەن بىر ئادەمنىڭ بىراقلا ئۆزگىرىش ياساپ ئىنقىلابچىلار
قوشۇنى ئىچىگە كىرىپ، ئادەتتىكى جەڭچىمۇ ئەمەس، بەلكى ئاتاقلىق
ئۇرۇش قەھرىمانى، ئۇرۇش قوماندانى بولۇپ قېلىشى غەلىتە
دېگەن ئويلار تۇغۇلۇشى مۇمكىن.

ئاپتور بۇ مەسىلىگە شۇ دەۋر، شۇ ماكاندىكى ۋەزىيەتنىڭ
قىستىشى بىلەن پارلىققا كەلگەن سەۋەبلەر ئارقىلىق ئەمەس،
ئاساسەن ئەسەردىكى باش قەھرىمان ئابدۇراخمانىنىڭ ئىدىيە-
سىدىكى تۈپ بۇرۇلۇشنى، ھەرىكەتتىكى جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى
رېئال تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە، تارىخىي چىنلىققا ئويغۇنلاشتۇرۇپ
تەسۋىرلەش ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ.

ئابدۇراخمان ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە، ئىچ-
كى دۇنياسىدىن تارتىپ تاشقى دۇنياسىغا قەدەر ھەممە تەرەپ-
تىن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تىپىك شەخس.
ئۇ بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئەقىللىق، تىرىشچان ئىدى. چو-
ڭايغانسېرى سالماق، تەرەققىپەرۋەر، تولىمۇ ھوشيار، يىراقنى
كۆرەلەيدىغان، ھەممە ئىشتا دىتى بار، پاراسەتلىك بولۇپ يې-
تىشىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەبىئىي ئالاھىدىلىكىگە دۈش-
مەن تەرەپمۇ قايىل. بولۇپمۇ ئابدۇراخمانىنىڭ «ئەيچىلىكى»،

ئىشنى ئۆزى تېپىپ قىلىش خىسلىتى» كوماندانىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆڭلىگىمۇ يېقىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇنى بەزى مۇھىم خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭمۇ سەۋەبى شۇ ئىدى. بىراق قەلبى پاك، كۆزى روشەن، سەزگۈر بۇ ئويغۇر يىگىتنى كوماندان ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياۋۇزلۇق ھەرىكەتلىرى، ئىچكى قىسمىدىكى پەسكەش قىلمىشلىرى سەسكەندۈرمەي قالمايتتى.

ئابدۇراخمان تەشكىلىي جەھەتتە دۈشمەن قوشۇنى ئىچىدە تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئىدىيە جەھەتتە ئۇلارغا تۈپتىن قارشى ئىدى.

يازغۇچى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتە، ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ناھايىتى مۇشكۇل، قىيىن ئەھۋال ئاستىدا تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ كىشىلىك دۇنياسىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزگىچە سىڭدۈرگەن ھالدا راۋاجلىنىشىغا، چوڭقۇرلىشىشىغا زېمىن ھازىرلايدۇ.

رېئالىست يازغۇچى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋە ئۆزىگە پىششىق تونۇشلۇق بولغان ۋەقەلەرنى، ھادىسىلەرنى، تۇرمۇش تەسىراتلىرىنى، تۇرمۇشقا، تارىخقا بولغان باھاسىنى كۆچۈرۈپلا ئەپكېلىپ خاتىرە شەكلىدە بايان قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنى پاكىت سۈزۈپ ئىسپاتلاپمۇ ياكى باشتىن - ئاخىر بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپمۇ يۈرمەيدۇ. پەقەت رېئاللىق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك پوزىتسىيەدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ھادىسىلارنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. رېئاللىقتىكى كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوبيېكتىپ ۋە كونكرېتنى سۈرەتلىگەن پېرسوناژلارنىڭ توقۇلما قىلىنغان بەدىئىي پائالىيىتىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئابدۇراخمان ئالتايغا كېلىپلا دۈشمەن سېپىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، بىر مەھەل دۈشمەن ئارمىيىسى ئىچىدە تۇرۇپ ۋەزىيەتنى، پەيتنى

مۇلچەرلەيدۇ. ئاندىن شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلىش بىلەن تەڭلا ئىككى يۈز كىشىلىك قوراللىق قوشۇننى باشلاپ ئۆزىنى ئىنقىلاب قوينىغا ئاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ زۇلۇم ئاستىدا ئۆتكەن ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، ئىنقىلابىي ھاياتى باشلىنىدۇ.

رومانىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ سيۇژىتى مۇرەككەپ، كەسكىن زىددىيەت بىلەن تولغان ۋەزىيەت ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ.

تۇردى سامساق رېئال تارىخىي ھادىسىلەرنى ئېنىق جانلاندۇرۇپ ئىپادىلەش مۇددىئاسى بويىچە، ئوبرازلىق تەپەككۇرغا بېقىندۇرغان ئاساستا ئابستراكت تەپەككۇر ئۇسۇلىدىنمۇ مەلۇم دەرىجىدە پايدىلىنىپ، رومان سيۇژىتىنىڭ چوڭقۇرلۇققا ئۆتۈشتەك ھالقىلىق ھەم ئاچقۇچلۇق پەيتلىرىدە زۆرۈر بولغان قىسمەن خىرونىكىلىك ئېپىزوتلارنى دەل جايىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئەجايىپ قەھرىمانلارنىڭ قىياپىتىدىن ئىچكى دۇنياسىنى رۇشەنلەشتۈرۈشكە يول ئاچقان. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھەر قانداق تىل سەنئەتكارى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مېۋىلىرى بىلەن خەلقنى رازى - خۇش قىلىمەن دەيدىكەن، ئەلۋەتتە، راست ئىنكاسچى بولۇشى كېرەك. چىنلىقنى يېزىشى، يازغاندىمۇ تۇرمۇشنىڭ ئىجابىي، سەلبىي تەرىپىنى ناتۇراليزم ئۇسۇلىدا ئەمەس، رېئالىستىك ئۇسۇلدا يوشۇرماي يېزىشى لازىم. چۈنكى تۇرمۇش خەلقنىڭ تۇرمۇشى، كۈرەش خەلقنىڭ كۈرىشى، تارىخ خەلقنىڭ تارىخى. ئۇنى سەنئەتكارنىڭ ئۇيان - بۇيان قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. رېئالىست يازغۇچى تۇرمۇشنى چىن دىلىدىن سۆيىدۇ. تارىخقا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھۆرمەت قىلىدۇ. يازغۇچى تۇردى سامساق ئەنە شۇنداق قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانىنى خەلقنىڭ ھەقىقىي قەھرىمانلىق قىسسىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خې-

لى كەۋدىلىك بىر نامايەندىسى دېيىشكە بولىدۇ. يازغۇچى ئۇ-
رۇش ئەمەلىيىتىدىن ئالىنغان ۋەقەلەرنى ئىنقىلابنىڭ بەدىئىي
خاتىرىسى سۈپىتىدە پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى، ھاياتى، قانلىق جەڭ
مەيدانلىرىدىكى جەڭگىۋار پائالىيەتلىرى، خاراكتېرى بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىك قىلىپ يازغاچقا، كىتابخانلار روماننى ئوقۇش
داۋامىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەريانىنى ئېنىق كۆرۈپ
ئالالايدۇ ھەم ئۇنىڭ تۈپ خاراكتېرىنىمۇ چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

«ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن ئابدۇراخ-
مان ئوبرازى، مەلۇم بىر دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئو-
مۇمىي ئىنكاسى ھەم ئۇنىڭ كونكرېتنى بولغان ماھىيەتلىك
بەلگىلىرىدىن قارىغاندا، خاسلىق بىلەن ئومۇملۇق پۈتۈن خا-
راكتېرىدا ئېنىق كەۋدىلەنگەن تىپىك شەخس بولالايدۇ. زا-
مانىمىز كىشىلىرى ئابدۇراخماننىڭ نامىنى تىلغا ئالغانھا-
مان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئوتتۇرىغا چىققان قەھرىمانلار-
نىڭ شانلىق ئوبرازىنى ئەسلىمەي تۇرالمايدۇ.

ئابدۇراخمان مېھرىبان، دىلكەش، شەپقەتلىك، زېھىن-
لىك، پۈتۈن ئىچكى دۇنياسى ھەقىقىي ئىنسانىي خىسلەت
جەۋھەرلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن ئۇيغۇر يىگىتى. ئۇ ئوق
يامغۇردەك يېغىۋاتقان دەھشەتلىك ئۇرۇش زېمىنىدە بولسۇن
ياكى ھەممەيلەن خاتىرجەملىككە چۆمگەن تىنچلىق شارائىتتا
بولسۇن، سەپداشلىرىنىڭ دىلىنى قىلچىلىك چەكمەي، ئىتتىپ-
پاق بولۇپ ئۆتىدۇ. ئۇ باشقىلارغا قانداق كۆيۈنگەن بولسا،
باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن شۇنداق سۆيىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نورمالنى
تىنچلىق شارائىتتىكى ۋەزىيەت تېما قىلىپ يېزىلغان
ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى سېيوژىتنىڭ راۋاجى، ۋەقەلەر بايانى،

پېرسوناژلار تەسۋىرى بىلەن ئۇرۇش شارائىتىدىكى ۋەزىيەت، تازا كەسكىنلەشكەن جىددىي پەيت تېما قىلىپ يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى سيۇژېتنىڭ تەرەققىياتى، ۋەقەلەر بايانى، پېرسوناژلار تەسۋىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇرۇش شارائىتىدا بىر ئادەمنىڭ غەلىبە قىلىشى، كۆزگە كۆرۈنۈشى، يۈكسەك ئىشەنچكە ئىگە بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى، نەزەردىن چۈشۈپ قېلىشى ناھايىتى تېز بولىدۇ. ئابدۇراخمان خاراكتېرىنىڭ روشەن شەكىللىنىشىنىڭ، مۇنەۋۋەر دەپ ئېتىراپ قىلىنغان باشقا يىرىك ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىدىن پەرقلىنىشىدىكى سەۋەبمۇ شۇ بولسا كېرەك.

« ئاخىردىتىن كەلگەنلەر » رومانىدىكى بىزنىڭ ئالاھىدە قەدىرلىشىمىزگە تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا مىللىي بوياقنىڭ قويۇقلىقىدۇر.

بۇ مەسىلە مىللىي تېمىنىڭ روشەن مىللىي ئۇسلۇبتا، مىللىي خاراكتېرنىڭ مىللىي تىل، مىللىي شەكىلدىكى بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتى بىلەن رەڭدار يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكىدە بايقىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇيغۇر گۈزەللىرىگە خاس قاپقارا ۋە قويۇق قاش - كىرپىكلىرى ئاستىدىكى شەھلا كۆزلىرى خۇددى كۆلزارلىق ئاسماندا رەڭدار ئېلېكتر لامپوچكىلىرىنى ياندۇرۇپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ گۈلقىزنىڭ يازغۇچى تەرىپىدىن نەپىس ئىپادىلەش سەنئىتى بىلەن بېرىلگەن گۈزەل شاھانە سىماسىنىڭ نۇرلۇق ئەۋرىشكىسىدەك پورترېتىدۇر.

ل. مۇتەللىپ شۇنداق ئاجايىپ بىر يىگىت ئىكەنكى، تۇرغان - پۈتكىنى

بىر تۈپ ئىكەن، ئۇ پۈتۈن خۇلقى، پاچاقلىرى، چاقماقتەك سۆزلىرى بىلەن بىر كۆرگەن كىشىنى مەڭگۈ كۆرۈنۈشكە مەپتۇن، مەڭگۈ كۈلۈشكە خۇمار قىلىدىغان، جاننى ئۆزىگە تارتىپلا تۇرىدىغان جانلىق بىر ماگنىت ئىكەن... كارامەتنى كۆرۈڭلار، مۇتەئەللىپ دېگەن جانلىق ماگنىتلا ئەمەس، بەلكى چاقىرىلىپ تۇرىدىغان ئالتۇن تارلىق ساز، شېئىر دېگەننىڭ قاينام بۇلىقى، ئۆركەشلەپ ئاققان دەرياسى ئىكەن،

راستىنى دېمەك، بۇ شۇ تارىخىي شەخس-مىللىي قەھرىمان ھەققىدە ئاجايىپ ئوبرازلىق بېرىلگەن، ھەتتا بىرەر رومانىمىزغا تەڭگەشلىك بولمايدىغان، يۈكسەك دەرىجىدە ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان پىسخىك خاراكتېر تەسۋىرىدۇر.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەرگە ئوخشاش، يازغۇچى روماندا ئاساسلىق ئورۇننى تۇتقان پېرسوناژلارنى، مەيلى ئىجابىيلىرى، مەيلى سەلبىيلىرى بولسۇن، ھەممىسىنى بىر-بىرىدىن ئېنىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان تۇرقى، مىجەز-خۇلقى، خاراكتېرى، پىسخىك ھالىتى، كەچۈرمىشلىرى بويىچە ئوتتۇرىغا چىقارغان.

بىلىشىمىز لازىمكى، يازغۇچىلار تۇرمۇش چىنلىقىنى ۋايىغا يەتكىچە يۇغۇرۇپ سەنئەت ماتېرىيالىغا ئايلاندۇرۇشتا مۇقەررەر يوسۇندا بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتىگە تايىنىدۇ. تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن بەدىئىيلىكنىڭ ئاساسلىق بەلگىلىرىنىڭ بىرى بولغان تىپىكلەشتۈرۈش ئۇسۇلى-سەنئەت ۋە ئېستېتىكا ئىلمىدىكى مۇھىم، ئاساسلىق مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رېئالىستىك ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋەقەلەر، ئىجتىمائىي مۇھىت، تەبىئىي شارائىت، پېرسوناژلار پائالىيىتى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، زىددىيەتلەر

بەردەك ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا تۇرمۇش چىنلىقىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ، شۇنىڭدەك، تۇرمۇش چىنلىقى دائىرىسىدە چەكلىنىپمۇ قالمايدۇ.

چىنلىق بەدىئىيلىكنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى. «ئاخىرەت-تىن كەلگەنلەر» رومانىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى خېلى گەۋدىلىك.

ماھارەتلىك، تەجرىبىلىك يازغۇچى تۇردى سامساق رومانىدا پېرسوناژلارنىڭ پائالىيىتىنى قىزىقارلىق ۋەقەلەر-دىن تەشكىل قىلىنغان ماھىيەتلىك تۇرمۇش دېتاللىرى ئارقىلىق ئەركىن بايان قىلىپ بەرسە، پېرسوناژلارنىڭ مەنى-ۋى دۇنياسىنى يەنى خۇشاللىق سادالىرىنى، سۆيۈنۈشىنى، ھەسرەتلىك دەرد-ئەلەملىرىنى تولىمۇ يېقىملىق، لىرىكىلىق، جۇلالىق نەپىس شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئىزھار قىلىدۇ.

ئەي ئانا دەريا، ئالتۇن يۈزگەن ئېسىل سۇلىرىڭدىن ئىچكەندە جۇشلۇق نەپەس قىلىپ يۈرەلمىدىم. كاچ پەلەك، زۇلمەتلىك زامان. قارا كۆزكۆزلەرنىڭ كۆلبەت زەنجىرلىرى بەختىمىز بالىلىرىمىزنىڭ قول-پۇتىنى چىڭ چۈشەپ، ھايات يوللىرىنى ھارام قىلىپ كەلگەنىدى. تەقدىرىمىزنىڭ قاتتىق، تۇككەپ قۇد-رەت ئىلاھى ئاھىمىزنى ئاڭلاپ، ئەمدى بولسىمۇ ئىمكان بەرگىلىدىن دوجەكھا-يات ئاچقان نۇرخانىدۇ. مانا ھازىرلا ھايات ئالىمىگە نۇرلار ئالدۇرۇپ، ئېزىلۇق نىشان بەرۋاتىسى تەلپۈنمەكتە.

بۇ ھېسسىيات تەسۋىرىدە يازغۇچى ئابدۇراخماننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى يېڭى بۇرۇلۇشنى، ئۇنىڭ جاھالەت دۇنياسىدىن سەكرىنىش، نەپرەتلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا قارشى ئوت ئېچىشقا تەييارلانغان، «تەۋەككۇل دەريا-سىغا سالدىم قېيىقنى، يا قايىنامدىن چىقار ياكى سايرام-

دىن ...» دېگەندەك قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ. «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، تىل ئىشلىتىش سەنئىتىمۇ بەزى قايىل قىلىدۇ.

يازغۇچى رومانىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ لۇغەت تىل بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك، كەڭ كۇشادە پايدىلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋەقەلەرنى بايان قىلىشنىڭ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى خېلى پەم بىلەن تاللاپ ئىشلەتكەن.

رومانىنىڭ يۇقىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىزگە يېڭى زامان ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ تەشۋىقاتچىلىق دەۋرىدىن قول ئۈزۈپ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەدەبىيلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ بىرلىكىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىشكە، ساندىن سۈپەتكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، رومانىدا ماتېرىياللارنى تەشكىللەش، سيۇژىتنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەرەپلەردە يېتەرسىزلىكلەرمۇ يوق ئەمەس. بولۇپمۇ رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا سيۇژىتنىڭ ئىزچىللىقى ئاز-تولا بۇزۇلۇپ، ۋەقەلەر چېچىلىپ كەتكەن. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشكە ياردىمى تەگمەيدىغان، ئانچە رولى بولمىغان بەزى تۇرمۇش دېتاللىرى زورمۇ زور قىستۇرۇلۇپ قالغان.

كەڭ دائىرىلىك مەزمۇنىنى، ھەتتا بىر دەۋر روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن روماننىڭ ۋەقەلىكىنىڭ پۈتۈنلىكى، سىجىللىقى، ئىچكى باغلىنىشى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، پېرسوناژ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىسى بولمىغان

ۋەقە، ئىشلارنى قىستۇرۇپ بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئىككىنچى قىسىمدىكى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان مۇنداق بىر ۋەقە تەسۋىرلەنگەن:

تاماقتىن كېيىن كاپىتان زاھىروپ مايور ئابدۇراخماننى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئارام ئالماي، ئارقا ئىشىكتىن ئاستا چىقىپ ئەتراپنى كۈزىتىدۇ. گۈزەل تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل مەنزىرىلەر ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، يېقىملىق ھوزۇر بېغىشلايدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى بىر ياش ئوفىتسېرنىڭ سۇغا كېتىۋاتقان بىر چوكانغا شەرەت قىلىۋاتقانلىقىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئابدۇراخمان ئۆزىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ ئىچىدە ھېلىقى ئوفىتسېرنى: «ئۆزىنى تۇتالمايدىغان شاللاق يىگىت ئىكەن» دەپ تىللايدۇ.

بۇ دېتال ياقالدىنقى ۋەقەلەرگە ياكى كېيىنكى ۋەقەلەرگە باغلانماستىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر نەرسە بولۇپ قالغان.

بۇنداق مىساللار روماندا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن باشقا يازغۇچى ئەسەردە تەكرار سۆزلەرنى كۆپ ئىشلەتكەن. روماندا پېرسوناژمۇ كۆپ. بۇ پېرسوناژلارنىڭ زور كۆپچىلىكى روماندا مۇناسىپ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئۆز لايىقىدا رول ئويناپ مەلۇم ئىجتىمائىي مۇھىت، كەسكىن زىددىيەت ئىچىدە خاراكتېرلەنسە، ئۆسۈپ يېتىلسە، بىر قىسىملىرى ئۇ يەر، بۇ يەردە كۆرۈنۈپلا يوقاپ كېتىدۇ.

بۇلار «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» رومانىنى ئوقۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش داۋامىدا ھېس قىلغانلىرىم. يولداشلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## «ئىز» ھەققىدە

### ئىسمايىل تۆمۈرى

پېشقەدەم شائىر، تالانتلىق يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق رومانى، يېقىندىن گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر رومانچىلىقىدىكى بىر نادىر ئەسەر. ئۇ ئەدەبىياتىمىزدا، گوركىي ئېيتقاندەك: «ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ھايات شارائىتىنى بويىماستىن، ھەقىقىي تەسۋىرلەش» تىن ئىبارەت ئەدەبىي ئېقىمنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى بايقىشىمىزدا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن قىممەتلىكتۇر.

1

مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بىر ئەدەبىي ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژ ۋە مۇھىت تىپىك بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، چوڭقۇر ۋە كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئومۇملاشتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ ھەمدە تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا «تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك پېرسوناژلارنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش» ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلىدۇر.

تىپ مەسىلىسى ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىدىكى ۋە ئىستېتىكىدىكى مەركىزىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. تىپىكلىككە ئىگە بولمىغان ئەسەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تۈپ-

ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. كىتابخانلار
قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلالمايدۇ. ئۇنداق ئەسەرنىڭ تەر-
بىيەۋى رولىمۇ زور بولمايدۇ.

تىپ ئادەتتە تىپىك شارائىت، تىپىك پېرسوناژ ۋە تى-
پىك ۋەقەلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى-
نىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، جەريانى ۋە نەتىجىسىنى ئۆز
ئەسىرىگە ئاساسىي سىيۇژېت قىلغان ئاپتور، شۇ قوزغىلاڭنىڭ
تارىخىي جەريانىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر تەھلىل، تەتقىق قىلغان،
ئاندىن تارىخىي مەسىلىلەرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى، مەزمۇنىنى
ۋە ماھىيىتىنى، شۇنىڭدەك تارىخىي ھەرىكەتنىڭ قانۇنىيىتىنى
تولۇقراق ئۆزلەشتۈرگەن. ئاپتورنىڭ تارىخنى قېتىرقىنىپ ئۆگە-
نىشى، تەتقىق قىلىشى، تاللىشى، پىششىقلىشى ۋە بەدىئىي يۈك-
سەكلىككە كۆتۈرۈشى نەتىجىسىدە، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى-
نىڭ پارتلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى رومانىنىڭ 34-35-
بەتلىرىدە ناھايىتى يىغىنچاق بايان قىلىنغان.

تىپىك شارائىت ـ بەلگىلىك تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىم-
ائىي تۈزۈم، سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىجتىمائىي ئىش-
لەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن
ئىبارەت. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تىپىك شارائىت توغرا تەسۋىر-
لەنمىسە، تىپىك پېرسوناژنىڭ تىپىك خاراكتېرىمۇ توغرا گەۋ-
دىلەنمەيدۇ. چۈنكى تىپىك خاراكتېر ھەر دائىم تۇرمۇشتىكى
قارىمۇ قارشىلىق ھەم كۈرەش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. تىپىك
شارائىتمۇ تىپىك پېرسوناژغا ئوخشاشلا كونكرېتلاشتۇرۇش بى-
لەن ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ، ئايرىملىق بىلەن ئومۇملۇقنىڭ، ھادى-
سە بىلەن ماھىيەتنىڭ بىرلىكى، پۈتكۈل چوڭ دەۋرنىڭ ئىج-

تىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن پېرسوناژلار ياشاۋاتقان ئالاھىدە، كونكرېت مۇھىتىنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

يازغۇچى ئا. ئۆتكۈر «ئىز» رومانىنىڭ 3- بابىدا، 20- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ، جۈملىدىن شامەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدىكى قۇمۇل خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇئەييەن ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ۋە بەزى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاپتور تىلى بىلەن بېرىدۇ. بۇنىڭغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا، ئەسەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئېپىزوتلىرىدا ئاساسىي قەھرىمانلار ۋە ياندىش پېرسوناژلارنىڭ تىلى-بايانلىرى ئارقىلىق پۈتكۈل جۇڭگو ۋەزىيىتىدىكى داۋالغۇپ تۇرغان ئومۇمىي ۋەزىيەتنى، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ئىخچام، جانلىق سۈرەتلەيدۇ. ئاندىن مۇشۇ چوڭ «ئىكران»غا پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدىغان شۇ بەلگىلىك دەۋرنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات يۆزىلىشىنى ئاساسىي «نۇرمەنبەسى» قىلىپ چۈشۈرۈپ، پۈتكۈل قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى جەريانىدىكى كونكرېت، ۋەكىل خاراكتېرلىك، كومېدىيەلىك ۋەقە كارتىنىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ-دە، شۇ ئارقىلىق دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن پېرسوناژلار ياشاۋاتقان ئالاھىدە، كونكرېت مۇھىتىنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكىنى تەدرىجى ماسلاشتۇرۇپ ئەسەر قاتناشچىلىرىغا پائالىيەت سەھنىسى ھازىرلايدۇ.

ئاپتور «ئىز» رومانىدا پۈتكۈل جۇڭگونىڭ داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيىتىنى ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي تور-

مۇشۇنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى سۈپىتىدە بايان قىلىنىش ئۈ-
چۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنى يان تەرەپ-
تىن قىستۇرما بايان ئۇسۇلى بىلەن بېرىدۇ. ئاندىن بۇ ئو-
مۇملۇقنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئىخچام بايان
قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ قۇمۇل، تۇرپان، ئىلى، ئۈرۈمچى
ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلارنىڭ شەپىسىدىن ئۇچۇر
بېرىدۇ. مانا مۇشۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ھاسىل قىلغۇچى كون-
كرېت ئورۇنلاردا بولۇۋاتقان ئەھۋاللار بىلەن شىنجاڭدا يۈز
بېرىۋاتقان شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى نامايەن قىلىپ،
بۇ ئايرىم ۋەزىيەتلەردىن نۇقتىلىق ھالدا قۇمۇل دېھقانلار قوز-
غىلىڭىغا كۆچىدۇ. قۇمۇل ئاغىلىرىدىن قورايىنى، قۇمۇل رايو-
نىدىن ۋاڭ ئوردىسىنى، ئۈرۈمچى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تې-
پىك مۇھىت سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. ئاپتور مانا مۇشۇنداق
تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئومۇملۇق بىلەن خاسلىقنىڭ
ئورگانىك بىرلىكىنى ھاسىل قىلىپ، ئۆز ئەسىرىدە تىپىك مۇ-
ھىتنى يارىتىدۇ. بىز «ئىز» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن تىپىك
شارائىت ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى
سىنىپىي كۈرەش ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ، ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى-
نىڭ، يەنى ئورتاقلىقىنىڭ قۇمۇل رايونىدىكى ئايرىم ۋەزىيەت-
تىن ئىبارەت روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولغان كونكرېت
شارائىت ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

«ئىز» رومانىدا ئاپتور تىپىك شارائىتنى يارىتىشتا مۇن-
داق ئۈچ نۇقتا بويىچە ئىلگىرىلىگەن.

بىرىنچى، ئاپتور ئىلى بىلەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى
كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىخچام بايان قىل-
غان. ئىككىنچى، ئومۇمىي ۋەزىيەت قىياپىتىنى ئېچىپ بېرەلەي-

دىغان ئايرىم جايدىكى تىپىك مۇھىتنى تەسۋىرلەشنى چەك تۇت-
قان. ئۈچىنچى، تىپىك مۇھىتنىڭ كەڭ دائىرىگە ئۆتۈشىنى، كەڭ
دائىرىدىن تىپىك مۇھىتقا شۇڭغۇپ كىرىشىنى زىچ ماسلاشتۇرغان.

ئېنگېلس: «ئادەم مۇھىتنى يارىتىدۇ، مۇھىتمۇ ئادەمنى يارىتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ ئادەم بىلەن مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇ قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى، تىپىك خاراكتېر تىپىك مۇھىتقا نىسبەتەن ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېگەنلىكتىن ئىبارەت. «ئىز» رومانىدا تىپىك مۇھىت بىلەن تىپىك پېرسوناژلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا ھەل قىلىنغانلىقتىن، تىپىك مۇھىت ئىچىدىكى تىپىك پېرسوناژلار (تىپىك خاراكتېر) خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان.

تىپىك مۇھىت تىپىك خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مۇئەييەن مۇھىت مۇئەييەن خاراكتېرنى شەكىللەندۈرىدۇ. مۇئەييەن خاراكتېر پەقەت مۇئەييەن مۇھىتتىلا مەيدانغا چىقىدۇ.

«ئىز» رومانىدا، ئىككى يۈز ئون سەككىزدىن ئارتۇق پېرسوناژ بار، بۇنىڭ ئىچىدە تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىرى پەقەت يەتتە پېرسوناژدۇر.

تىپىك پېرسوناژ-يۈكسەك ئىدىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان روشەن ئورتاقلىققا ھەم ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولغان پېرسوناژ ئوبرازىدىن ئىبارەت. تىپ يارىتقاندا، ئۇنىڭ ئورتاقلىقى قانچە چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل بولسا، مۇنداق ئەسەرنىڭ تىپىكلىكىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. تىپىك پېرسوناژنىڭ ئورتاقلىقى-ئەسەردىكى ئاساسىي پېرسوناژنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ بەلگىلىك ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى ناما-

يەن قىلالىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. «ئىز» رومانىدىكى تۆمۈر خەلپىنىڭ ۋۇجۇدىغا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر دېھقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىسيانكارلىق روھى، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ باتۇرلۇق جاسارىتى، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى، خۇراپاتلىق ئىلكىدە ئۇزۇن ياشىغان خەلقنىڭ ئىدىيەۋى ھالەتلىرى مەركەزلەشتۈرۈلگەن ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان. بۇ ـ ئۇنىڭ ئورتاقلىقى، شەخسىيىتىنىڭ ۋۇجۇدىغا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋەھشىيلىك، زالىملىقى، قانخورلۇق ۋە چىرىكلىك قاتارلىق ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلغان. بۇ ـ ئۇنىڭ ئورتاقلىقى.

ئەدەبىي ئەسەردىكى تىپىك پېرسوناژنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى قانچە روشەن بولسا، ئۇنىڭ تىپىكلىك قىممىتىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.

«ئىز» رومانىدىكى تىپىك ئىجتىمائىي پېرسوناژ تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدا شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مېھنەتكەشلەرنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسى، جەمئىيەتنى چۈشىنىشى، تۇرمۇش قارىشى... قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى روشەن گەۋدىلەنسە، ئۇنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىگە شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى، كىيىنىشى، سۆز ـ ھەرىكەتلىرى خىلى ئەتراپلىق سىڭدۈرۈلگەن. ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى باسىتقا «نىياز چېچى» قويۇشى، تۇمار ئېسىشى، رەھىمدىل ـ شەپقەتچانلىكى، مېھماندوستلۇقى، كەڭ قورساقلىقى، تۈز كۆڭۈللۈكلىكى، باتۇرلۇقى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ پەخەك ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. قىسقىسى، تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدا پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ھېس ـ تۇيغۇسى، مىجەز ـ خۇلقى، ئىشتىياقى، ئادىتى، پىسخىكىسى ھەمدە

ئۆزىگە خاس تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تىلى قاتارلىقلارمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

قەھرىمانلار ئوبرازىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ (ئىدىيىۋىلىكىنىڭ) ئىپادىلىنىش جەريانىدۇر. قەھرىمانلار ئوبرازى قانچە چوڭقۇر سۈرەتلەنسە ئەسەر ئىدىيىسى بارغانسېرى روشەن، مۇكەممەل ئىپادىلىنىپ بارىدۇ. مۇشۇ نۇقتىنى چىڭ تۇتقان «ئىز» رومانىنىڭ ئاپتورى باش قەھرىمان تۆمۈر خەلپىنىڭ ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈشتە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتنى يەتكىچە تارتقان جاپاكەش ئائىلىدە دۇنياغا كېلىشى، ئۇنىڭ ئون نەچچە يىل شامەخسۇتقا ھاشاغا ئىشلىشى، سەرگەردانلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشىدىن باشلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئىدىيىسىنىڭ بىخلىنىشى ۋە بۇ ئىدىيىنىڭ ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن تونۇشۇش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش نەتىجىسىدە بارغانچە ئۇلغايغانلىقى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ قومۇل تاغلىرىغا قايتىپ، بۇ ئىدىيىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى، ئۆز ئىدىيىسىنى قانداق قىلىپ خەلققە سىڭدۈرگەنلىكى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە شەرت ھازىرلىغانلىقلىرى ۋە خەلقنى باشلاپ كۈرەشكە ئاتلانغانلىقلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇلاشتۇرۇپ بايان قىلىدۇ. مۇشۇ جەريانلار تۆمۈر خەلپىدىن ئىبارەت يۈرىكىدە غەزەپ ئوتلىرى يالقۇنجىغان بىر قەيسەر دېھقانلار قوزغىلىڭى يولباشچىسىنىڭ جانلىق ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئۈنۈملۈك شەرت-شارائىت ھازىرلايدۇ.

تۆمۈر خەلپە ئۇرۇش جەريانىدا بامەسلىھەت ئىش كۆرىدۇ. قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلىمەن دېگەنلەرنى ئېلىپ قالىدۇ،

ئېيتىمەن دېگەنلەرنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدۇ؛ ئەسەر-لەرگە مۇۋاپىق مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن ئۇلارنىڭ قالدۇق كاتتىباشلىرىنىلا تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلىرىنى قويۇۋېتىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بىھۇدە قان تۆكۈشنى خالىمايدۇ. تۆمۈر خەلىپىنىڭ «خەلىپە» دەپ ئاتىلىشى، سەيپۇڭ توختىنى «جاجىسىنى خۇدا بېرەر» دەپ سولاپ قويۇشى، ئاخۇن قارى ئىمامنى («سىغىزخان»نى) قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە مۇھىم دىنىي زات سۈپىتىدە ئەتىۋارلىشى، ئوغلى باسىتنىڭ بويىنىغا تۇمار ئېسىشى، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدىكى تەقۋادارلىقى، ئاخىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئاننى تۇتۇپ قەسەم ئىچكەنلىكىگە ئىشىنىپ ئۇرۇشچىنى چېكىشى... قاتارلىقلار تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئوبرازىدىكى ئىندىۋىدۇئاللىقنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئۇنۇملۇك رول ئوينىغان.

تۆمۈر خەلىپە نېمە ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان شۇ جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشنى ئوبيېكتىپ جەمئىيەتنىلا ئەمەس، بەلكى سۇبيېكتىپ جەمئىيەتنىمۇ تونۇپ يېتەلمىگەن؟ ماركس بىلەن ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: «كىشىلەر پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىنقىلابىيلاشتۇرىدىغان ئىدىيە ئۈستىدە توختالغىنىدا، پەقەت بىر پاكىتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ كونا جەمئىيەت ئىچىدە يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئامىللىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن بولىدۇ. كونا ئىدىيىلەرنىڭ پارچىلىنىش قەدىمى كونا تۇرمۇش شارائىتىنىڭ پارچىلىنىش قەدىمى بىلەن بىردەك بولىدۇ» («گۇڭچەنداڭ خىتابنامىسى» دىن). تۆمۈر خەلىپە شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش شارائىتىنى ئانچە-مۇنچىلا ياخشىلاش نىيىتىدىن باشقا ئۇنىڭ نېرىسىدىكى تەسەۋۋۇرنى قىلالمىغانىدى. كونا تۇرمۇش ساقلىنىپ قېلىۋېرىپ، ئۇ پارچىلانمىسا (بۇزۇ-

ۋېتىلمىسە)، كونا ئەدىبلەرنى بۇزۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ «ئىنسانىيەت باشتىن-ئاياغ ئۆز ئالدىغا ئۆزى ھەل قىلالايدىغان ۋەزىپىنىلا قويۇپ كەلدى. چۈنكى ۋەزىپىنىڭ ئۆزى ئۇنى ھەل قىلىدىغان ماددىي شارائىت بارلىققا كەلگەن ياكى كەم دېگەندە شەكىل-لىنىۋاتقان ۋاقىتتىلا بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ئىنچىكە كۆزەتسەكلا بايقىيالايمىز» («سىياسىي ئىقتىساد پەيەنىگە سۆز بېشى» دىن).

«ئەزىز» رومانىدا ئامانقۇل ئوبرازى تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئامانقۇل ۋۇجۇدىدا 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەدرىجىي ھالدا مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان ساددا، ئۆز كۆڭۈل، زۇلۇمغا باش ئەگمەيدىغان، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىددى-يەۋى تەرەققىياتىدىكى «يېڭى» نامايەن بولىدۇ. بۇ شۇ دەۋر ئومۇملۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئامانقۇلدا باتۇرلۇق، ئاتا-ئانىغا ۋاپادارلىق، دوستلارغا سەمىمىيلىك بار، ئۇ ئۇياتچان. بۇلار ئۇيغۇرلارغا خاس مىللىي ئالاھىدىلىكنى نامايەن قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوۋچىلىققا خۇشتارلىقى، پالۋانلىق جاسارىتى، مەر-گەنلىكى، ئاتلىقلارغا خاس ئادىتى، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تۇرمۇش قارىشى قاتارلىقلار يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇلار ئامانقۇل ئوبرازىنىڭ تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىكى ئومۇملۇق. ئامانقۇلنىڭ كونكرېت تۇرمۇش شارائىتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، پىسخولوگىيىلىك خۇسۇ-سىيەتلىرى ھەم بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس ھېس-تۇيغۇسى، ھەۋىسى، ئادىتى، بىلىم سەۋىيىسى، تىلى قاتارلىقلار — ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدۇر.

ئاپتور ئامانقۇلنىڭ ئوبرازىنى ئاساسەن پسىخولوگىزم ئۇقتىسىدىن — ئۇنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، ئوي-پىكىرلىرى، روھىي كەيپىياتى قاتارلىقلارنى ئۇقتىلىق تەسۋىرلەش، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەتلىرىنى ياندىاش پېرسوناژلار تىلى بىلەن يان تەرەپتىن تەسۋىرلەش، ئاپتور تىلى بىلەن تەسۋىرلەش ھەمۋەقەلىك، زىددىيەتلەر راۋاجىدا ئۆز-ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈپ، موكەممەللەشتۈرگەن.

«ئىز» رومانىدا تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىككى سەلبىي پېرسوناژ بار: ئۇنىڭ بىرى — شامەخسۇت، يەنە بىرى — لى شۇفۇ.

ئاپتور «ئىز» رومانىنىڭ 12-بابىدا (150-، 151-بەتلەردە) قۇمۇل تارىخىنىڭ ئىخچام يەكۈنلىرىنى شامەخسۇت ئوردىسىدىكى مۇھىم كىشىلەر — نۇشىرۋان تەيجى بىلەن نورۇز ئەلەمنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق بېرىپ، روشەن سېلىشتۇرما ئىبلىپ بارىدۇ. بۇ سېلىشتۇرما ئارقىلىق قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ تارىخىدىكى ياخشى-يامان ھادىسىلەرنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ زالىملىقى، چىرىكلىكىنى، نادان ۋە قەبىھلىكىنى ئوچۇق سۈرەتلەپ، ئەسەردىكى بۇ باش سەلبىي پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى ۋاستىلىق تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بىلەن مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شامەخسۇت ئوبرازى تارىختا ئۆتكەن شامەخسۇتتىن نەچچە ھەسسە ئۇستۇندۇر. چۈنكى ئەسەردىكى شامەخسۇتنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۇيغۇر فېئودال ھۆكۈمەرانلىرىنىڭ ھەممە ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى مۇجەسسەملەندۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىمۇ — ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس خاراكتېرىمۇ روشەن ئىپچىپ بېرىلگەن.

دېمەك، رومانىدىكى لى شۇفۇ ئوبرازى يازغۇچى ئا. ئۆتكۈرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى زور ئۇتۇقلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئوبرازنىڭ تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش جەريانى پەقەت ئەسەرنىڭ كۇلمىناتسىيە قىسمىدىلا كۆزگە چېلىقسىمۇ، ئۇنىڭ تىپىكلىكى باشقا تىپىك پېرسوناژلاردىن ھەرگىزمۇ تۆۋەن تۇرمايدۇ.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا چەتتىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى كۆپ تەرەپلەپ مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىسىدە ئىچكىرىدىن چىققانلارنى يەرلىكلەر ئارقىلىق تىزگىنلەش، بىر ئۆلكىنىڭ ئادەملىرىنى يەنە بىر ئۆلكىنىڭ ئادەملىرى ئارقىلىق باشقۇرۇش، كۆپ مىللەتنى بىر-بىرىگە قارشى قويۇش ئارقىلىق تىزگىنلەپ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، دىن ئارقىلىق خەلقنى نادانلىق، خۇراپاتلىق ئىلكىدە قالدۇرۇش، كۆرۈنۈشتە خەلققە تېرىكچىلىك قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئاز-تولا ئېچىپ قويۇش، يەرلىك ئەمەلدارلارنى مەلۇم ئىمتىيازلار بىلەن چەكلەپ، خەلقنىڭ ئىسيان كۆتۈ-رۈشىگە ئىمكانىيەت قويماسلىق... تەك بىر قاتار «ئەلنى ئىدارە قىلىش» ئۆرنەكلىرىنى ئىشقا سالغانىدى. لى شۇفۇ ياڭ زېڭشىننىڭ ئەنە شۇ بىر قاتار تەدبىرلىرىنىڭ كونكرېت ئىجراچىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك شەخستۇر. ياڭ زېڭ-شىننىڭ چارە-تەدبىرلىرى ھەر قانچە «ئاقىلانە» لىك بىلەن تۈزۈلگەن تەقدىردىمۇ، لى شۇفۇدەك بىر «چېۋەر» ئىجراچى بولمىغىنىدا تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئەسلا مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. قوزغىلاڭنىڭ شۇنداق پاجىئە بىلەن نەتىجىلىنىشىدە باشقا نۇرغۇن ئىچكى، تاشقى ۋە تارىخىي سەۋەبلەر بولسىمۇ، ئەمما لى شۇفۇدەك تادان، ئىككى

يۈزلىمىچى، ئۆچىمىغا چىققان قوۋ، ئالدامچى بىر شەخسنىڭ ماھىرلىق بىلەن رول ئېلىشىدىن ئايرىپ قاراش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. لى شۈنفۇنىڭ ئوبرازىدا شۇ دەۋر شارائىتىدىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ، مۇستەبىت - مىللىتارىستلارنىڭ ئارزۇسى، خاھىشى، ئىدىيىسى مۇجەسسەملەنگەن بولسا، ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەت، قىلمىشلىرىدا شۇ دەۋر بارلىققا كەلتۈرگەن فېئودال ھۆكۈمران سىنىپ ۋەكىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نامايەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدا دىنىي تونغا ئورالغان بىر مۇناپىق، ئاسىي شەخسنىڭ مىجەز - خاراكتېرىمۇ كۆرۈنەرلىك گەۋدىلەنگەن.

### «ئىز» رومانىدا ئۆزگىرىشچان پېرسوناژ - سەيپۇڭ توختى ئوبرازىمۇ تېپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

شەيئىلەر ھامان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ماركسىزمچىلار ئېتىراپ قىلغان ئەقەللىي ساۋات. شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدە ئىچكى سەۋەب بىرىنچى ئامىل، تاشقى سەۋەب ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. سەيپۇڭ توختى ئەسلى كېلىپ چىقىش كەمبەغەل، ئۇمۇ زۇلۇمدىن قېچىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلغان ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتىدە دۇنياپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىكتەك يامان ئىللەت مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئىچكى ئامىل ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى تۈپ سەۋەب. ئۇ شۇ مەقسەت بىلەن (يەنى بايلىققا ئىگە بولۇش مەقسىتى بىلەن) قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدىكى ئىش تەقسىماتىدا ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قولغا كىرگۈزىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قانچە قېتىملىق نۇسرەت قازىنىشى قوشۇننى خېلى ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ. مۇشۇ ئىقتىسادىي ئاساسنى باشقۇرۇش جەريانىدا سەيپۇڭ توختىدا سۈپەت ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئەتىجىدە سەيپۇڭ توختى قوزغىلاڭنىڭ يېرىمىدىلا قارا نىيەتچى شەخسكە، خائىنغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

جۇڭگو تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن قوزغىلاڭلاردا بونداق ئەھۋاللار كۆپ بولغان. ئاپتور تۇرمۇش ھەقىقىتىگە ماس كەلگەن بۇ ھەقىقەتنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق كۆز قارىشى بويىچە ئەسەر مەزمۇنىغا سىڭدۇرۇپ، تارىخنىڭ قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. سەيپۇڭ توختىنىڭ ئوبرازىدا سىنىپىي ئۆزگىرىشچانلىق ۋە بۇنى شەكىللەندۈرگەن ئامىللار، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىندىۋىدۇئاللىق روشەن گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئۆزگىرىشچان تىپىك خاراكتېر ئوچۇق نامايەن قىلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «ئىز» رومانىدا يەنە قارا بوسۇق ۋە قاسىم قىزىقتىن ئىبارەت ئىككى تىپىك ئوبرازمۇ بار. قارا بوسۇق ئايىنىغان-ئۆزگىرىشچان ئۇنسۇر. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىقارارلىق، كالتە پەملىك، ساددىلىق، باتۇرلۇق ار. ئۇنىڭ مىجەزى چۇس، يۇمشاق قۇلاق، ھەسەتخور. ئۇ نېمە ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، كۆرەش قىلىشنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىنىڭ نېمىلىكىنى تازا ئېنىق ھېس قىلىپ كېتەلمەيدىغان، شۇ دەۋردە مەيدانغا چىققان ئىستىخىيىلىك بىلەن كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي دولقۇن ئىچىدە بارلىققا كەلگەن ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن، ھەقىقىي ئېنىق بولمىغان ئىسيانكارنىڭ تىپىدۇر.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيىتىنى ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق پائالىيىتى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈپ بارىدۇ. جەمئىيەتتىكى ماھىيەتلىك ھادىسىلەر ئەنە شۇ ئىككى پائالىيەتنى دەۋر

ئىلغان ھالدا مەيدانغا چىقىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت يارىتقۇچى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتقۇچىدۇر. مەنىۋى مەدەنىيەت — ماددىي مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىدۇر. بۇ ئىككى ساھە بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر-بىرىگە بېقىنىدۇ، بىرى يەنە بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

«ئىز» رومانىنىڭ ئاپتورى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىدىكى ئەنە شۇ دىئالېكتىكىغا ھۆرمەت قىلغان ھالدا، تارىخىي ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىنى پەلسەپىۋىلىك ئامىللارنى سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە قوشۇپ يۇغۇرۇش ئاساسىدا ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەسەردىكى قاسىم قىزىق ئەنە شۇ مەقسەتنى نامايەن قىلغۇچى تىپىك ۋەكىلدۇر.

ئەينى دەۋردە، تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بېغىشلىنىپ نۇرغۇنلىغان تارىخىي قوشاقلار توقۇلغان. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قوزغىلاڭ جەريانىدىكى ئەھمى-يەتلىك ئىشلارنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن شۇ ۋاقىت ۋە شۇ ئورۇن-نىڭ ئۆزىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ قوشاقلارنىڭ ئاپتورلىرى شۇ قوزغىلاڭچىلار ۋە شۇ دىياردىكى خەلق ئاممىسى. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە قاسىم قىزىقتىن ئىبارەت بىر پېرسوناژنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى «ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈش» پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شۇ تارىخىي قوشاقلارنىڭ «ئاپتورى»نى بىر كىشى سۈپىتىدە مەيدان-غا چىقىرىدۇ. بۇ يەردىكى كەپ يازغۇچى تەرىپىدىن شۇ تارىخىي قوشاقلارنىڭ «ئاپتورى» نىڭ ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانلى-قىدا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، تارىخىي قوشاقلارنى ئەسەر مەزمۇ-نىغا سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا-قوشاققا ھېرىسمەنلىكى، ئويۇن - چاقچاققا خۇشتارلىقى، خۇش پېئىللى-

نى، ماددىي مەدەنىيەت يارىتىش بىلەن بىرگە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشقىمۇ ماھىرلىقىنى نامايەن قىلغانلىقىدا.

ئاپتور قاسىم قىزىقىنىڭ توبرازىغا ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر دېھقان ئىسيانچىلىرىنىڭ كۈرەش سەھنىسىگە قەدەم قويغان دەۋردىكى ئىدىيەۋى ھالىتى، روھىي كەيپىياتى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىق ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرسە، ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئوچۇق كۆڭۈل، خۇشچاقچاق، مۇلايىم، ھازىرجاۋاب، خەلقىنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسىغا ئورتاقلىشالايدىغان، ھاياتنى قەدىرلەشنى بىلىدىغان قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرنى يىغىنچاقلىغان. نەتىجىدە قاسىم قىزىقىنىڭ توبرازىدا دەۋر روھى، سىنىپىي خاھىش، مىللىي ئالاھىدىلىك، يەرلىك ئالاھىدىلىك، ئومۇملۇق ۋە ئىندىۋىدۇئاللىق زىچ كىرىشتۈرۈلۈپ، بىر مەنىۋى ئوزۇقنىڭ تىپى يارىتىلغان:

«ئىز» رومانىدا يوقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تىپىك پېرسوناژلاردىن باشقا يەنە نورۇز داموللا، نۇشىرۋان تەيجى قاتارلىق يۇقىرى مەرتىۋىلىك زاتلار، رەۋىخان موماي، ئايقىز، خوجىنىياز پالۋان قاتارلىق ئىجابىي پېرسوناژلار؛ ياڭ زېڭشىن، نەزەر خوجا، ھاشىر تەيجى، نىياز دورغا، ئاخۇن قارى («سېھەرخان»، ئىشپىيون) قاتارلىق سەلبىي پېرسوناژلارمۇ خېلى مۇكەممەل يارىتىلغان. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەرىپەتپەرۋەر زات نورۇز داموللىنىڭ، ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر زات نۇشىرۋان تەيجىنىڭ توبرازى، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ زوراۋانلىقىغا يۈزلىنىشىنىڭ ئىچكى ئامىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ۋە ئۇنى تېزلىتىۋاتقان چېرىك تۈزۈمنىڭ ۋەكىلى نەزەر غوجىلارنىڭ توبرازى ناھايىتى جانلىق يارىتىلغان. ئەمما ئۇلار تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن.

2

ئەدەبىياتنىڭ باشقا سەنئەت شەكىللىرىدىن پەرقلىنىدى-
غان — كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ
تىل سەنئىتى بولغانلىقىدۇر. ئەدەبىياتنىڭ ئوبراز يارىتىشتى-
كى ۋاسىتىسى تىل. ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق قورالى ۋە ئاساسىي
ماتېرىيالىمۇ تىل. ماكسىم گوركىي: «ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى
مۇھىم ئامىلى تىل. تىل — ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق قورالى.
ئۇ ھەر خىل پاكىت، تۇرمۇش ھادىسىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئە-
دەبىياتنىڭ ماتېرىيالىنى تەشكىل قىلىدۇ... ئەدەبىيات تىل
ئارقىلىق ئوبراز، تىپ ۋە خاراكتېر يارىتىدۇ. تىل ئارقىلىق
رېئال ۋەقەلەر، تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە تەپەككۇر قىلىش جەر-
يانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ» دەيدۇ. بىر مۇنەۋۋەر تىل سەنئەت-
كارى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۆز مىللىتىنىڭ باي ۋە رەڭگا-
رەڭ تىلىنى ئىگىلەپ، خۇددى پاختا سۇنى شۈمۈرۈۋالغاندەك زور
تۈركۈمدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە سۆزلۈكلەرنى قوبۇل قىلىشى؛
فونتاندىن ئېتىلىپ چىققان سۇغا ئوخشاش كۆركەم ۋە يېقىم-
لىق تىل بىلەن سۆزلەشكە ماھىر بولۇشى؛ ئۇستا مەرگەندەك
ئۆزىنىڭ تىل ئوقىنى دە مەنا نىشانىغا دەل تەككۈزۈشى؛ مەنى-
سى ئوخشاشتەك بولغان ھەر بىر سۆزنىڭ ئىنچىكە پەرقىنى
نازۇك تارازىدەك ئۆلچىيەلىشى كېرەك. يازغۇچى پەقەت ئۆز مىللىتى-
نىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزىنى بېيىتقاندىلا ئاندىن ئۇنى ئەركىن قو-
لىنالايدۇ، ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك يازالايدۇ، ئوبيېكتىپ شەي-
ئى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

«ئىز» رومانىنىڭ ئۆز كىتابخانلىرىنى قاتتىق جەلپ قىلالىغان-لىقىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەل مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تىل بىلەنلا سۈرەتلىگەندە، پېرسوناژلارنى جانلىق قىلىپ يارىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئاپتور بۇ جەھەتتىمۇ ئوب-دان كۈچ چىقارغان. سەلبىي پېرسوناژ نىياز دورغا ئايىمىزنى كېلىنلىككە سوراپ، سەپەر قۇللارنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتكەن-دە، ئەلچى دەشنەم يەپ قايتىپ كېلىدۇ. ئەلچىدىن خەۋەر ئاڭلاش ئۈچۈن نىياز دورغىنىڭ ئۆيىدە داستىخان راسلىنىدۇ. داستىخان ئۈستىدىكى دىئالوگلار سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىگە ماس كەلگەن ھالدا بېرىلگەن:

— ئوردۇق ئۆيىنىڭ بوقى چوڭ، دەپ گادايلارنىڭ كىيىپ بەكلا يوغانغۇ!...

— شۇنى دېمەمدىلا دورغام، — دېدى ئەھەت كۆزۈك، — ھېلىقى ئامانقۇل دېگەن ھارامزادىنىڭ ماڭا مۇشت تەڭلىگىنىنى كۆرسىلە تېخى.

— خوپ قىپتۇ، بوقنى ئوتتۇرىدىن بۆلەلمەي مۇشۇكتەك مىياڭلاپ كەلگىچە، ئەدىپىنى بېرىپ قويسالا بولمامدۇ! شۇڭىمۇزە سېنىڭ ئېتىڭ ئەھەت كۆزۈك، قورۇق قوقولداشنىڭ باشقىنى بىلمەيسەن! — دېدى دورغا ئاچچىق بىلەن خۇددى دەۋردىنى ئۆزىنىڭدىن ئالماقچى بولغاندەك.

— گايىمىلا دورغام — دېدى ئۆردە ئولتۇرغان سېرىق ساقال كىشى، — ئەمما خۇدانىمۇ كۆزى يوق. زامان ئاخىر بولغاندا تېجىمەللەرگە مۈڭگۈز چىقىپ قالىدۇ، دېگەن راست گەپ ئوخشايدۇ. بۇ سەپەرقۇل دېگەن بىر نېمە مېنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالدى. مەن تېخىلا بولسا جامائەتنىڭ ئىمامى ئەمەسمىدىم. دۆلەتلىرى سايىسىدا ھوشۇر ئىمام دېسە مېنى ئۇنتىغىدىكى تاغدا بىلمەيدىغان كىشى يوق، ئەلھەمدۇلىللا! («ئىز» 51-، 52-بەتلەر)

كەچقۇرۇن نىياز دورغا ھوشۇر ئىمام بىلەن ئەھەت كۆزۈكنى قىچقارتىپ كېلىپ قاتتىق كايىدى. ھوشۇر ئىمامنى «جەلپەكچى موللام»، «ئېتى ئۆلۈك، سىزبۇرۇنسى قۇرۇق خەلپىتىم» دېگەن گەپلەر بىلەن مەسخىرە

قىلىپ، «ئاتا - ئانام كۆرمىگەن نەدىكى بىر قارا تۆرۈكتىن يېڭىلىپ قال-
دىلا، ئەمۋاللىرى شۇنچىلىكمىدى؟ ئەمدى ئۇ تىرجىمەللەرنىڭ قىلىي تېخىمۇ
ئېزۈدۈپ، گويى يوقىلايدۇ، باشقىلارمۇ ئۇلارنى دورايدۇ. كېيىنرەكتە تۇغ-
رى كىرسە، ئاتقۇچىنىڭ بىر تىيىننى كەس دەپ، ئەمدى ئۆزلەنى نې-
مە قىلسام بولاركىمەن؟» دېدى. ئەمەت كۆرۈكنى ۋەن ئاق قېپىي، نېمە
قىلىپ يۈردۈڭ؟ ياتنى كۆرسە ئىت چىشىدا قاۋايدۇ، بۇ يەردە يات بىر
ئادەم كەپقالغانلىقىنى بۇرۇنراق ئېيتساڭ بولامدۇ؟» دەپ سوراقنا قارتى-
تى، موشۇدۇ تىمام ئۇتتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك كىگىزنى ئاتلاپ چىق-
ئولتۇراتتى («ئىز»، 63-بەت).

ئاپتور يۇقىرقى ئابزاسلاردا تېپىك شارائىتتىكى پېرسو-
ناژ تىلى بىلەن يەرلىك زومىگەرلەر، دىنىي تونغا ئورىنىۋال-
غان دۆت - كالۋا «مۇتەۋەر»لەرنىڭ، يالاقچىلارنىڭ خاراكتېرىنى
ئىنچىكە قىلىپ سۈرەتلەپ بەرگەن.

«مەتەلمەئلىنولۇم» (ئىلىم مەنبەسى) دېگەن كىتابتا مۇنداق
دېيىلىدۇ: «مۇۋاپىق ئورۇندا تەمسىلەردىن، شائىرلارنىڭ
ياخشى شېئىرلىرىدىن، ھېكمەتلىك بايانلىرىدىن، ھەتتا ئۇلۇغ-
لارنىڭ سۆزلىرىدىن مىسال كەلتۈرۈلسۇن. جايىدا كەلتۈرۈلگەن
مۇنداق مىساللار ماقالا (ئەسەر) نىڭ پاساھەت ۋە بالاغىتى
(يېتۈكلىكى)نى زىيادە قىلىدۇ... خەلق ئىچىدە (ئىستېمالدا)
ئومۇملاشمىغان سۆزلەرنى، ياۋايى لۇغەتلەرنى (بىھۇدە توقۇپ
چىقىرىلغان چۈشىنىكسىز ئىبارىلەرنى) ماقالا (ئەسەر)دە كۆ-
تۈرۈپ چىقىشتىن يىراق بولۇش — ھەزەر قىلماق كېرەكتۇر.»
بۇ تەبىرلەر «ئىز» رومانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئاپتور ئەسەر مەزمۇنىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش يو-
لىدا رومانىدا ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىلىدىن 114نى ئىستې-
مال قىلغان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن
پارچىلىرىنى تاللاپ مۇۋاپىق ئورۇنغا قويغان. ھېكمەتلىك سۆز-

لەرنى مۇۋاپىق جايلاردا ئىستېمال قىلغان.

ئاپتور جانلىق تىل بىلەن ئەدەبىي تىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغان. يەرلىك خەلققە ۋەكىللىك قىلغۇچى پېرسوناژلارغا ماسلاشتۇرغان ھالدا قۇمۇل شېۋىسىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلسا، باشقا پېرسوناژلار تىلى، ئاپتور تىلى، قىستۇرما بايانلاردا ئەدەبىي تىلنى ئىشلەتكەن. ئەسەردە شېۋىنى مۇۋاپىق قوللىنىش ئەسەرنى قويۇق مىللىي پۇراققا، يەرلىك پۇراققا (ئالاھىدىلىككە) ئىگە قىلىدۇ، ئەسەر قاتناشچىلىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى يارىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. «ئىز» رومانىدا يەرلىك شېۋىنىڭ كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىشى ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەرقىي شىنجاڭ دىئالېكتىنى ئۆگىنىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە قىلغان.

3

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئوبراز يارىتىش، تىپىكلەشتۈرۈش، سيۇژېتنى پىششىقلاش، ئەسەر تۈزۈلۈشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تىل ئىشلىتىش ھەمدە ئۇسلۇب ۋە مېتود جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتكۈل ئەسەردىن قارىغاندا، بۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك ئىپادىلىنىشىنىڭ دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولغانسېرى بەدىئىيلىكىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

«ئىز» رومانىنىڭ ئاپتورى ئوبراز يارىتىش، تىپىك مۇھىت ئىچىدە تىپىك خاراكتېرنى شەكىللەندۈرۈش، سيۇژېتنى پىششىقلاش، تىپىك ۋەقەلەرنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرگەن ھال-

دا ئەسەرنىڭ كومپازىتسىيەسىنى ئىخچاملاش ۋە تىل قوراللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش جەھەتلەردە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ «ئىز» رومانىنىڭ ئورگىناللىقىنى يارىتىشقا كەلتۈرەلىگەن. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرىمىز:

بىرىنچى، ئەسەر قۇرۇلۇشى مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان. ئاپتور قىزىل دېڭىزلار قوزغىلىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىپ كۆرسىتىشتە، بىرىنچىدىن، ۋەقەلىكلەردىن پەقەت ۋەكىل خاراكتېرىنى ئالغانلارنىلا يەنى تارىخىي تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى، ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان ۋەقەلىكلەرنىلا تاللىۋالغان. ئىككىنچىدىن، نۇرغۇن تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى بىر-بىرلەپ سۈرەتلەشنىڭ ئورنىغا ئاپتور تىلى بىلەن ئىخچاملاپ بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۈچىنچىدىن، سەرلەۋھە (يەنى بابلارنىڭ ماۋزۇسى) بىلەن ئېپىزوت-تەپسىلاتلار ئورگانىك بىرىكىش ھاسىل قىلغان. تۆتىنچىدىن، ھەر بىر بابقا ئېپىگرافنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى سىڭدۈرۈپ، «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەتئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»نى ئۆز ئەسىرىدە نامايەن قىلغان.

ئاپتور رومانىنىڭ ئالتىنچى بابىنى باشلاشتا، ئالدى بىلەن «سەنمۇ گۇۋاھ بول، قۇياش!» دېگەن ئىبارىنى سەرلەۋھە قىلىپ تاللىۋالغان. ئاندىن 15-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامىنىڭ بىر ئابزاس ھېكمەتلىك سۆزىنى نەقىل ئېلىپ، شۇ بابنىڭ تەپسىلاتىغا كۆچىدۇ. بۇ بابتا ئاساسەن تاغ خەلقىنىڭ «تۆمۈر چارۋا سانىقى» جەريانىدىكى پاجىئەلىك ئەھۋالى ناھايىتى ئىخچام ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتور تېما بىلەن باش تېمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تېمىنىڭ شارائىتتىكى ۋەقەلىكنى ماھىرلىق بىلەن

سۈرەتلەپ چىقىدۇ. ئاپتور ئەنە شۇنداق پاجىئەگە قۇياشنى گۇۋاھلىققا كەلتۈرۈپ، ئىزىلگۈچى خەلقنىڭ داد- پەريادىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدۇ.

ئاپتور «ئىز» رومانىنى ئىمكان بار ئىخچام يېزىش ئۈچۈن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاپتور تىلى بىلەن ئىخچام بايان قىلغان. بەزى ۋەقەلەرنى تولىمۇ ئەپچىل، ئىخچام ئورۇنلاشتۇرغان. تۆمۈر خەلىپىنىڭ يالغۇز ئوغلى باسىتنىڭ بويىنىغا «تىل تۇمار» ئېسىلغانلىقى شۇنداق ئىخچام ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋەقەلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچ جەھەتتىن رول ئوينىغان: بىرى، تۇمارنىڭ ئېسىلىشى تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدىكى تەقۋادارلىقىنى ئېچىپ بېرىشكە خىزمەت قىلغان. ئىككىنچىدىن، تۇمارغا يېزىلغان خەتنىڭ پوچۇركىسى ئىشپىيون «سېغىزخان» نى ئېنىقلاپ چىقىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، «سېغىزخان» نىڭ تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە يېقىنچىلىق قىلىش يولى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە باش رەھبەر تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئىشەنچىسىگە تولۇق ئىگە بولۇش ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېچىپ كۆرسىتىشكە خىزمەت قىلغان. بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاپتور ئەسەرنىڭ ئورگانىكلىقىنى كۈچەيتكەن.

«ئىز» رومانى ئاپتورىنىڭ ئۇسلۇبىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك — ئاپتور ھەر بىر بابنى ئاياغلاشتۇرغاندا، ئېلىمىز كلاسسىكلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەن. مەسىلەن، «ئىتلارنىڭ تۇيۇقسىز قاۋاپ كېتىشلىرى

بۇ جەمجىتلىقنى بۇزۇپ ھەممەيلەننى خىيالدىن ئېرىغاتتى. ئامالدىقۇل «يەنە نېمە كەپتۇ» دەپ تالاغا چىقتى» (2-باب-نىڭ ئاخىرى، 29-بەت). ئاپتور بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن كىتابخانلارنى «ئارقىغا سېلىپ» ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقەلىكلەر ئارىسىغا باشلاپ كىرىدۇ-دە، كىتابخانلار ئۆز-لىكىدىنلا ئەسەرگە جەلپ قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئاپتور، ئوبرازلىق تىل سەنئىتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەسەرنىڭ ھەر بىر تەپسىلاتلىرىدىكى پىكىر-مەقسەتلىرىنى ناھايىتى ئوچۇق، روشەن، دەل ھەم چۈشىنىشلىك قىلىپ كۆچۈرۈپ ئاشۇرغان. مەسىلەن: ئاپتور شامەخسۇتنىڭ قاتمۇ-قات زۇلۇم چەككەن، ئاددىي-سادا، ئەمما خۇددى سەرەڭگە ياقسىلا لاۋۇلداپ كۆيىدىغان ھالەتكە يەتكەن قۇمۇل تاغلىرىدىكى كەڭ مېھنەتكەش خەلقنىڭ ھالىتىنى: «... چىچقىن تاغدا! كۆپىرەك چاقىدۇ، قارا بۇلۇت كۆپرەك يەردە ھاۋا قاتتىقراق گۈلدۈرلەيدۇ ئەمەسمۇ!» دەپ سۈرەتلەيدۇ («ئىز» 47-بەت). مۇنداقلا قارىماققا، بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ مەنىسى تاغلىق رايوننىڭ جۇغراپىيەۋى شارائىتىغا ماس كەلگەن تەسۋىرى سۆزدەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ سۆزلەر شامەخسۇت دەۋرىدە «تۆمۈر چارۋا» تۇزۇمىنىڭ كاساپىتىدىن «قۇياش نۇرى» نى كۆرەلمەي، پاجىئەلىك تۇرمۇش مۇھىتىغا چۈشۈپ قالغان تاغ خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈشكە خىزمەت قىلدۇرغان.

ئاپتور تىل سەنئىتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشتا، ئىستىلىستىك ۋاسىتىلاردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن كۆرۈش مۇمكىن:

... ئەگرى - بۈگرى ھارۋا يولىدا گۇزۇلدا سوزۇلۇپ مېڭىۋاتقان قوشۇن خۇددى ئۇۋۇ ئىستەپ كېتىۋاتقان يوغان بىر سوزۇلۇك يىلانغا ئوخشاپ كېتەتتى ... ( 230 - بەت ) .

كەچكۈزنىڭ سوغۇق شاماللىرى غېرىپ - مىسكىنلەرنىڭ چىرايىدەك سارغىيىپ كەتكەن غازاڭلارنى پەرىشان ئۇچۇرۇپ ... ( 350 - بەت ) .

«...ئاللا! ئاللا!» دېگەن قىقاس - چوقانلار ساينى تىترىتىۋەتتى. چېرىكلەر خۇددى ئوت كەتكەن جاڭگالدىكى ياۋا تۇڭگۇز پادىسىدەك ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئېتىپ، چېپىۋاتقىنىغا قارىماي قېچىشقا باشلىدى ... (272 - بەت).

بوستانلىقلاردا سوزۇن تىزىپ قولتۇرغان قارىسلار قوزۇقتان ئالاۋۇت قىلىشقا باشلاش بىلەن باللارمۇ تىنجىپ، جوڭلارنىڭ يانلىرىغا بوتىلاقتەك چۈكۈشتى (306 - بەت).

«ئىز» رومانىدا بۇنداق مىساللار كۆپ ئۇچرايدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئاپتورنىڭ پۈتۈن ئەسەردە كۆپلىگەن ماقال-تەمسىلنى قوللىنىشى، ئېپىگرافىك ئىبادىلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىشى، ھېكمەتلىك سۆز، جاناندەك سوزۇك شېئىرىي مىسرالارنى نەقىل كەلتۈرۈشى ۋە جانلىق تىل بىلەن ئەدەبىي تىلنى مۇناسىپ جايلاردا ئۆز رولىدا ئىستېمال قىلىشى قاتارلىقلار ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشتە زور رول ئوينىغانىدى.

ئۈچىنچى، «ئىز» رومانىدا كۆپلىگەن تارىخىي قوشاقلار ئۇچرايدۇ. بۇ قوشاقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بېغىشلانغان. ئاپتور ئۆز ئەسەردە قاسىم قىزىقتەك بىر ئىجابىي پېرسوناژنى يارىتىش بىلەن بىللە، ئەنە شۇ تارىخىي قوشاقلارنى ۋەقەلىكلەرگە سىڭدۈرگەن ھالدا ئەسەرنىڭ مۇناسىپ ئورۇنلىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇمۇ ئەسەرنىڭ مەز-

گېزىتى ئەدەبىيسىنى ئېچىپ بېرىشتە، بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇشتا ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان.

ئۈچىنچى، «ئىز» رومانىنىڭ ئىچكى بۆلەكلىرىدە مىللىي ئالاھىدىلىك روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. لېكىن بۇ ئالاھىدىلىكلەر كۆپلەپ توپلانغان ھەمدە تەرەققىي قىلىپ ئالاھىدە روشەنلەشكەن ۋە پىشىپ يېتىلگەن باسقۇچقا يەتكەن چاغدىلا، ئاندىن ئالاھىدە مىللىي ئۇسلۇب بولۇپ شەكىللىنىدۇ. مىللىي ئۇسلۇب بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. شۇڭا، مىللىي ئالاھىدىلىكنى تەھلىل قىلىش - ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بوش ئورۇن — تارىخىي رومانچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى كۆزىتىشتىكى يەنى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۆزىتىشتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر.

«ئىز» رومانىدا مىللىي ئالاھىدىلىكنى نامايەن قىلىدىغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى مۇناسىۋەتلىك ئېپىزوتلاردا چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ئەسەرنى قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە قىلغان. مەسىلەن: 24 - بابتا توي ئالدىدىن شېھىتلەر روھىغا ئاتاپ نەزىر بېرىلگەنلىكى، شېھىتلارنىڭ بالا-چاقىلىرى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قارىلىقىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن، ھەركىمگە ئۆز لايىقىدا بىرەر كىيىملىكتىن رەخت، دوپپا، كۆڭلەك قاتارلىقلارنىڭ قويۇلغانلىقى يېزىلغان. بۇنداق تەسۋىرلەش ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئىز» رومانىدا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆلۈم-يىتىم، توي-تۆكۈن ئىشلىرىدىن تارتىپ، ئاددىي پۇقرادىن-كىمگىچە، ھۆكۈمران تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن كىشىلىك ھاياتتىكى بېرىش-كېلىشلەرگىچە، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدىكى تەپسىلاتلاردىن تاكى مەنىۋى پائالىيەتلىرىگىچە، قايغۇ-مۇسىبەتلەردىن تارتىپ خوشال-خۇراملىق، كۈلكە-چاقچاقلىرىغىچە؛ تاغ خەلقىنىڭ مەشرەپ-بەزمىلىرىدىن تارتىپ چېلىش-بەيگىلىرى، مەرگەنلىك ماھارەتلىرىگىچە... تولۇق تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنداق تەسۋىرلەر رومانىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى بېيىتىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، «ئىز» رومانىنى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان.

خۇلاسىلىغاندا، «ئىز» رومانىدىكى ھەر قايسى بابلار ئۆز ئارا ماسلاشقان، بۆلەكلەر جىپسىلاشقان، پېرسوناژلار بىلەن ۋەقەلىك ئورگانىك باغلانغان. ھەر بىر قىستۇرمىمۇ رومانىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن، ھەر بىر دېتالمۇ بىر پۈتۈنلۈك ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

ئەسەرنىڭ پۈتكۈل سيۇژېت باغلىنىشىدا، ل. تولستوينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «كالا-پايلىق، خام سېمىز» لىك كۆرۈنمەيدۇ. گويا ئۇ مۇسكۇللىرى چىڭ بولۇپ يېتىشكەن قامەتلىك تەنھەرىكەتچىگە ئوخشايدۇ.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، «ئىز» رومانىنى تەپسىلىي ئوقۇغان كىتابخان بەزى يېتىشمەسلىكلەرنىمۇ ھېس قىلىدۇ: قوزغىلاڭنى ئۇيۇشتۇرغۇچى كىشىدىن پەقەت تۆمۈر خەلپىنىڭلا كونكرېت پائالىيىتى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەمدە بولغۇچى باشقا ئاساسلىق بىرەر

ئادەم كۆرۈنمەيدۇ. ئەسەردە تۆمۈر خەلپىنىڭ ئوقۇتمىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ تەسۋىرى كەم. پېرسوناژلارنىڭ پورترېت تەسۋىرى يەنى كىيىم-كېچەك، چىراي-شەكىل تەسۋىرلىرى كەمچىل، تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە ھادىسىلىرى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ پىسخىك ئۆزگىرىشلىرىنىڭ سىمۋوللۇق باغلىنىشلىق تەسۋىرلىرى يېتەرلىك دەرىجىدە بولمىغان. ئەسەردىكى ئوقۇتمىلىق پېرسوناژلار پائالىيىتى تەسۋىرىدە قىسمەن «ئۈزۈكلۈك» كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: 22-بابتا ھاشىر تەيجى بىلەن قېزىبەك غوجا ئوردىدىن قوغلىنىدۇ. (شامەخسۇت ۋاڭنىڭ بېشىغا ئۆلۈم خەۋپى چۈشكەندە ئۇلار جان پىدالىق كۆرسەتمىگەنلىكى سەۋەبلىك). ئەمما، 27-بابتا ئۇلار يەنە ئوردىنىڭ ئابرويلۇق ئەمەلدارلىرى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ھىيلىگەر ئەمەلدار لى شۇفۇنىڭ ئالدىغا سالامغا چىقىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئوردىغا قايتىدىن خىزمەت قىلىشقا كەلگەنلىكىنىڭ جەريانى، سەۋەبى قىسقىچە بولسىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنداق ئەھۋاللارغا ئاپتور كېيىنكى ئەسەرلىرىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكى، ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىمىنىڭ تۆۋەنلىكى، پىكىرلىرىمنىڭ چوڭقۇر بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ دەسلەپكى مۇلاھىزەمدە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ كۆپلەپ كۆرۈلۈشى چوقۇم. يولداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشلىرىنى قارشى ئالىمەن!

## ياخشى يېزىلغان رومان «ئىزدىنىش» توغرىسىدا

ۋۇيې

مەن «ئىزدىنىش» رومانى خەنزۇچە نەشرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، شۇنداقلا بۇ رومانىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ تۇنجى كىتابخانى. مېنىڭچە بۇ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان، چوڭقۇر ئىدىيەۋى مەزمۇنغا ئىگە، دەۋر نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان رومان. ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن قەلەم قۇۋۋىتى بىلەن ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبى ئارقىلىق كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلەيدىغان، كىشىنى ھاياجانلاندۇرالايدىغان قىلىپ يېزىپ چىققان. مەن بۇ رومانىنى ئەنە شۇنداق ھاياجان ئىچىدە قولۇمدىن پەقەتلا چۈشۈرگۈم كەلمەي، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ دېگۈدەك ئوقۇپ چىقتىم.

بۇ ئەسەر ھەقىقەتەنمۇ ئوقۇغانلار دەرماندا، ئوقۇمىغانلار ئارماندا دېگۈدەك ئەسەر ئىكەن. مەن بۇ رومانىنى پەقەتلا قويغۇم كەلمىگەن ھالدا ئوقۇپ چىقتىم ۋە ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. ئاخىرى ئۇستەلدە ئولتۇرالماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ـ دە، تېخى قىش پەسلى ئىكەنلىكى، ھاۋانىڭ سوغۇقلىقىغا قارىماي سىرتقا چىقىپ خىزمەت بىناسىنىڭ ئەتراپىنى بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىپ كەتتىم. ئاخىرى ئۆزەمنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشخانىغا كىردىم. مەن ئەدەبىيات ئوقۇغان، كۆپ يىل ئەدەبىي تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن

ئادەمەن. بۇ جەرياندا جوڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ بىر قىسىم
داڭلىق روماللىرىنى ئوقۇغان، يېزىلغان روماللارنىڭ ئاركىس-
ناللىرىنى كۆرگەنمەن. ئەمما ئەسەرنى ئوقۇپ بۇنچىلىك ھا-
ياجانلانغان ۋاقىتلىرىم ناھايىتى ئازبولغان.

ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇۋېتىپ ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي بېرىلىپ
كېتىدىغان ئەھۋال، مەن «ئىزدىنىش»نى ئوقۇۋاتقاندىلا بولۇپ
قالماي، ئۇنى ئوقۇغان باشقا يولداشلاردىمۇ بولدى. ئۇلارمۇ
بۇروماننى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشتى. ئۇندىن باشقا
ئۇيغۇرچىسىنىڭ قايتا نەشىر قىلىنىشىمۇ بۇ ئە-
سەرنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ
بېرىدۇ. قىسقىسى بۇ ئەسەر يېڭىچە، ئالاھىدە بولغان ئاجايىپ
ئەسەر ئىكەن.

بۇ روماننى ئومۇمىيۈزلۈك باھالاپ چىقىش ھەرگىز مې-
نىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، تۆۋەندە مەن ماڭا
تەسىر قىلغان بىر نەچچە نۇقتا ئۈستىدە ئۆز تەسىراتىمنى
سۆزلەپ ئۆتەي.

## 1. چوڭقۇر ئىدىيەۋى مەزمۇنغا ئىگە

بۇ ئەسەردە ئۇيغۇر يىگىتى ئەلانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ
ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئىلىم ئەھلى بولۇپ چىققانلى-
قى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئەلا ئەسلى تاللىنىپ ئىچكى ئۆلكى-
لەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن قابىلىيەتلىك ئوقۇغۇچى.
لېكىن «سولچىل»لۇشىيەنىڭ تەسىرىدە ھەرخىل قىيىنچىلىق-
لارغا ئۇچرايدۇ. بەزىبىر يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئۇنى
ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ: ئۇ يېزىغا ئەمگەك بىلەن ئۆز-

گىرىشكە بارىدۇ، بالا - چاقىسىدىن ئايرىلىدۇ. لېكىن بۇلار ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ تەتقىق قىلىش، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئىرادىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمەيدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق جاپالىق يىللاردا تىرىشىپ يېتىشىپ چىققان ياش زىيالىلارنىڭ تىپىك ئوبرازى. ئەسەردە بىر ئەۋلاد زىيالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەسەردە ئەلانى مەركەز قىلغان ھالدا بىر قىسىم تىپىك ئوبرازلار، مەسىلەن، كۆزەلئاي، رەقىپ، ئادىلە، ھاشىر قاتارلىقلار يارىتىلغان. بۇ ئوبرازلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئەلا ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىپىك شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

ئەسەردىكى ۋەقەلىك ئۈچ ئاساسىي لىنىيە بويىچە راۋاجلاندۇرۇلغان.

بىرىنچى لىنىيە — ئەلا بىلەن رەقىپنىڭ زىددىيىتى.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئەلا تېخنىكومنى پۈتتۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان ئۇلۇغ غايىگە ئىگە سوتسىيالىستىك يېڭى زىيالى ياش ئىدى. شۇڭا ئەڭ جاپالىق ئەڭ ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىغا بېرىپ ئۆزىنى خەلق مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاش نىيىتىگە كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ئۇيغۇر ئالىم ساۋۇتوۋ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقات خادىملىرىغا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ - دە، پارتىيىنىڭ ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىكى يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ھېچبىر ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلىدۇ - دە، غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنىگە بېلىم ئاشۇرۇشقا بارىدۇ. ئۇ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھەرگىز ئاڭسىز ھالدا قوبۇل قىلغان ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق ھالدا، بۇ بىلىم

ئاشۇرۇشنىڭ مەقسىتىنى ۋە ئەھمىيىتىنى بىلگەن ئەھۋالدا قوبۇل قىلغان ھەممە ئەدەبىيات تەتقىقاتى يولىدا ھارماي ئىزدىنىشقا بەل باغلىغان.

مانا بۇ ئەسەردىكى ئاساسلىق قەھرىمان ئەلانىڭ ئۆزىگە تاللىۋالغان تۇرمۇش يولى. ئۇ مىللەتنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت چوققىسىغا چىقىشقا ئىرادە باغلايدۇ، بۇ ئۇنىڭ غايىسى. سوتسىيالىستىك غايىدە گۈزەللىككە بولغان تونۇش ئۇنىڭغا ئىنتىلىش غايىسىمۇ بولىدۇ. يازغۇچى زوردۇن سابىر ئەلا ئوبرازى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىنى ئىپادىلەپ قويماقچىلا ئەمەس، بەلكى ئەلا ئوبرازى ئارقىلىق گۈزەللىكنى تونۇش جەريانىدىكى ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى ۋە غايىسى-نى ئىپادىلىمەكچى بولغان.

ئەلا ئۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنىگە كىرىد ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىدا يېڭى بىر بۇرۇلۇش پە؛ بولىدۇ. دەسلەپتە ئەلاغا ئوقۇش شارائىتى ناھايىتى تولۇ يارىتىلغان بولىدۇ، ئۇ بۇنى بىر ئامەت بىلىپ ناھايىتى تىرىد شىپ ئۆگىنىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ پاكولتېت مۇ-دىرى رەقىپ بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بو-لىدۇ. رەقىپ ئەلاغا زىيانكەشلىك قىلىپ يېزىغا چۈشۈرۈۋېتى-دۇ، بالا- چاقىلىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ.

ئەلانىڭ خاراكتېرى ئەنە شۇجاپا، بەختسىزلىكلەر ئىچىدە سۈرەتلىنىپ چىقىدۇ. ئۇ رەقىپكە نەپرەتلىنىدۇ. ئەم-ما ئۇنىڭ ئۆگىنىشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايلا يۈرىدۇ. ئاخىرى پەقەتلا تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇمۇ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

ئەمما قارشىلىقنىڭ ئاقىۋىتى يەنىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ. ئۇ گۈزەل غايە ئۈچۈن تىرىشىش يولىدا ئەنە شۇنداق بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرايدۇ. كونىلارنىڭ «جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن گېپى بار، مېنىڭچە بۇمۇ ئومۇميۈزلۈك ئىسپاتلانغان ھەقىقەت بولسا كېرەك.

ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇنداق چاپا تارتماي رەقىپ بىلەن بىرلىشىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇچاغدا ئۇ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە ئىگە بولاتتى. مەسىلەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە راھەتكە چىقاتتى، تويغۇپ تاماق يېيەلەيتتى، ياخشى كىيەلەيتتى، ھەتتا قىزغىنمۇ ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى. ئەڭ مۇھىمى سىياسىي جەھەتتە پۇت تىرەپ تۇرغىدەك ئورۇنغا ئىگە بولاتتى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇنىڭ گۈزەل شەيئىلەرگە بولغان ئىنتىلىش ئىرادىسى قىلچە ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ ئەلانىڭ خاراكتېرىدىكى نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ۋە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئەرپىسىدۇر.

ئىككىنچى، مۇھەببەت لىنىيەسى. بۇ ئەلا بىلەن گۈزەلئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئەگەر بىرىنچى لىنىيە ئارقىلىق ئەلانىڭ ئۆزىنىشىغا، ئۆز غايىسىغا بولغان ئىرىشچانلىق روھى ئىپادىلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭ گۈزەل غايىگە ئىگە بولغان يەنە بىر خىل ئىنتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ مۇھەببەت ۋۇجۇتقا چىقمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەلانىڭ ئوبرازىغا قىلچە نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئەلانىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەلا ئۆزىنىڭ قىياپىتى، بىلىمى بىلەن بىر چىرايلىق، مۇلايىم، ئۆزىگە كۆيىنىدىغان ھەمرا تاپالايتتى، ئەمما ئۇ

شۇ چاغدا ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «بۇرژۇئازىيىنىڭ خىيىمى» دېيىلىدىغان گۈزەللىكنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىزگە گۈزەللىكنىڭ ئوبرازىنى ئانالىز قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز ھەر قانداق شارائىتتا بىر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈشىمىز لازىم. گۈزەللىك ھېسسىياتچان، چىرايلىق قىز بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ يۇقىرى بولغان گۈزەل مەنزىلگە ئىنتىلىدىغان قىز. ئۇ ئۆگىنىشتە، مۇزىكا، شېئىرىيەتنە ئوقۇشنى خالايدۇ، مۇھەببەت جەھەتتە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان، ئۇنىڭغا تەلەپ قويغان شۇنچە كۆپ يىگىتلەرنىڭ ئىچىدىن ئەلانى تاللىۋالىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى جەھەتتىكى ئەڭ يۇقىرى ئىنتىلىشى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى بىردەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قايسىدۇر بىر ئۇلۇغ: «بىلىش ۋە چۈشىنىش مۇھەببەتنىڭ ئاساسى» دېگەن ئىكەن. ئەلا بىلەن گۈزەللىكتە مانا مۇشۇ ئاساس بولغاچقا، ئۇلاردا مۇھەببەت پەيدا بولغان. گۈزەللىكنىڭ ھاياتىدىكى تىراگېدىيە ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا ماددىي جەھەتتە ھەددىدىن ئارتۇق راھەت - پاراغەتكە ئىنتىلگەنلىكىدىن بولغان، مەسىلەن: شۇ ئۈچ يىللىق قىيىنچىلىق يىللىرىدا ئۇ تويىنى ئالاھىدە چوڭ قىلىشنى خالايدۇ، كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ئالماقچى بولىدۇ. ئەمما ئەلا ئۇنى رەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئۇنىمايدۇ. ئاخىرى ئۇلار توي قىلىپ، بەختكە چۆمىدۇ. ئۇلار تېخىمۇ گۈزەل بولغان ئەتىنى قۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىۋاتقان چاغدا، ئەلانىڭ بېشىغا ئاپەت كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئايرىلىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ

ئايرىلىپ كېتىشى تاشقى سەۋەبتىن بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇ جەرياندىكى بارلىق ئۇششاق دېتاللارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى مۇۋاپىق بولغان.

روماندىكى ئۈچىنچى لىنىيە، ئەلا، ھاشىر ۋە ئادىلەلەر ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلارچە دوستلۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلا ھاشىر بىلەن دوست، ئۇلاردا ئورتاق ئىرادە بار، شۇڭا ئۇلار ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ چەت، ئەڭ جاپالىق يەرگە بېرىپ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولماقچى بولىدۇ. كېيىن تەشكىلدىن ئەلانى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتمەكچى بولدى-دە، ئۇلارنىڭ بىرى يېزىغا بېرىپ مەدەنىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىمەكچى، يەنە بىرى بىلىمىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقماقچى بولۇشىدۇ. ۋەزىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە شارائىتىنىڭ پەرقى بۇ قەدىناس دوستلارنىڭ ئىدىيىسىدە داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل داۋالغۇش بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ دوستلۇقىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بېيجىڭدىكى ئۇچرىشىشى.

ھاشىر سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئۈچ چوڭ پەرقنى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان ئەمەلىيەتنىڭ تەڭسىزلىكىنى توغرا چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن بېيجىڭغا بېرىپ، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، «مەن ئەتىدىن كەچكىچە جاپالىق ئىشلىسەم، بېيجىڭلىقلار بۇ يەردە ئولتۇرۇپ راھەت كۆرۈۋېتىپتۇدەپ ئويلاپ، قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە بۇ غەزىپىنى ئەلاغا مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئەمما ئەلا ئۇنىڭغا قارىغاندا مەسىلىنى

ئېنىق كۆرگەن بولغاچقا بۇنىڭغا خاپا بولماي، ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ. بۇ خىل بوران-چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىككى دوست يەنە ئىناق بولۇپ قالىدۇ.

ئاپتور ئىككى دوستنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇشۇ بىر دېتال ئارقىلىق ئەلانىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن.

ئەلانىڭ ئادىلە بىلەن بولغان ئاكا-سىڭىللىدەك دوستلۇقىمۇ ئىنسانپەرۋەرلىك، ھېسداشلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان.

ئەلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، زەربە يېگەن، خورلانغانلارغا بەك ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ نام-ئابرويىنى دېمەستىن ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئادىلەدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىيىتى پەيدا بولغاندا ئەلا ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ھەر قانداق خەتەرگە قارىماي ئۇنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭ بالىسىنى يەنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى رەقىبىنىڭ بالىسىنى بېقىۋالىدۇ. مانا بۇ ئىشمۇ ئەلا ئوبرازىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۇرۇشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان، چۈنكى ئۆز دۈشمىنىنىڭ بالىسىنى بالا قىلىۋېلىش ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. ھازىر ياپونىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «ئاشىن»نى قويۇلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدا باش قەھرىمان ئاشىن قېيىنى ئانىسىنىڭ خارلىشى نەتىجىسىدە ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە يېڭى تۇغۇلغان بالىسىمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ قېيىنى سىڭلىسىنىڭ بالىسىنى ئىستىپ بېرىدۇ. بۇ ئىشنى ھەتتا ئۇنىڭ يولدىشى لۈگچەنمۇ خالىمىغان، بۇ ئاشىنغا بولغان يەنە بىر زەربە، دەپ تونىغان ئىدى، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن، بولۇپمۇ تاش يۈرەك قېيىنى

ئانىسىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ، ئاشىن ئۆزى قېيىن سىڭلىسىنىڭ بالىسىنى ئېتىپ بەرمەكچى بولىدۇ. ئاشىن شۇ چاغدا «مېنىڭ بالام ياخشى ئوزۇقلۇنۇشقا ئېرىشەلمەي ئۆلۈپ كەتتى، لېكىن مەن باشقىلارنىڭ بالىسىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشىم كېرەك» دەيدۇ. بۇ خىل كۆرۈنۈشلەردىن كېيىن ئاشىنىڭ ئوبرازى تاماشىبىنلار نەزەرىدە تېخىمۇ زورىيىپ، تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

«ئىزدىنىش» تىكى ئەلانىڭ ئادىلە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نام-ئابرويىنى قۇربان قىلىشىمۇ، ئەنە شۇ ئاشىنغا ئوخشاش، بۇ بىرىنىش بىلەن ئەلانىڭ ساپ قەلبى، ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئەلانىڭ ئادىلەنى ياتىقىدا قوندۇرۇپ قىلىشى، بەزىبىر كىتابخانىلارنىڭ باشقىچە بولغان پىكىرىنى قوزغىشى مۇمكىن، بەزىلەر «ئەلا بىلەن ئادىلە بىر ياتاقتا ياتسا قانداق بولىدۇ» دەپ روماندا تەسۋىرلەنگەن ئەمەلىيەتكە ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن بۇنداق ئويلاش بەدىئىي چىنلىققا ماس كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا روماندىكى بۇ ۋەقەلىك مەيلى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەسۋىرلەش جەھەتتىن پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلگەن. ئادىلە ياش، ساددا. شۇڭا ئۇ ئالدىنىپ كەتكەن، بۇ ھەرگىز ئۇنىڭ ئەخلاقى بۇزۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ سەرسان بولۇپ كوچىدا قالغاندا ئەلاغا يولۇقىدۇ، ئۇ ئەلانىڭ ھېسداشلىق قىلىشىغا، ئۇنىڭ تەسەللىسىگە تەشنا بولىدۇ، ئەلا ئارقىلىق رەقىبىدىن ئۆچ ئېلىشنى ئويلايدۇ. بۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئىپادىلىنىشى. بۇنى تامامەن چۈشىنىش مۇمكىن. ئەمما ئەلا پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ

دوستلۇقى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچى بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئادىلەگە ياردەم بېرىش ھېسسىياتى ئۇنىڭدىكى قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان.

بەدىئىيلىك بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككىسىنى پۈتۈنلەي بىر ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ. رېئال تۇرمۇشتا بولغان ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ۋەقە، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق ئەقىلگە سىغىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ بولىدىغان ئىش. مانا بۇ سەنئەت تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دېگەن سۆز. بۇ سەنئەتنىڭ ئىپادىلەشتىكى مۇقەررەرلىكى ۋە قانۇنىيىتى. مەسىلەن، كلاسسىك تىياتىر «لياڭشەنبەي بىلەن جۇيىڭتەي» دە، بۇ ئىككىسىنىڭ بىللە ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى، جۇيىڭتەينىڭ ئەرچە ياسىنىپ، لياڭشەنبەي بىلەن ئۈچ يىل بىر كارىۋاتتا يېتىپ قويىمۇ، لياڭشەنبەينىڭ ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى قىلچە سەزمىگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. بۇ تىياتىر قانچە يىللاردىن بېرى قويۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىكى بەدىئىي رېئاللىققا خەلق ئاممىسى گۇمان بىلەن قارىغىنى يوق.

## 2. ئالاھىدە بولغان بەدىئىي ئىپادىلەش

يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە باشقىلارنى دورىماي، خەققە ئەگىشىپ ماڭماي، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىلەرنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزىگە خاس، ئالاھىدە بولغان بەدىئىي ماھارەتكە ئېرىشكەن. «ئىزدىنىش» مانا شۇنىڭ ئۆرنىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ رومان بەزىبىر ۋەقەلىكلىرى بىلەن ئاتال-

مىش «جاراھەت» ئەدەبىياتىغا مەنسۇپتەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ روماندا پېرسوناژلارنىڭ يۈرەك قەلبىدىكى «جاراھەت» يېزىلىپلا قالماستىن (ئەگەر ئەسەر قۇرۇقتىن-قۇرۇق مۇشۇنداقلا يېزىلسا، ئۇ پاسسىپ ھالەتتە بولۇپ قالغان بولاتتى)، بەلكى بىر غايە ئۈچۈن ئىزلەنگۈچىنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى تەسۋىرلەنگەن، بۇ روماننى يەنە زىيالىيلار توغرىسىدا يېزىلغان رومان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭدا زىيالىيلارنىڭ ئىلىم-پەننىڭ پەللىسىگە چىقىشتىكى جاپالىق ئەجرى، ئۇلارنىڭ ماڭغان يوللىرى تەسۋىرلىنىپلا قالماي، گۈزەللىك ئۈچۈن ئىزلەنگۈچىنىڭ تەقدىرى ئىپادىلەنگەن.

ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە، ئاپتور بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا شەكىلۋازلىققا بېرىلمەي، ساپ ئىنقىلابىي رېئالىزم ئۇسلۇبى بىلەن ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى ئېچىپ بەرگەن؛ پېرسوناژلارنى ياراتقان. ئۇ بۇ ئاساسىي تېمىنى، ئۆزى ياراتماقچى بولغان پېرسوناژلىرىنى شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن جانلىق، روشەن، تىپىك قىلىپ ئىپادىلىگەن.

(٢) ئەسەردىكى تىراگېدىيە كومېدىيىلىك ئۇسلۇپ ۋە كەيپىيات بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

ئەسەردە مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە كومېدىيىلىك ئۇسلۇپ روشەن ئىپادىلەنگەن. ئاپتور زوردۇن سابىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە سادىقلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ بۇ ياخشى يېزىلغان ئەسىرىدە، ئاڭلىق ھالدا مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ پىشىق ئالاھىدىلىكىنى ياخشى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئۇ ئۆز ئەسىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان تۇرمۇش شارائىتىغا، شۆيۋەندىكى مىللىي باللارنىڭ تۇر-

مۇشى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇر-
مۇش ئادەتلىرى، مېھماندوستلىقى، ئىتتىپاقلىقى، كىيىم كې-
چەكلىرى قاتارلىق جەھەتلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان.

ئاپتور يەنە پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى ۋە پىسخىك خاراكتېرىنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا ئەسەردە ئۇيغۇرلاردىكى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن بولىدىغان كۈلكىلەر، ئۇلاردىكى يۇمۇرلۇق ھېسسىيات ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. ئەسەردە يەنە پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتە يۇمۇرلۇق ئوخشىتىشلار قوللىنىلغان. مەسىلەن، رەقىپىنىڭ بېشى كاۋىغا ئوخشىتىلغان، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ يۇمۇرلۇق تەسۋىرلەر بار.

«2» بۇ ئەسەردىكى گۈزەل ئىبارىلەر ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ تىل سەنئىتى ئىكەنلىكى ناھايىتى ياخشى ئىسپاتلانغان. بۇ ئەسەرنىڭ سۆزى جانلىق، ھېسسىياتلىق، گۈزەل، شۇڭا ئەسەر ئوقىغان كىشىگە بىر خىل ھوزۇر بېغىشلايدۇ. مەسىلەن، 3-باب «كەلگۈسى ئۈچۈن» نىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ بېشىغا يېزىلغان تەسۋىرلەر قالتىس يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ قىسىمدا بىر كۇبلېت خەلق ناخشىسىنىڭ تېكستى بېرىلگەن.

بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ تىپىك نامايەندىسى دەپ ئېيتىش مۇمكىن. ئەلىشىر ناۋايى ئەسەرلىرىدە، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەردە ناھايىتى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر بار. زوردۇن سابىرنىڭ بۇ رومانى ئەنە شۇنداق ئەسەرلەردىن ئوزۇقلۇق ئالغان، يەنە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىنمۇ ئوزۇق-

لۇق ئالغان. مەسىلەن، فرانسىيە يازغۇچىسى ھىيۇگونىڭ «خارلانغانلار» ناملىق ئەسىرىدىمۇ ناھايىتى كۆپ سالماقنى پەلسەپىۋى پىكىرلىك تەسۋىرلەر ئىگىلەيدۇ. زوردۇن سابىر ئۆز ئەسىرىدە مانا بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسلۇبىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبنى ياراتقان.

بۇ ئەسەردىكى روھى ھالەت تەسۋىرلىرى ۋە پەلسەپىۋى پىكىر تەسۋىرلىرى كۆپىنچە ھاللاردا باش قەھرىمانىنىڭ تەقدىرىدىكى مۇھىم ـ ھالقىلىق پەيتلەردە ياكى بولمىسا ئۇ ناھايىتى ئازابلىنىۋاتقان چاغدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەشمۇ ئۇنىڭ كىشىلىك ھايات توغرىسىدا يۈرگۈزىۋاتقان پىكرىنى، ئۇنىڭ ئىزدىنىشىنى، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ناھايىتى ماس كەلگەن.

(3) ئىجادىيەتتە يۈرۈنقى سەۋىيىدىن ئېشىپ، بۇنداق زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سەۋەپ.

كومىدىيە ئىستىلىستىكىسى تەتقىقاتچىسى يولداش چىن شياۋيىڭ زوردۇن سابىرنىڭ 1972 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلغىچە يېزىلغان پوۋېست، ھېكايىلىرىغا باھا بېرىپ: «بىز بۇ ئەسەرلەرنى 70 ـ يىللاردىكى ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇ ئەسەرلەرنىڭ يېڭى بىر رايوندا ۋە تېخىمۇ يۇقىرى بولغان قاتلامدا داۋاملىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەن بۇ خىل ئىزدىنىشنىڭ ھېچقاچان مېۋىسىز كۆچەت بولۇپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ بەلكىم بىر قېتىملىق بۆسۈش ئالدىدىكى تەييارلىق بولۇشى مۇمكىن» دېگەنىدى.

«ئىزدىنىش» نىڭ مەيدانغا كېلىشى يولداش چىن

شىاۋىيىڭىنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا بىز مەغرۇرانە ھالدا: زوردۇن سابىر ئۇن نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق ئاخىرى مول مېۋىگە ئىگە بولدى، دەپ ئېيتالايدىغان بولدۇق.

زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆز مىللىتىنى، شۇنداقلا خەنزۇ مىللىتىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ شىنجاڭدىلا ئەمەس، ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ تۇرغان. يېزىلارغا بېرىپ ياشىغان، ھەتتا بېيجىڭدىمۇ تۇرغان. شۇڭا ئۇ ئىزدىنىشتە باشقا يازغۇچىلار ئۇڭايلىقچە تاپالمايدىغان ۋەقەلىكنى بايان قىلغان. ئۇندىن باشقا ئەسەرنىڭ تىلى، پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى جەھەتتىمۇ ئالاھىدە بولغان. مانا بۇلار رومانىنىڭ ياخشى يېزىلىپ چىققىنىدىكى بىر مۇھىم ئامىلدۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، شېئىر ناھايىتى روناق تاپقان بىر ژانىر. رومانچىلىق بولساتېخى ياش، ۋاقتى ئۇزۇن بولمىغان ژانىر. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا بۇنداق بىر ناھايىتى ياخشى يېزىلغان رومانىنىڭ مەيدانغا چىقىشى، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ يەنە ئاپتورنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىن، كلاسسىك ئەسەرلەردىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن بىز ئاپتورنىڭ خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتەر ئەدەبىيات تارىخىدىنمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، رۇس، سوۋېت ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشلۇقى بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەسەردە، گىيوتې، بايرون، شېكىسپىر، بالزاك، لېۋ تولستوي، ناۋايى قاتارلىق قىرىق نەچچە داڭلىق يازغۇچى

تۇغرىسىدا گەپ بار. يىگىرمە نەچچە مەشھۇر ئەسەرنىڭ نامى ئېيتىلغان. ئۇندىن باشقا پەيلاسوپلار ۋە باشقا ئالىملار ئۇستىدىمۇ گەپ-سۆزلەر بار. مانا بۇلار ئاپتورنىڭ بىلىمىنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يولداش زوردۇن سابىر ئۆز بىلىمىنىڭ مول ئەدەبىيات ئاتموسفېراسى ئىچىدە ياشىغان، شۇنداقلا ئۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ياخشى تەتقىق قىلغان، تىل بايلىقىنى ئاشۇرغان، بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆستۈرگەن. مانا بۇلار ئۇنىڭ رومانىنىڭ ياخشى يېزىلىپ چىقىشىدىكى ئەڭ تۈپكى سەۋەبتۇر. ئاخىرىدا «ئىزدىنىش» نىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ كىتابخانلار بىلەن تېزرەك يۈز كۆرۈشۈشىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تېخىمۇ زور يۈكسىلىش ياسىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

论维吾尔长篇小说创作　（维吾尔文）
责任编辑：马合木提江　斯拉木

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆伊宁县印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　11印张
1987年1月第1版　1987年8月第1次印刷
印数：1——2,300

统一书号：M10098·1162　定价：0.85元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: جالال لوسا

书号：M10098·1162
定价：0.65元

10